
ئەركىن سىدىق يازمىلىرى (توركىتاب 2-قىسىم)

# غەرب مائارىپىدىكى يېڭىلىق ۋە ئىلغارلىقلار



ئەركىن سىدىق يازمىلىرى

(تور كىتاب 2 ـ قىسىم)

# غەرب مائارىپىدىكى يېڭىلىق ۋە ئىلغارلىقلار

ئاپتور: ئەركىن سىدىق (ئامېرىكا)

ئېلخەت: erkinsidiq@gmail.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: پىداكار

كىتاب مۇقاۋىسىنى لاھىيىلىگۈچى: ئەركىن سىدىق



ئاپتور: **دوكتور ئەركىن سىدىق (2016.12.14)**

# بېغىشلىما

مەن بۇ كىتابنى شەرىپ مۇئەللىم، سۇلتان مۇئەللىم، رەھمەتلىك ئايشەم ئاپپاي ۋە رەھمەتلىك ھاكىم جاپپار ئاكا قاتارلىق پېشقەدەم مائارىپچى ئۇستازلارغا بېغىشلايمەن.

ـ ئاپتوردىن

2017 ـ يىلى 20 ـ يانۋار

# ئۇيغۇر مائارىپىنى يۈكسەلدۈرۈشتە چەت ئەلدىكىلەر ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىيالايدۇ

— ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى—



1-رەسىم: ئايشەم ئاپپاينىڭ ئۆيىدە. بۇ رەسىمنى 2006-يىلى 8-ئايدا يۈرتقا بارغاندا چۈشكەن.

مەن يېقىندا مەزكۇر كىتاب ئۈچۈن بىر پارچە رەسىم ئىزدەۋېتىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ سابىق 1-قول باشلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ تونۇلغان پېشقەدەم مائارىپچىلىرىنىڭ بىرى رەھمەتلىك ئايشەم ئاپپاي بىلەن بۇرۇن بىللە چۈشكەن بىر پارچە رەسىم (يۇقىرىدىكى رەسىم) نى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ رەسىم ماڭا بۇرۇنقى مۇنداق بىر ئىشنى ئەسلەتتى:

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 1984-يىلى 5-ئايلاردا مەكتەپ بويىچە 30 دەك خەنزۇ، ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان ياش ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىنگلىز تىلى سەۋىيىسى چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشقا لاياقەتلىك بولغانلارنى تاللاپ چىقىش ئۈچۈن بىر ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانىغا قاتناشتۇردى. ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو مائارىپ مىنىستىرلىقى چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇتىدىغان كىشىلەرنى تاللاشتا، ئۇلارنى ئىنگلىزچە «English Proficiency Test» دېيىلىدىغان، قىسقارتىلىپ «EPT» دەپ ئاتىلىدىغان، ئۇيغۇرچە مەنىسى «ئىنگلىزچە سەۋىيە ئىمتىھانى» گە توغرا كېلىدىغان، مەملىكەت بويىچە ھەر يىلى بىر قانچە جايدا بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان بىر ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇپ، شۇ ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغانلارنى تاللايتتى. بۇ ئىمتىھاننىڭ تولۇق نومۇرى 100 نومۇر بولۇپ، 80 دىن يۇقىرى نومۇر ئالغانلار لاياقەتلىك بولاتتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ھېلىقى 30 دەك ئوقۇتقۇچىدىن ئىمتىھان ئالغاندىمۇ، ئاشۇ EPT ئىمتىھانىنىڭ سوئاللىرىنى ئىشلەتكەن ئىدى. گەرچە بۇ ئىمتىھانغا

قاتناشتۇرۇلغان ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى «مىنكاۋخەن» بولۇپ، ئۇلار ئىنگلىز تىلىنى ئالىي مەكتەپتە رەسمىي دەرس قىلىپ 3 يىل ئوقۇپ تۈگەتكەن بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا ئۇيغۇرلاردىن پەقەت مەن بىر كىشىلا لاياقەتلىك بولدۇم. مەن باشلانغۇچ 1-سىنىپتىن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە ئۇيغۇر تىلى سىنىپىدا ئوقۇپ، ئىنگلىز تىلىنى ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگەنگەن ئىدىم. بۇ ئىشتىن كېيىن ئايشەم ئاپپاي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بارلىق ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەردىن بولغان ياش ئوقۇتقۇچىلارنى بىر يىغىن زالىغا يىغىپ، بىر يىغىن ئاچتى. يىغىندا ئايشەم ئاپپاي بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن چەت ئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتىدىغان ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سانى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىدىغانلىقىنى، شۇڭا چەتكە چىقىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ھازىردىن باشلاپ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، تىل ئۆتكىلىدىن تېز ئۆتۈشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنداقلا «ھەنىم بولسىمۇ بىزگە خۇدايىم ئەركىن سىدىقنى بېرىپتىكەن. بۇ قېتىم ئاز سانلىق مىللەتلەردىن يالغۇز ئەركىندىن ئىبارەت بىرلا ئادەم لاياقەتلىك بولدى. ئىش بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق بولۇۋەرمىسۇن»، دەپ، ھەممەيلەننى مەندەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە سەپەرۋەر قىلدى. ئايشەم ئاپپاي سۆزلىگەندە ئۇنىڭ چىرايى ناھايىتى جىددىي بولۇپ، ئاۋازىمۇ تىترەپ چىقاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ناھايىتى پەرىشان بولۇۋاتقانلىقى ئۇنىڭ چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. يىغىنغا كەلگەن بارلىق ئوقۇتقۇچىلار ئىنتايىن جىمجىت ئولتۇراتتى. شۇ چاغدا مەن بىر تەرەپتىن ئايشەم ئاپپاينىڭ ئۆزۈم ھەققىدە قىلغان سەممىي سۆزلىرىدىن ناھايىتى قاتتىق ھاياجانلاندىم. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزۈمنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئايشەم ئاپپاي يىغىندا سۆزلەپ، ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىرىشىش ئۇسۇللىرى ھەققىدە توختالغاندا، مەن ئۆزۈمنىڭ بىر تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن قول كۆتۈردۈم. ئايشەم ئاپپاي ماڭا سۆزلەشكە رۇخسەت قىلغاندا، مېنىڭ پۈتۈن بەدىنىممۇ بىر خىل سۆز بىلەن تەسۋىرلىگىلى بولمايدىغان ھېسسىيات ئىچىدە تىترەۋاتقان بولۇپ، گەپلەرنى ئاغزىمدىن ئىنتايىن تەستە چىقاردىم.



2-رەسىم: ئايالىم ئامانگۈل بىلەن مەن 2006-يىلى يۇرتقا بارغاندا ئۈرۈمچىدىكى بىر قانچە ئۇستازلار ۋە ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىدىغان بىر قىسىم ساۋاقداشلار بىز ئۈچۈن بىر سورۇن تۈزۈپ، بىزنى كۈتۈۋالدى. ھەممە بىز شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتىكى مەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ئىشلارنى ئەسلەپ ئۆتتى. بۇ رەسىم شۇ چاغدا تارتىلغان. ئالدىنقى قۇر سولدىن 3-كىشى بىزنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى 5 يىللىق سىنىپ مۇدىرىمىز شەرىپ مۇئەللىم، 4-كىشى ئەينى ۋاقىتتىكى فاكۇلتېت مۇئاۋىن مۇدىرى سۇلتان جانبالاتوۋ مۇئەللىم، 5-كىشى بولسا ھوشۇر ئىسلام مۇئەللىم بولىدۇ. سۇلتان مۇئەللىم كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.



3-رەسىم: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا 1983-يىلدىن 1993-يىلغىچە مۇدىر بولغان رەھمەتلىك ھاكىم جاپپار ئاكا.

مېنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشۇمغا پېشقەدەم مائارىپچىلار ۋە ئۇستازلاردىن سۇلتان مۇئەللىم (2-رەسىمگە قاراڭ)، ئايشەم ئاپپاي ۋە مەرھۇم ھاكىم جاپپار ئاكىلار ئىنتايىن كۆپ ياردەم قىلغان. ئىنتايىن كۆپ كۈچ چىقارغان. 1988-يىلى ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىنمۇ ئايشەم ئاپپاي بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇردۇم. مەن يېڭى ئامېرىكىغا كەلگەن ۋاقىتتا ئايشەم ئاپپاي ئۆز قولى بىلەن ماڭا بىر قانچە پارچە خەت يېزىپ، مېنى ياخشى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن ئىدى. شەرىپ مۇئەللىم بىلەن سۇلتان مۇئەللىمنىڭ 1978-يىلدىن باشلاپ ماڭا بەرگەن ئىلھاملىرى ۋە ياردەملىرىنى مەن بۇ يەردە تولۇق تىلغا ئېلىپ بولالمايمەن.

مەن يېقىندا پېشقەدەم مائارىپچى ئۇستازلاردىن يەنە ياقۇپ ئاكىمىز ۋە مەرھۇم ھاكىم جاپپار ئاكىمىز قاتارلىق باشقا بىر قىسىم ئاكىلارنى، شۇنداقلا ياش ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى چەت ئەلگە چىقىرىپ ئوقۇتۇش ئىشىدا ئۆز ئىمكانىيىتىدىن پايدىلىنىپ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن پېشقەدەملەرنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇر دىيارىنىڭ سابىق رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئاكىمىزنىمۇ ئەسلىدىم. ھاكىم جاپپار ئاكىمىز شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ياش ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشى ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ چىقارغان. مەن 1985-يىلى تۇنجى قېتىم ياپونىغا ئەۋەتىلگەن ياش ئوقۇتقۇچىلار قاتارىدا ياپونىيەگە مېڭىشتىن بۇرۇن، 1-تۈركۈم ياپونىغا چىقىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا مەسئۇل بولۇپ بىر قىسىم ئىشلارنى قىلغان بولۇپ، شۇ جەرياندا ئاشۇ ئۇستازىمىز بىلەن ئۇنىڭ 3-رەسىمدىكى ئىشخانىسىدا كۆپ قېتىم پاراڭلاشقان. 1988-يىلى ياپوندىن قايتىپ كېلىپ ئامېرىكىغا ماڭغۇچە ئۇنىڭ بىلەن يەنە كۆپ قېتىم ئايرىم سۆھبەتتە بولغان ئىدىم. مەن ئىزدەپ كۆرسەم، ئۆزۈمدە ھاكىم جاپپار ئاكا بىلەن بىللە چۈشكەن بىرەر پارچە خاتىرە رەسىمىم يوق ئىكەن. شۇڭا ئالدىنقى كۈنى تورلارنى ئىزدەپ، 2015-يىلى ھاكىم جاپپار ئاكىمىز تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر تېلېۋىزور سۆھبەت پروگراممىسىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ پروگراممىنىڭ تور ئادرېسى مۇنداق ئىكەن:

http://www.xjtvs.com.cn/uyghurwy/zblm/5t/whzl/27118427.shtml



4-رەسىم: ئۇيغۇر دىيارىنىڭ سابىق رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئاكا بىلەن بىللە. مەن 1991-يىلى يازدا ئامېرىكىدىن يۇرتقا تۇغقان يوقلاپ بارغاندا، تۆمۈر ئاكىمىز مېنى بىر قېتىم ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، بىر سائەتتىن ئۇزۇنراق پاراڭلاشقان ئىدۇق. بۇ رەسىم شۇ چاغدا تارتىلغان. شۇ قېتىم تۆمۈر ئاكىمىز ماڭا ئۆزىنىڭ «تەڭرىتاغ بۈركۈتى ئەيلىدى پەرۋاز» دېگەن، مەن توغرۇلۇق يېزىلغان بىر پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن، 1991-يىلى شىنجاڭ نەشرىياتى بېسىپ تارقاتقان «دەۋر ئىلھاملىرى» دېگەن شېئىرلار توپلىمىدىن بىر نۇسخىسىنى ئىمزا قويۇپ تەقدىم قىلدى. ھەمدە مېنى چەت ئەلدە تىرىشىپ ئوقۇپ، كەلگۈسىدە يۇرتىمىز ۋە خەلقىمىز ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشۇشقا رىغبەتلەندۈردى. يۇقىرىدىكى شېئىر ئەركىن سىدىقنىڭ 3-كىتابى («ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى») نىڭ 19-بېتىدە بار.

مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ياقۇپ ئاكىمىز ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتى رەھبەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان 5 يىل جەريانىدا ئۇ مېنى باشتىن-ئاخىر ئىنتايىن قاتتىق قوللىغان ۋە ماڭا يېقىندىن ياردەمدە بولغان ئىدى. ئەمما مەندە ئۇ ئۇستازىمىز بىلەن بىللە چۈشكەن بىرەر پارچە خاتىرە رەسىم يوق ئىكەن.

مەن ئالدىنقى بىر-ئىككى ھەپتىنىڭ ئىچىدە يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ۋە ئېلىنمىغان پېشقەدەم مائارىپچى ئۇستازلارنى كۆپ ئەسلىدىم، ھەمدە ئۇلار ھەققىدە كۆپ ئويلاندىم. ئەينى ۋاقىتتا ئۆزۈمنىڭ ئۇلار بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. ئۇلارنىڭ مەندىن ۋە ماڭا ئوخشاش شۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن چەت ئەلگە چىققان باشقا ۋەتەنداشلاردىن كۈتكەن ئۈمىدلىرىنى يادىمغا كەلتۈردۈم. ھەمدە ئۆزۈمدىن مۇنداق بىر قىسىم سوئاللارنى سورىدىم:

--ئاشۇ پېشقەدەم ئۇستازلار بىزنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشىمىز ئۈچۈن ھېلىقىدەك زور كۈچ چىقارغاندا، كۆڭلىدە بىزدىن نېمىلەرنى ئۈمىد قىلغان؟

--مەن ئاشۇ ئۇستازلارنىڭ ئۆزۈمدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىيالدىممۇ؟

--مەن ئاشۇ ئۇستازلار ئۆزۈمدىن كۈتكەن ئىشلارنى قىلالىدىممۇ؟

--ھازىرقىدەك شارائىتتا بىز ئۇيغۇر مائارىپى ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيمىز؟

چەت ئەلدە ئوقۇغان ئۇيغۇر زىيالىيلار يۇرتىمىزنىڭ ئۇيغۇر مائارىپ ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىيالايدۇ. مېنىڭچە پېشقەدەم ئۇستازلار ئەينى ۋاقىتتا بىزنى چەت ئەلگە چىقىرىپ ئوقۇتۇشتا كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇلار ئەنە شۇ. يەنى ئۇلار بىزدىن چەت ئەلدىكى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن يۇرتىمىزنىڭ مائارىپىنى يۈكسەلدۈرۈش

ئۇچۇن يېگىچە تۆھپە قوشۇشنى ئارزۇ قىلغان. شۇڭلاشقا مېنىڭ ۋە 80-يىللاردا چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ، چەت ئەلدە تۇرۇپ قالغان باشقا بارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلارنىڭ پېشقەدەم مائارىپچى ئۇستازلىرىمىزنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۈمىدلىرىنى يەردە قويماسلىق مەجبۇرىيىتىمىز بار. مەن 1985-يىلى ياپونىيەگە ئوقۇشقا چىققاندىن بۇيان، چەت ئەلدە تۇرۇپ ئۆز مائارىپىمىزنى يۈكسەلدۈرۈش جەھەتتە قىلغىلى بولىدىغان بىر قىسىم ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپ ياشاشقا كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ كەلدىم. مەن قىلغان ئىشلارنىڭ بىرى ئامېرىكا ۋە تەرەققىي تاپقان باشقا غەرب ئەللىرى مائارىپىدىكى يېڭىلىق ۋە ئىلغارلىقلارنى ۋەتەندىكىلەرگە ۋاقتى-ۋاقتىدا تونۇشتۇرۇپ تۇرۇش. مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگىنى مەن ئەنە شۇ ساھەدە تەييارلىغان بىر قىسىم تور ماقالىلىرى.

ئوغلۇم دىلشات 2005-يىلى 14-ئاپرېل كۈنى ئۆزى ئوقۇۋاتقان ئوتتۇرا مەكتەپتە «مەملىكەتلىك شان-شەرەپ جەمئىيىتى» (National Honor Society) نىڭ «ئالتۇن جىلغا ئوتتۇرا مەكتەپ شۆبىسى» نىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىدا تەبرىكلەش نۇتقى سۆزلەپ، مۇنداق دېدى (شۇ چاغدا ئوغلۇم ئاشۇ شۆبە جەمئىيەتنىڭ رەئىسى بولغان ئىدى): «ئۆگەنگۈچى دېگەنلىك ئۆگىنىشكە بەل باغلىغان بىر ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. بىر ئوقۇغۇچى سائەت-سائەتلەپ كىتاب ئوقۇشنى ۋە ئۆگىنىشنى خالايدۇ، ھەمدە ياخشى تەربىيىلەنگەن روھىي دۇنيانىڭ مەڭگۈ تۈگىمەس پايدىسى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. بىزنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇشىمىز تاماملانغاندىن كېيىنمۇ بىز ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك، چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ تەلىم ئېلىش جەريانى ئۇنىڭ ھاياتى ئاخىرلاشقاندىلا ئاندىن ئاخىرلىشىدۇ. بىلىم ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئۇنى ئىگىلەشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار: سەممىيلىك ۋە تىرىشچانلىق. ئۆگىنىش بىر چىراغ بولۇپ، بىز ئۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئۆتمۈشنى ئوقۇيالايمىز، ھەمدە ئۆزىمىزنىڭ كەلگۈسىنى يورۇتالايمىز. كىشىلەر بىلىم ئارقىلىق تەمىن ئېتىلىدىغان پۇرسەتلەر ئارقىلىق ئۆز دۇنياسىنى كېڭەيتەلەيدىغان كۈچ-قۇدرەتكە ئىگىدۇر». (مېنىڭچە يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى ئوغلۇم ئۆزى يازمىغان بولۇپ، ئۇلارنى يۇقىرىقى مەملىكەتلىك شان-شەرەپ جەمئىيىتىنىڭ بىرەر ھۆججىتىدىن ئالغان ئوخشايدۇ).

بىر دۆلەت ياكى مىللەت تەرەققىياتتا دۇنيانىڭ ئالدىدا مېڭىش ئۈچۈن قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئامېرىكىلىقلارنىڭ قارىشىچە، ئۇ دۆلەت ياكى مىللەت چوقۇم تەبىئىي-پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق ۋە ماتېماتىكىدىن ئىبارەت 4 ساھەدە دۇنيانىڭ ئالدىدا مېڭىشى كېرەك. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپلا ئۆسمۈرلەرنىڭ مېڭىسىگە مۇشۇ ئۇقۇم بىلەن «قاتتىق تىرىشسا ھەر قانداق ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ» دېگەن ئۇقۇمنى سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. مەزكۇر كىتابتا ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مېڭىسىگە ئاشۇنداق ئۇقۇملارنى سىڭدۈرۈۋېتىشتە ئامېرىكىدىكى مەكتەپلەر قوللىنىدىغان ھەر خىل ئۇسۇللار تونۇشتۇرۇلىدۇ.

بۇرۇنقى كىتابلار بىلەن ئوخشاش، مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنى قەدىرلىك ئىنىم «پىداكار» تورغا چىقىرىشتىن بۇرۇن تەھرىرلەپ بەردى. بۇ قېتىم ئۇلارنى قايتا بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ، كىتاب ئۈچۈن تەييار قىلدى، ۋە كىتابنىڭ تور كىتاب ھۆججىتىنىمۇ بىر قوللۇق تەييارلاپ چىقتى. مەن «پىداكار» ئىنىمىزغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئاخىردا مەن بۇ كىتابنى شەرىپ مۇئەللىم، سۇلتان مۇئەللىم، رەھمەتلىك ئايشەم ئاپپاي ۋە رەھمەتلىك ھاكىم جاپپار ئاكا قاتارلىق پېشقەدەم مائارىپچى ئۇستازلارغا بېغىشلايمەن.

ئەركىن سىدىق

ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلېس شەھىرى

2017-يىلى 20-يانۋار

# مۇندەرىجە


ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى ...... 6

ۋەتەندىن كەلگەن بىر قانچە پارچە قىسقا خەت ...... 13

يېڭى يەن: تەسەۋۋۇر ئىنژېنېرلىقى ...... 18

ئامېرىكىنىڭ تېلېۋىزوردا شىركەت قۇرغۇچىلارغا ياردەم قىلىشى ...... 20

ئامېرىكا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى «كەسىپ تاللاش» پائالىيىتى ...... 23

مەكتەپ تاپشۇرۇقلىرى قانچىلىك بولسا ئەڭ مۇۋاپىق؟ ...... 31

ئامېرىكا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ دەرسى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى ...... 40

پاتېنت ھوقۇقىغا قانداق ئىلتىماس قىلىدۇ؟ ...... 45

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى خەلقئارا ئالەم پونكىتى بىلەن سۆزلەشتى ...... 49

ئۆيدىن ئايرىلىپ ئوقۇيدىغان ياشلارغا بىر قانچە تەۋسىيە ...... 53

ئامېرىكىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ «يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسى» پائالىيەتلىرى ...... 64

NASA دىكى «بالىنى ئىشقا ئاپىرىش كۈنى» پائالىيىتى ...... 77

NASA دىكى «ئىلىم ـ پەن مۇسابىقىسى» ...... 80

NASA نىڭ يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى ...... 84

بىر ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى كەشپىيات مەركىزى ـ ـ «ئويلاش ساندۇقى» ...... 86

NASA خادىملىرىغا ئۆتۈلگەن لىدېرلىق دەرسلىرى ...... 93

ئامېرىكىدىكى يېڭى ئىگىلىك پىلانى مۇسابىقىسى ...... 99

ئامېرىكىدىكى «ئوقۇغۇچى خىزمەتچى» دەپ ئاتىلىدىغان خىزمەت ئورۇنلىرى ھەققىدە ...... 106

NASA دىكى «دوكتۇر ـ ئاشتى تەتقىقات كۈنى» ...... 114

ستىۋىن خاۋكىڭغا ياردەم قىلىۋاتقان يېڭى تېخنىكىلار ...... 116

تېز كىتاب ئوقۇش ماھارىتى ھەققىدە ...... 122

ئالىي مەكتەپ تاللاشتا كەسىپ مۇھىممۇ ياكى مەكتەپمۇ؟ ........................ 128
شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر قىسىم پەرقلەر................. 130
ئامېرىكا ۋە جۇڭگو مائارىپىدىكى 12 پەرق.............................. 136
دۇنيادىكى ئىجادچانلىقى ئەڭ كۈچلۈك 16 دۆلەت ............................ 139
دۇنيادىكى ئادەملەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان 7 رايون.......................... 141
چۈشكەن ئىنكاسلاردىن تاللانمىلار.................................. 143
ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە ئوقۇش ۋە خىزمەت تارىخى ........................ 167

# ۋەتەندىكىلەردىن كەلگەن بىر قانچە پارچە خەت

ئىلاۋە: تۆۋەندىكىسى ماڭا ۋەتەندىكىلەر يازغان بىر قانچە پارچە خەت.  بۇ خەتلەردىكى ماڭا باھا بەرگەن قۇرلار ماڭا ئاساسىي جەھەتتىن ماس كەلمەيدىغان بولۇپ، مەن ئۇنداق قۇرلارنى ۋەتەندىكى قېرىنداشلارنىڭ مېنى رىغبەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن قىلغان يۈرەك سۆزلىرى، دەپ چۈشىنىمەن.  ئۆزۈمگە ئىجابىي ئېنېرگىيە، ۋە روھىي ئوزۇق ۋە يول كۆرسەتكۈچى بولسۇن ئۈچۈن، مەن ماڭا يېزىلغان خەت ۋە ئىنكاسلاردىن بىر قانچىنى، مۇشۇ يەرگە كىرگۈزۈپ قويدۇم. ھازىرقىدەك ۋەتەندىكى تور بەتلىرى تاقىلىپ كېتىدىغان، ھەممە بۇ خەت ۋە ئىنكاسلارنى بىر تور كىتابىغا كىرگۈزىدىغان ئىشلارنى ئالدىن مۆلچەرلىمىگەن بولغاچقا، ئەينى ۋاقىتتا بۇ خەت ۋە ئىنكاسلارنى ساقلاپ قويغاندا، ئۇلارنىڭ ئىگىلىرىنىڭ ئىسىملىرى ياكى تور ناملىرىنى بىللە خاتىرلىۋالماپتىمەن.  بۇنىڭ ئۈچۈن مەن تۆۋەندىكى يازمىلارنى يازغان قېرىنداشلاردىن ئەپۇ سورايمەن.

(1)

ئەركىن ئاكا كۆپ ئەجىر قىلىۋاتىسىز. ئۇيغۇرلار سىزنىڭ بۇ خالىسانە ئەمما مۇقەددەس ئەمگىكىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ھەر قېتىم مۇشۇنداق تېمىلارنى كۆرگەندە شۇنداق روھلىنىپ كېتىمەن. گەرچە تىرىكچىلىكنىڭ غېمى بىلەن تورغا كىرىش ئىمكانىيىتى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى تولۇق كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن.

قېرىنداشلىرىمىزدا ئۆزلۈك ۋە كىملىك ئېڭى كۈچىيىۋاتىدۇ.رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆلچەملىك شارائىتى تولۇق بولغان كىتابخانىلار قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ھەممە كۈندىن -كۈنگە ئاۋاتلىشىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ بۇ يىلقى كىتاب ئوقۇش يىلىنىڭ تۆرتكىسى بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە نۇرغۇنلىغان ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. مەن ئىشىنىمەنكى يېقىن كەلگۈسىدە ئۇيغۇرلاردىن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئالىم چىقىدۇ.

سىزگە شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇيغۇر ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىۋاتقان،ئۇيغۇرلۇق بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان قېرىنداشلارغا سالامەتلىك، خۇشاللىق، بەخت، ۋە تېخىمۇ كۆپ مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

سىلەرگە ئوخشاش ئالىملارنىڭ تۆرتكىسى بىلەن مانا بىزگە ئوخشاش خۇسۇسى سودىگەرلەرمۇ ئامال بار ئۆزىمىزنىڭ مىللەت ئالدىدىكى ئۇيغۇرلۇق بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز ئەركىن ئاكا.

قىيىنچىلىق ،ئازاب ئوقۇبەت،ھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان بېسىم ئۇيغۇر خەلقىنى تاۋلاۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە بىز مانا مۇشۇنداق بىر جەرياننى باشتىن كەچۈرۈشكە تۈلمۇ موھتاج.ئۇنتۇپ كەتكەن ئاشۇ نەچچە يۈز يىل جەرياندا تارىخى كۆمۈلگەن. ئۆزى ئۇنتۇلغان، ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بىزگە ئوخشاش بىر مىللەتنىڭ بۈگۈنكى كۈندە كەسكىن رىقابەت ئىچىدىكى يەرشارىدا قايتىدىن جۇلالىنىپ قەددىمىزنى رۇسلاپ تارىختا ياراتقان ئاجايىپ شانۇ-شەۋكەتلىرىمىزنى قايتىدىن يارىتىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن سىز ۋە بىزگە ئوخشاش ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. رايونىمىزدىكى كەسكىن رىقابەت جەرياندا بىزمۇ ھازىر راسا تاۋلىنىۋاتىمىز. پىشىپ يېتىلىۋاتىمىز. ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇق بۇرچىنى ئادا قىلىشنى مۇقەددەس بۇرچ ھېسابلاپ بۇ سەپكە قوشۇلۇۋاتقان

قىرىنداشلىرىمىز كۈندىن -كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ.

سىزگە سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن ئەركىن ئاكا. يازمىلىرىڭىز ئۇزۇلۇپ قالمىسۇن.

(2)

هۆرمەتلىك ئەركىن سىدىق ئەپەندىنىڭ سەمەرىلىك ئەجرگە خەلقىمىز چوقۇم چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتىدۇ . مەن ھەر قېتىم ئالىممىز ئەركىن سىدىق ئەپەندىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغىنىمدا قەلبىمدە بىر سىلكىنىش بولىدۇ. زادى بۈندىن كېيىن قانداق ياشاش توغرىلىق ئويلارغا پاتىمەن، ھەم يېڭى بىر تېرىشىش نىشانى بېكىتىمەن. مېنىڭچە ئەركىن ئەپەندىنىڭ ئادەمنى داۋاملىق ئالغا قاراپ قەدەم بېسىشقا ئۈندەيدىغان يازمىلىرىدىن ئوزۇۋق ئالمىغان تور ھەۋەسكارى بەكمۇ ئاز دەپ ئويلايمەن . ئۈلۈغ ئاللا سىزنىڭ ئۈيغۇر ئۈچۈن قىلغان ئەمگىكىڭىزگە لايىق ئەجىر بېرىدۇ .سىزنىڭ ھەر كۈنى كومپيۇتېر ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ بىز ئۈچۈن قىلغان ئەجرىڭىز چوقۇم يەردە قالمايدۇ .سىزگە كوپ رەھمەت ئەركىن سىدىق ئاكا!

(3)

«ئەركىنكا، مۇشۇ باللارنىڭ بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىشى توغرىسىدا تېما يوللىسىڭىز بولاتتى. هازىر باللارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ناھايىتى تۆۋەن، ئۇلار بۇنىڭ سەۋەبىنى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ مائارىپىغا ئارتىپ قويىدۇ. ئاز بولمىغان كىشلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇلارنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىكى، ياخشى ئۆگىنەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى تىرىشماسلىقىدا ئەمەس، بەلكى جۇڭگونىڭ مائارىپىدا، ئۇلارچە ئۇلار ئامېرىكىدا بولسا ئۆزى قىزىقىدىغان ئىشنى قىلىپ (بىراق ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ) غايەت زور ئىشلارنى قىلىۋېتەرمىش. ھەتتا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىكنى، ئۆگەنمەسلىكنى ئۆزىنىڭ دانالىقى ھېسابلايدۇ، تېخى ئۆگىنىشى ياخشى كىشلەرنى بولسا كالللىسى يۇيۇلۇپ كەتكەن دەپ زاڭلىق قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە جۇڭگو مائارىپىدا كەمچىللىك بار، لېكىن بىرگە بىرنى قوشسا جۇڭگودىمۇ ئامېرىكىدىمۇ ئىككى بولىدۇ، ئىنتېگرال بىلەن دىففىرىنسىيال جۇڭگودىمۇ ، ئامېرىكىدىمۇ ئوخشاش. نيۇتوننىڭ قانۇنى جۇڭگودىمۇ، ئامېرىكىدىمۇ ئوخشاشلا كۈچكە ئىگە. جۇڭگودىمۇ ، ئامېرىكىدىمۇ پروگرامما تۈزۈش ئۈچۈن C تىل، JAVA، PHP قاتارلىقلارنى ئۆگىنىش كېرەك. پەقەت بىزنىڭ ماركسىزمنى ئارتۇق ئۆگىنىدىغانلا يېرىمىز بار، باشقا بىلىملەر ھەممىسىلا ئوخشاش. بىراق بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە جۇڭگونىڭ ھەممە نېمىسىلا بولمايدۇ.

بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرمەكچى بولغان بىر نەچچە مەكتەپداش ئىنىم ئوقۇش پۈتتۈرەلمىدى، ئەيىبلىسەم قايىل بولماي گۇناھنىڭ مائارىپتا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، مەن گۇناھنىڭ مائارىپتا ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۈندە تورخانىغا كىرىپ «英雄联盟» ئوينىغانلىقىدا ئىكەنلىكىنى دېسەم، تورلاردا ئوقۇۋالغان جۇڭگونىڭ مائارىپىنىڭ ناچارلىقى، چەتئەلنىڭ مائارىپىنىڭ ئېسىللىكى توغرىسىدا دەرس سۆزلىدى. بۇ خىل ئەھۋال خىللا ئەۋج ئېلىپ قالدى، دىققەت قىلدىڭىزمىكىن، تورلاردىمۇ ھەدىسىلا ئوقۇمىغانلار يازغان ئوقۇغانلارنى ئەيىبلەيدىغان تېما كۆپ، ئىنكاسلاردىمۇ پات-پاتلا ئوقۇمىغان دانالىقنى پەش قىلىپ ئوقۇغانلارنى زاڭلىق قىلىپ قويىدۇ.

دۇنيادا مۇكەممەللىك مەۋجۇت ئەمەس، جۇڭگو مائارىپىدا كەمچىللىك بار، چەتئەل مائارىپىمۇ ھەم شۇنداق. جۇڭگونىڭ مائارىپىنى ئىمتىھان مائارىپى دەپ ئەيىبلىگەن بىلەن، خاتالاشمىسام چەتئەلدىمۇ ئىمتىھانغا ئېتبار بېرىدۇ، خارۋارد، ماسسا چۇستىس، ئوكسائورد قاتارلىق داڭلىق مەكتەپلەرمۇ ئىمتىھان نەتىجىسى يۇقىرى ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل

قىلىدۇ، ھەرگىز ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەرنى ئەمەس. تاشپولاتكاممۇ بىر تېمىدا ئامېرىكىدا ئۆگىنىشى ياخشى ئوقۇغۇچىلار بەك كۆپ بولغانلىقتىن، تېخىمۇ ياخشىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن نومۇرى يۇقىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيىتىنى سىلىشتۇرىدۇ دېگەن، دېمەك ئەڭ ئاۋۋال نەتىجە، يەنى ئۆگىنىش نەتىجىسى مۇھىم.

چەتئەلگە چىققانلار دامدام قىلىمەن دەپ ھەدەىدىن ئارتۇق ماختاپ، بۇ يەردىكىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇۋاتىدۇ. شۇڭا مائارىپ ئۆگىنىش توغرىسىدا ماقالە يازسىڭىز بولاتتى.»

(4)

## ئالىم ئەركىن سىدىققا

سەن ئوغلانى مۇشۇ زېمىننىڭ،
سەن ئەزەلدىن تارىم بالىسى.
قۇچاغلايدۇ سېنى خانتەڭرى
سەن يۇرتۇمنىڭ يۈرەك پارىسى.

تومۇرىڭدا ئېقىۋاتقىنى،
ئانا دەريا تارىمنىڭ سۈيى.
يۈرىكىڭدە ياڭراۋاتقىنى
مەڭگۈ ئۆلمەس ئۇيغۇرنىڭ كۈيى.

ئانا دېدىڭ ئانا يۇرتۇڭنى،
ئەمگەكچىكە سەن يۇرتۇڭدىن ئوغۇز.
بۈگۈن سېنىڭ جاسارىتىڭگە
قايىل ھەتتا ئاسماندا يۇلتۇز.

تۇرساڭمۇ سەن يىراق قىتئەدە،
مىللەت دېدىڭ، مىللىتىم دېدىڭ.
مىللەت بىلەن بولۇپ تەقدىرداش
ھەرچاغ ئۇنىڭ غېمىنى يېدىڭ.

بۈگۈن يەنە كەپسەن يۇرتۇڭغا،
ئەل قەلبىنى قىلدى پاياندار.
ئانا يۇرتۇڭ تىلەيدۇ سەندىن،
سەن بۈركۈتتەك قىل يەنە پەرۋاز.

(5)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم:

سىز مەن ئۈزۈندىن بېرى دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان مەسىلىنى سۆزلەپسىز. مەنمۇ دەل سىز ئويلىغاننى ئويلىغان، قايغۇرغان ۋە ھەل قىلىش يولىنى ئىزدەۋاتقانلارنىڭ بىرىمەن. مەن چەتئەلگە چىقىپ باقمىدىم. ئەمما يۇرتىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋاتىمەن، ئىنكاس قايتۇرۇش ئۈچۈن كۆزىتىۋاتىمەن.

مەن چەتئەلگە چىقىپ بىلىم ئېلىۋاتقان ۋە ياكى ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن ياخشى ياشاۋاتقان ئىرادىلىك ۋە قەيسەر كىشىلىرىمىزگە ئاپىرىن ئېيتىمەن. ئۇلار شۇنچىلىك تىرىشقانلىقى بەدىلىگە ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشىپتۇ، ھۆرمەت ۋە ئىززەت تېپىپتۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ياخشى كۈنلەرنى ۋە توغرا ئەقلىنى ئاتا قىلسۇن!

بىز مىللىي كىرزىسقا ۋە مەدەنىيەت ئاسسىمىلاتسىيىسىگە ئۇچراۋاتقانلىقىمىزنى ئاللىبۇرۇن ھېس قىلىپ يەتتۇق. دەسلەپتە تېڭىرقىدۇق، ھەيران قالدۇق، قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشنىمۇ بىلەلمەي قالدۇق. راست، بىز ھەققەتەن ئۆزىمىزنىڭ قىيىن كۈنلەرگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ يەتتۇق. بەزىلىرىمىز تىرىشىپ ياشاش ئىمكانىيىتى تېپىشقا ئاتالاندى. بەزىلىرىمىز كېيىنلىكىمىزنى ئويلىشىپ يات يۇرتلاردا ياشاشنى خالىدۇق. بەزىلىرىمىز جان باقارلىق قىلىۋاتىمىز. «تۈكىنىڭ يېتىشىغا، سۆڭىكىنىڭ ئېقىشىغا قاراپ» ئىش تۇتۇۋاتىمىز. ئەمما راست گەپ، بىز مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىمىزنى ئېلىپ قېچىۋاتىمىز.

مەن چەتئەلگە چىققان ۋە چىقماقچى بولۇۋاتقانلار بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ۋەتەندىكى مۇشكۇلاتلاردىن كۆڭلى رەنجىپ تىنچ، خاتىرجەم ماكان ئىزدەپ ماڭغانلار؛ بەزىلىرى ئىلىم-ئېرپان ئۈچۈن ھەر-ھەر قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەي، ئىلىمنىڭ بۈيۈك چوققىسى نەدە بولسا شۇ مەنزىلنى نىشانلاپ يولغا چىققانلار بولدى.

مەن ئۇلارغا قاراپ ئويلىنىپ كەتتىم. «قايتىپ كېلەمسىلەر؟» دەپ سورىدىم ئۇلاردىن.

___ ياق، ئەركىنلىككە تەلپۈنىمىز...

___ ئېتىقادىم ئۈچۈن كەڭتاشا ماكان بولسىلا بولدى...

___ بىلمەيمىز...

مەن يەنە تەگسىز خىياللارغا شۇڭغۇپ كەتتىم.

بەزى كىشىلىرىمىزنىڭ چەتئەلگە چىقىپ، ئەركىن ئازادە تۇرمۇشنى تاللىغانلىقىغا مەن خاتا قىلدىڭ دېيەلمەيمەن. بەزى كىشىلەرنىڭ بىر كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىگە قاراپ بىزدىن يۈز ئۆرۈدۈڭ دېيەلمەيمەن. ئۇلاردا شۇنداق بىر ئارزۇ بار ئىكەن، مەن ئۇلارنى قېلىپ قېلىڭلار دېيەلمەيمەن. ئەمما كۆڭلۈم بەكلا قايغۇرىدۇ. چۈنكى بىر توپ ئىچىدىكى ئەڭ سەرخىللار، ئاقىللار، بىلىملىكلەر، قابىللار كېتىپ، ئاجىز ئورۇقلار، ئەقلى كەمتۈكلەر، ياردەمگە موھتاجلار، گۆدەكلەر قېلىپ قالسا، شۇنچىلىك ئېغىر بېسىم ئىچىدە قالسا ئۇلارنىڭ كېيىنلىكى قانداق بولۇپ كېتەر دەپ ئەنسىرەيمەن.

ھەر نېمە بولۇپ كەتسەكمۇ ۋەتەندىن ۋاز كەچمەسلىك كېرەك. كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن، ساپ، پاك تۇغۇلغان يۇرتتىن ۋاز كەچمەسلىك كېرەك. چەتئەلدە ياشاۋاتقانلار، مېنىڭچە بولسا، قايتىپ كېلىشنى ئىرادە قىلسا قايتىپ كەلسۇن، ھەر نېمە بولسا تىلى بىر، دىلى بىر كىشىلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا بىر نېمە بولسۇن. مەن بەلكىم ئەقلسىزدۇرمەن، گەپ-سۆزلىرىم نادانلاردىن قىلىشقۇسىزدۇر ۋە بەلكىم. ئەمما ۋەتەننى خەققە تاشلاپ بېرىپ، چاپاننى مۈرىگە ئارتىپ چىقىپ كېتەلمەيمەن.

يۈرىكىم مۇجۇپ مۇجۇپ ئاغرىپ كەتتى. بىز چوقۇم بۇ رەھىمسىز ئۆزگىرىشلەرگە لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇشىمىز كېرەك. ئەگەر بىزدە تىلىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى سۆيىدىغان يۈرەك بولمىسا ئىدى، بىز بۇنچىلىك زەپىران چىراي، ھالسىز بەدەن بولماستۇق. ئەمما مەن ئۈمىدنى يۈتتۈرۈپ قويۇشنى خالىمايمەن. مەيلى نېمە بولسام بولاي، ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەيمەن. ئۈمىدنى يوقاتقانلىرىمىز ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇۋاتىدۇ. شۇڭا مەن دەيمەنكى، ئۈمىدنى يوقاتماڭلار،

گەر بېشىڭلارغا تاغ يىقىلسىمۇ...

بىرلا يول بار: سىز تىرىشىڭ، مەن تىرىشاي، ھەممىمىز تىرىشايلى. شەخسىيەتسىز تىرىشايلى، مەۋجۇدلۇقىمىز، ئېتىقادىمىز ئۈچۈن تىرىشايلى. بەلكىم بىرىمىزنىڭ ئۆمرى ھالىمىزنى ئۆزگەرتىدىغانغا يەتمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما ئەۋلادىمۇ ئەۋلاد تىرىشىشتا چوقۇم ئۆزگىرىش ھاسىل بولىدۇ.

ئويلىنىش ۋە تەپەككۇرغا يېتەكلىگەن سىزگە ۋە يازمىڭىزغا رەھمەت ئېيتىمەن. رەھمەتلىك ئىگەم ھەممىمىزنىڭ ھالىنى ياخشىلىشنى تىلەيمەن. مەيلى نەدىلا بولۇڭ، ئامان بولۇڭ!

(6)

بىر مىللەت، بىر جەمئىيەت زىددىيەت ۋە بېسىم ئىچىدە ياكى تەرەققىي قىلىدۇ ياكى غايىب بولىدۇ. شۇڭا بىز ئۈچۈن يول بىرلا—ئۇ بولسىمۇ يامانلىقتىن غالىپ كېلىپ ئالدىغا قاراپ مېڭىش. كىشىلىرىمىز ئارىسىدا جاھان كۆرگەنسېرى، ئۈچۈر ئالماشتۇرۇش كۈچەيگەنسېرى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ ئۆزىنىلا ئەمەس، كۆپنىمۇ ئويلايدىغان، خەلقىگە جۇملىدىن ياشلارغا قولىدىن كەلسىلا ياردەم بېرىشكە ئىنتىلىدىغان كەيپىياتنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقىدىن ھېس قىلىش مۇمكىن. ۋەھالەنكى، سىزدەك بىلىم ئىزدىگۈچىلەرنى قوللاشنى كۆپچىلىك قېرىنداشلىرىمىز بۇرچ ۋە شەرەپ دەپ بىلسىمۇ، ئەمما قوللاشنىڭ دەرىجىسى ۋە مەزمۇنى كىشىلەرنىڭ ياشاۋاتقان يەردىكى شارائىتى ۋە ئىمكانىيىتىگە بېقىپ ئوخشاش بولمايدۇ.

(7)

بىزنىڭ پەخىرلىنىشىمىزگە ئەرزىيدىغان ئۇلۇغ ئالىمىمىز، ھەم بىزنىڭ ئۈگىنىش ئۈلگىمىز.

تىرىش ئوغلان، تىرىش-تىرماش ئەجىرسىز كۈتمە ئامەتنى،
زەپەر مەغرۇر مەلىكە ھېچقاچان سۆيمەيدۇ نامەرتنى.
ئۆمۈر دەريا تېگىدە لۆجىلەر چۆكتۇرگىلى قەستلەر،
كۆپۈكتىن ئىزدىمە گۆلشەن قانائەتتىن سائادەتنى.

-----ئا. مۇھەممەتئىمىن

بىلەكنىڭ كۈچىگە ئىرەنسىز زامان،
قىلىچنىڭ زورىنى كۆتۈرمەس ئىنسان.
بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئىگىسى قەلەم،
پەن-بىلىم، يۈكسەك ئاڭ ھەققىي چوقان.

------كىن

# يېڭى پەن: تەسەۋۋۇر ئىنژېنېرلىقى

2013-يىلى 8-ئاينىڭ 16-كۈنى

تۈنۈگۈن، يەنى 2013-يىلى 15-ئاۋغۇست كۈنى، ۋولت دىسنېي شىركىتى (Walt Disney) نىڭ لاھىيىلەش ۋە قۇرۇلۇش پۇتتۇرۇشكە مەسئۇل بىرىنچى قول باشلىقى كرېگ (Craig Russel, Chief design and project delivery executiwe at Walt Disney imagineering) بىزنىڭ ئىدارىگە كېلىپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى بىلەن ناسا ئىشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ئۈستىدە بىر ئىلمىي دوكلات بەردى. ئۇ دوكلاتىدا نۇقتىلىق ھالدا «تەسەۋۋۇر ئىنژېنېرلىقى» دېگەن بىر پەن ئۈستىدە توختۇلۇپ ئۆتتى. بۇ پەننىڭ ئىنگلىزچە ئىسمى «imageering» بولۇپ، ئۇ ئىنگلىزچە «imagine» (تەسەۋۋۇر، قىياس، پەرەز قىلماق، ئويلىماق) دېگەن سۆز بىلەن «engineering» (ئىنژېنېرلىق ئىلمى، قۇرۇلۇش) دېگەن سۆزنىڭ بىرىكمىسىدىن ياسالغان. شۇڭغا ماس ھالدا «تەسەۋۋۇر ئىنژېنېرلىرى» (imagineers) دېگەن سۆزمۇ ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇ پەننى دىسنېي شىركىتى كەشىپ قىلغانمۇ ياكى باشقىلار كەشىپ قىلغانمۇ، مەن ئۇنى ئاڭقىرالمىدىم. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە بۇ پەن دىسنېي شىركىتى قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە چوڭقۇر سىڭىپ كىرىپ كەتكەنلىكى كرېگنىڭ دوكلاتىدىن ئېنىق بولدى. تاكى بۈگۈنگىچە مەن بۇ پەننى ئاڭلاپ باقمىغان بولۇپ، ماڭا ئۇ بىر يېڭى پەن بولۇپ تۇيۇلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن مەزكۇر يازما ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ۋەتەندىكى بۇ پەندىن تېخىچە خەۋىرى يوق ياشلارنىمۇ خەۋەردار قىلىپ قويۇش قارارىغا كەلدىم.

تورداشلارنىڭمۇ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، دىسنېي شىركىتى دۇنيادىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان چوڭ كۆلەملىك شىركەتلەرنىڭ بىرى. بۇ شىركەت ئائىلە كىنولىرى (ئاتا-ئانىلار بىلەن كىچىك بالىلار بىللە ئولتۇرۇپ كۆرىدىغان كىنولار)، بالىلار كىنولىرى، قورچاق كىنولار، كارتون كىنولىرى، ۋە فانتازىيە كىنولىرى قاتارلىق ھەر خىل كىنولارنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ دىسنېي باغچىسىغا ئوخشاش چوڭ كۆلەملىك باغچىلىرى بار. ھەمدە ئۇ مېھمانخانا، سودا سارىيى، ۋە ساياھەت پاراخودلىرى قاتارلىق ئىگىلىكلەر بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ.

دىسنېي شىركىتى گەرچە كۆڭۈل ئېچىش سانائىتى بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، ئۇ ئامېرىكىدىكى ناسا ۋە گېرمانىيىدىكى شىمېنز (Siemens) گە ئوخشاش يۇقىرى تېخنولوگىيە ۋە ئىنژېنېرلىققا پۇختا ئورۇنلار بىلەنمۇ ناھايىتى يېقىندىن ھەمكارلىشىدىكەن.

تۆۋەندىكى تور بېتىدە، دىسنېي شىركىتىدىكى تەسەۋۋۇر ئىنژېنېرلىرى قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بىر قىسمى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئىنگلىزچە بىلىدىغان تورداشلارنىڭ ئاشۇ تور بېتىنى بىر قېتىم كۆرۈپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەن ئىنژېنېرلىققا تەڭلا قىزىقىدىغان ياشلار ئۈچۈن، بۇ بىر غايىۋى كەسىپ ئىكەن. ياپونىيە نوپۇسىنىڭ 10 دىن بىر قىسمى ئاپتوموبىل سانائىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئىسرائىلىيە نوپۇسىنىڭ 4 تىن بىر قىسمى ئىنژېنېر بولۇپ، مېنىڭ بىلىشىمچە بۇ نىسبەت گېرمانىيىدە تېخىمۇ يۇقىرى. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى يازمىلىرىدا، ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيە، ۋە ئىسرائىلغا ئوخشاش ئىقتىسادىي جەھەتتە تەرەققىي قىلغان دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداق تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشتە ماتېماتىكا، ماتېماتىكىدىن باشقا تەبىئىي-پەنلەر، ئىنژېنېرلىق، ۋە يۇقىرى تېخنولوگىيە دىن ئىبارەت 4 نەرسىگە تايانغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەد كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنى چوقۇم ئاشۇ 4 ساھەدە تەرەققىي قىلدۇرۇشى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. بۇ چۈشەنچە «تەسەۋۋۇر

ئىنژېنېرلىقى» دىمۇ ئىنتايىن روشەن نامايان بولغان.

http://dep.Disney.go.com/search.html?q=Disney+imagineering&cat=0%2C0%2C0%3F&cmp=dep_psg_imagineering&s_kwcid=TC|1026874|%2BDisnéy%20%2Bimagineering||S|b|24111637784&gclid=CKTI55vQgrkCFYdxQgodHW8ADQ

# ئامېرىكىنىڭ تېلېۋىزوردا شىركەت قۇرغۇچىلارغا ياردەم قىلىشى

2013-يىلى 9-ئاينىڭ 21-كۈنى

تۇنۇگۈن ئىزدىنىش توربىكى «atella0997» ئىسىملىك بىر ئۇكىمىز مەن يازغان «مارستا ھازىر ھاياتلىق بولماسلىقى مۇمكىن» دېگەن تېمىغا ئىنكاس يېزىپ، مۇنداق دەپتۇ: «ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ يوللىغان بىلدۈرگۈڭلەرگە كۆپ رەھمەت. بولسا سانائەت، ئېلېكترون ۋە ياشاش كەسپىگە ئالاقىدار بىلىملەرنىمۇ يوللىغان بولساڭلار، ھازىرچە بىزلەرگە كائىنات بىلىملىرىگە قارىغاندا سانائەت بىلىملىرى ناھايىتى مۇھىم دەپ قارايمەن، گەرچە كائىنات بىلىملىرى ئۆز كەسپىڭلار بولسىمۇ، سانائەت بىلىملىرىگە بولغان نەزەر دائىرەڭلار يەنىلا بىزدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.» مەن بۇ تەكلىپنى ئىنتايىن ئورۇنلۇق كۆردۈم. بۇ تەكلىپنى ئورۇنلاش يولىدا قانداق قىلسام بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىش جەريانىدا، ئېسىمگە ئامېرىكا تېلېۋىزوردا ھەر ھەپتىسى بىر قانچە قېتىم قويۇلۇۋاتقان «لەھەڭلەر كۆلچىكى» (Sharks Tank) دېگەن پروگراممىسى كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ۋەتەندىكى قېرىنداشلارغا مۇشۇ پروگراممىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. بۇ پروگراممىنى ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ مەملىكەتلىك تېلېۋىزور شىركىتىنىڭ بىرى بولغان «ABC» شىركىتى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولۇپ، بۇ يەردىكى «ABC» دېگەن ئىسىم ئىنگلىزچە «American Broadcasting Company»(ئامېرىكا ئاڭلىتىش شىركىتى) دېگەن سۆزنىڭ باش ھەرپىدىن تۈزۈلگەن ئىسىمدۇر.

بۇ پروگراممىدىكى «لەھەڭلەر» بىر گۇرۇپپا مەبلەغ سالغۇچىلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ كىشىلەر ئەسلىدە پۇلى ئانچە كۆپ ئەمەس كىشىلەر بولۇپ، ئۆزلىرى قاتتىق تىرىشىپ، شىركەت قۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، شۇ ئارقىلىق مىليونېر ۋە مىلياردېر بولغان 5-6 كارخانىچىلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ تېلېۋىزور پروگراممىسىدا ئامېرىكىدىكى بىر يېڭى مەھسۇلات ياكى بىر يېڭى شىركەت توغرۇلۇق بىرەر يېڭى ئىدىيە تاپقان، ياكى بىر يېڭى مەھسۇلاتنىڭ سىناق نۇسخىلىرىنى ئىشلەپ چىققان ياشلار مۇشۇ «لەھەڭلەر» نى ئىزدەپ كېلىدۇ. بىر قېتىمدا بىر ياكى بىر گۇرۇپپا ياشلار بىر بىزەلگەن ئۈينىڭ ئىچىدە قاتارى ئولتۇرغان 5-6 مەبلەغچىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ يېڭى مەھسۇلات ياكى يېڭى شىركەت ھەققىدىكى ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. سىناق تەرىقىسىدە ياسالغان ياكى بىر قىسمى سېتىلغان مەھسۇلاتلىرىنى ئاشۇ لەھەڭلەرگە كۆرسىتىدۇ ۋە چۈشەندۈرىدۇ. ئاندىن ئاشۇ لەھەڭلەردىن ئىستەيدىغان مەبلەغنىڭ مىقدارى بىلەن شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەسىلەن، شىركەت قۇرغۇچىلارنىڭ شەرتى مۇنداق بولىدۇ: «ماڭا يۈز مىڭ دوللار مەبلەغ لازىم. بۇ پۇلنى پالانى، پالانى ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىمەن. بۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن سىزگە شىركەتنىڭ 10 پىرسەنتىنى بېرىمەن.» ئۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى 5-6 مەبلەغچىلەر بىردىن-بىردىن سۆزلەپ، شىركەت قۇرماقچى بولغانلاردىن سوئال سورايدۇ. بۇ سوئاللار ھېلىقى مەھسۇلاتنىڭ بازار كۆلىمى، يېڭىلىق كىرىمى، رىقابەتچىلىرى، تارقىتىلىش ئۇسۇللىرى دېگەندەك ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بىر مەھسۇلات ياكى شىركەتكە قىزىقىدىغانلار يۇقىرىغا ئوخشاش ئىنچىكە سوئاللارنى سورايدۇ. ھەممە شىركەت قۇرغۇچى بىلەن سودىلىشىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدىكى شىركەت قۇرغۇچى ئوتتۇرىغا قويغان شەرتكە نىسبەتەن «مەن ساڭا يۈز مىڭ دوللار بېرىمەن، ئەمما ئۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا شىركەتنىڭ 30 پىرسەنتىنى بېرىسەن.» بۇ شىركەت ياكى مەھسۇلاتقا ئىشەنمەيدىغانلار بولسا، ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «مەن بۇ ئىشقا قاتناشمايمەن» دەپ ئۆزىنى بىر چەتكە ئالىدۇ. مۇشۇنداق بىر جەريان ئارقىلىق بەزى

مەھسۇلات ياكى يېڭى شىركەت شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا بىر مەبلەغ سالغۇچىغا ۋە زۆرۈر بولغان مەبلەغ پۇلغا ئېرىشىدۇ. بەزىلىرى بولسا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي، بۇ سورۇندىن قۇرۇق قول قايتىدۇ. بۇ پروگراممىغا مېنىڭ ئىككى بالامنىڭ ھەر ئىككىسى ئىنتايىن قىزىقىدۇ. مېنىڭچە بۇ پروگراممىغا قىزىقىدىغانلار ھەقىقەتەن كۆپ. ئۇنداق بولىشىدىكى سەۋەب، ئەگەر سىز بىر مەبلەغ سالغۇچى بولسىڭىز، مۇشۇنداق بىر جەريان ئارقىلىق، بىكار ياتقان پۇلىڭىزدىن قىممەت يارىتىدىغان بىر يېڭى پۇرسەتكە ئىگە بولالايسىز. ئەگەر سىز بىر يېڭى شىركەت قۇرۇشنى ئىستەۋاتقان بىرسى بولسىڭىز، مۇشۇ پروگراممىا ئارقىلىق، قانداق مەھسۇلاتنى ئوتتۇرىغا چىقارسا مەبلەغگە ئېرىشىش ۋە شىركەتنى ئوڭۇشلۇق قۇرۇپ چىقىشتا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغىلى بولىدىغانلىقنى بىلىۋالالايسىز. مەزكۇر پروگراممىا 2012- ۋە 2013-يىللىرى ئامېرىكىدا چىققان رېئاللىقنى كۆرسىتىدىغان پروگراممىلار كاتېگورىيىسىدە بىر قانچە دۆلەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپتۇ.

مەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى قېرىنداشلاردىن ئۇيغۇر دىيارىدىمۇ مۇشۇنداق قىلىش ئىمكانىيىتىنىڭ بار-يوقلىقى ھەققىدە بىر ئاز ئىزدىنىپ بېقىشنى سورايمەن. ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدا ئانچە-مۇنچە سەنئەتتە تالانت كۆرسىتىش مۇسابىقىلىرى بولۇپ تۇرىدىكەن. بۇنداق پروگراممىلاردىن ئامېرىكىدىمۇ 5-6 سى بار بولۇپ، ئۇلار كىشىلەرنى ئىنتايىن جەلپ قىلىدۇ. شۇڭا بۇنداق پروگراممىلارنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىمۇ بولۇپ تۇرغىنى بىر ئىنتايىن ياخشى ئىش. ئوخشمايدىغان يېرى، ئامېرىكىدا يالغۇز سەنئەتلا ئەمەس، ئىنسانلار ئىگە بولغان ھەر خىل تالانتلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداق تالانت كۆرسىتىش پروگراممىلىرىدا كۆرسىتىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىنتايىن رەڭدار كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئامېرىكىدا ئەقلىي كۈچ بىلەن بىلىم كۈچى ۋە بىلىم دائىرىسىنى نامايان قىلىدىغان، مەملىكەتلىك تېلېۋىزورلاردا نەق مەيداندىن كۆرسىتىلىدىغان پروگراممىلاردىنمۇ ئوخشاش مىقداردا بار. مېنىڭچە ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلايمەن دەيدىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ئىككى ئىشنى جىددىي تۇتۇش قىلىپ قىلىشى كېرەك: (1) يىپەك يولى مەدەنىيىتىدىن كېلىپ چىققان ھورۇنلۇق خاراكتېرىنى يوقىتىش (مەسىلەن، ئۆزى مەھسۇلات چىقارماي، بىر نەرسىنى بىر يەردىن بىر سومغا ئېلىپ، ئۇنى يەنە بىر يەردە ئىككى سومغا سېتىپ جان بېقىشقا ئۇرۇنۇش خاراكتېرى). (3) مائارىپ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش. مەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى قېرىنداشلاردىن بۇ ئىككى مەسىلە ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشنى سورايمەن.

ئەمدى ئەسلىدىكى تېمىغا كەلسەك، مەن يۇقىرىدىكى ئۇكىمىزنىڭ تەكلىپىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇنىڭدىن كېيىن «لەھەڭلەر كۆلچىكى» دېگەن تېلېۋىزور پروگراممىسىنى داۋاملىق كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى ئۆزەم مۇۋاپىق كۆرگەنلىرى بىلەن ئۆزەم يېتىشەلىگەنلىرىنى تورلاردا قىسقىچە تونۇشتۇراي، دېگەن ئويغا كەلدىم. ئەمدى تورداشلارنىڭمۇ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، مەندە ۋاقىت قىيىنچىلىقى ئىنتايىن يۇقىرى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدىكى ئىشنى ئامېرىكىدىكى بىرەر ئىنژېنېرلىق كەسپىدە ئوقۇۋاتقان، ئۇيغۇرچە بىلەن ئىنگلىزچىنى پۇختا بىلىدىغان ھەر قانداق ئادەم قىلالايدۇ. شۇڭلاشقا ئامېرىكىدا مۇشۇ ئىشنى قىلىپ بېرەلەيدىغان قېرىنداشلاردىن بىرەرسى ياكى بىر قانچىسى بولسا، ناھايىتى ياخشى بولاتتى. مەزكۇر يازمىنى ئوقۇۋاتقان ئامېرىكىدىكى قېرىنداشلارنىڭ بۇ ئىش ئۈستىدە ئويلىنىپ بېقىشنى سەمىمىيلىك بىلەن سورايمەن.

دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە يېڭى تېخنولوگىيە ۋە يېڭى مەھسۇلاتلار توختىماي ۋۇجۇتقا كېلىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر ئۈچۈن بىر ئاز ئىش قىلىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىدىغان قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسىدىنمۇ «atella0997» ئۇكىمىزنىڭ تەكلىپىگە ئاۋاز قوشۇپ بېرىشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

ھازىرغىچە كۆرمىگەن قېرىنداشلارغا مېنىڭ «ئوقۇۋاتقان قېرىنداشلارغا بىر تەكلىپ» دېگەن يازمام بىلەن «muhakima» ئۇكىمىزنىڭ «ئالىملىرىمىز ۋە باغداشلىقلارغا جىددى مۇراجىئەت» دېگەن تېمىسىنى بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۇلارنىڭ تور ئادرېسى:

http://bbs.bagdax.cn/thread-19793-1-1.html
http://bbs.bagdax.cn/thread-19860-1-1.html

مەن چەت ئەلدىكى قېرىنداشلارغا كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپلا قىلغىلى بولىدىغان بىر ئىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇ ئىش تۆۋەندىكى يازمىدا ئازراق بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ ۋەتەندىكىلەرگە قانچىلىك پايدىسى بارلىقى، ئۇنىڭغا ۋەتەندىكىلەر قانچىلىك ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، تۆۋەندىكى 3 ئۇلۇنۇشتىكى ئىنكاسلارنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقىڭ. بۇ يازمىنىڭ ئۇيغۇر ئەرەپچە يېزىقى نۇسخىسىمۇ ئاشۇ 3 ئۇلانمىلاردا بار:
http://bbs.bagdax.cn/thread-20117-1-1.html
http://bbs.izdinix.com/ShowPost.aspx?ThreadID=55071
http://bbs.misranim.com/thread-111382-1-1.html

تۆۋەندىكى 1-رەسىم ھازىرقى «لەھەڭلەر كۆلچىكى» نىڭ ئەزالىرى، يەنى مەبلەغ سالغۇچىلار. 2-رەسىم بولسا شىركەتكە مەبلەغ ئېلىش ئۈچۈن لەھەڭلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەن ئىككى قىز.
http://abc.go.com/shows/shark-tank/about-the-show





# ئامېرىكا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى «كەسىپ تاللاش» پائالىيىتى

2014-يىلى 16-ماي

مەن ھەر قېتىم ئامېرىكىنىڭ باللار مائارىپىدىكى بىزگە يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلىدىغان ئىشلاردىن بىرەرنى كۆرسەم، ئۇنى ئۇيغۇر دىيارىدىكى قېرىنداشلارغا دەپ بېرىشكە ئالدىراپ كېتىمەن. مەن ئاشۇنداق ئىشتىن بىرىنى 2014-يىلى 9-ماي كۈنى كۆردۈم. ئەمەلىيەتتە يالغۇز ئۇنى «كۆردۈم» لا ئەمەس، مەن بىر كۈنلۈك خىزمەتتىن سوراپ، ئۇنىڭغا بېرىپ قاتنىشىپ، ئۇنىڭدا بىر كىشىلىك «كەسىپ ئەھلى» سۈپىتىدە سۆزلەپ بېرىش رولىنى ئوينىدىم. مەزكۇر يازمىدا مەن ئاشۇ پائالىيەتنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## 1. باشلانغۇچنىڭ «كەسىپ تاللاش كۈنى» پائالىيىتى

بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ ئىسمى «كەسىپ تاللاش كۈنى» (Career Day) پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ پائالىيەت كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلېس شەھىرىگە 50 كىلومېتىردەك كېلىدىغان «Santa Clarita» شەھىرىدىكى «Emblem Academy» دەپ ئاتىلىدىغان بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئېلىپ بېرىلدى. مېنىڭ بىر تونۇشۇمنىڭ بالىسى ئاشۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولۇپ، مەن ئاشۇ تونۇشۇمنىڭ تەكلىپى بىلەن مەزكۇر مەكتەپكە بېرىپ، 3 سىنىپ باللىرىغا ئايرىم-ئايرىم 20 مىنۇتتىن سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردىم.

مەن تاپشۇرۇپ ئالغان «تەكلىپنامە» خېتىگە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

«بىز ئۆز كەسپىگە ئائىت ئىشلارنى بىزنىڭ ئوقۇغۇچىمىزغا سۆزلەپ بېرىشنى خالايدىغان ئاتا-ئانىلار ياكى ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى ئىستەيمىز. بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئوخشىمىغان كەسىپلەر توغرىسىدىكى يېڭى ئۇچۇرلارغا داۋاملىق قىزىقىدىغان بولۇپ، بۇ پائالىيەت ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملەرنى كەلگۈسىدىكى كەسىپ پۇرسەتلىرى بىلەن باغلاشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرستىدۇر. ئەگەر سىز ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا ئۆز كەسپىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشنى خالىسىڭىز، بىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ.»

سىنىپلارغا كىرىپ سۆزلەپ بېرىدىغان كەسىپ ئەھلىلىرىدىن ھەر بىر سىنىپقا كىرگەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە سۆزلەپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان:

1. ئۆزىڭىزنى تونۇشتۇرۇڭ، ۋە ئۆزىڭىزنىڭ پەرزەنتى ياكى تونۇشىڭىزنىڭ پەرزەنتىنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرىڭ.

2. سىز قانداق قىلىپ ھازىرقى كەسپىڭىزگە قىزىقىپ قالغانلىقىڭىزنى، ھەمدە مەكتەپلەردىكى قايسى كەسىپلەر سىزنىڭ مۇشۇ كەسىپكە كىرىشىڭىزگە شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنلىكىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇڭ. ئۆزىڭىزنىڭ كۈنلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىڭىز، ئۇنىڭ ۋاقىت جەدۋىلى، ۋە ئاشۇ ۋەزىپىلەر ئىچىدىكى سىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىڭ.

3. بىزنىڭ مەكتەپ تۆۋەندىكى ساھەلەرنى ئۆزىنىڭ مائارىپ مەركىزى قىلدى: كەسپىي ئەخلاق (ethics)، تەبىئىي-پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق، كارخانىچىلىق، ۋە ماتېماتىكا. ئوقۇغۇچىلارغا سىزنىڭ كەسپىڭىز بىلەن

يۇقىرىدىكى بىز مەركەز قىلغان ساھەلەر ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىش بارلىقىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

4. سۆزلۈگەندە چوقۇم سىزنىڭ سۆزىڭىزنى ئاڭلاۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپ دەرىجىسىگە ئېتىبار بېرىڭ.

مەن ھازىرغىچە بىر قانچە سورۇنلاردا (مەسىلەن، ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسىنىڭ يىغىنىدا) ۋە ئۆزۈمنىڭ ماقالىلىرىدە بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىدا تەبىئي-پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق ۋە ماتېماتىكا قاتارلىق 4 نەرسىنىڭ ھالقىلىق رول ئوينايدىغانلىقىنى بىر قانچە قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. مەن بۇ قېتىم ئامېرىكىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆزى ئۈچۈن يادرو، دەپ قارايدىغان 6 نەرسىنىڭ ئىچىدىكى 4 نەرسە مەن بۇرۇن تىلغا ئېلىپ كېلىۋاتقان ئاشۇ 4 نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بەكمۇ تەسىرلەندىم، ھەمدە بىر ئاز ھەيران قالدىم. ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ قانچە پىرسەنتى مۇشۇ ئىشلارنى چۈشىنىدىغاندۇ؟ مەن بۇ يەردە ھەرگىزمۇ گۇناھنى ئۇيغۇرلارغا ئارتىپ قويۇۋاتمايمەن – مەن ھازىرقىدەك ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئۆز كونتروللۇقىمىز ئاستىدا ئەمەس ئامىللارنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن. مەن بۇ يەردە پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئامېرىكىلىقلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا بۇ جەھەتتە جىق ئارقىدا قالغانلىق ئەھۋالىغا ئۆكۈنۈۋاتىمەن.

مەندىن ھازىرغىچە ئېلخەت ئارقىلىق سوئال سورىغان ئۇيغۇر ياشلىرى ئىچىدە، كەسىپ تاللاش ئىشىدا مەسلىھەت سورىغانلار ئەڭ كۆپ. تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىش، ئالىي مەكتەپكە ئىلتىماس قىلىش، ۋە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە كەسپنى قانداق تاللاشنى بىلەلمەي، مەندىن مەسلىھەت سورىغانلار بار. مەن ئاشۇنداق ياشلارغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن بىر قىسىم ماقالىلەرنىمۇ يازدىم. ئۇيغۇر ياشلىرىدا كەسىپ تاللاش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنىڭ سەۋەبى، ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن ئاساسەن ھېچ قانداق كەسىپ تاللاش تەربىيىسى يوق. ئۇيغۇر دىيارىدىكى مائارىپچىلار «مۇشۇ جەھەتتە قىلغىلى بولىدىغان ئىشلار بارمۇ؟»، دېگەن سوئال ئۈستىدە بىر ئاز ئىزدىنىپ باققان بولسا.

مەن نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا توردا مۇنداق بىر خەۋەرنى كۆردۈم: جەنۇبتىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئانا تىل پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپتىكەن، ئۇ پائالىيەتكە بىر داڭلىق ئۇيغۇر شائىر كېلىپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. مەن ئۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. ئەمدى ئۇيغۇر دىيارىدىكىلەر بۇنداق پائالىيەتنى تەبىئي-پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق، كارخانىچىلىق، ۋە ماتېماتىكا قاتارلىق باشقا ساھەلەرگىمۇ كېڭەيتىشنى ئويلىشىپ باقسا بولىدۇ.

## 2. باللارنىڭ كەسىپ تاللىشىغا پايدىلىق باشقا پائالىيەتلەر

يۇقىرىدىكى «كەسىپ تاللاش كۈنى» پائالىيىتىدىن باشقا، ئامېرىكىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسىپ تاللىشىغا ياردەم بېرىدىغان يەنە تۆۋەندىكىدەك پائالىيەتلىرى بار:

(1) دالا سەپىرى (Field trip). ئوقۇغۇچىلار بىر كۈنلۈك دەرسنى تاشلاپ، مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا بىرەر داڭلىق جاينى، مەسىلەن، بىرەر داڭلىق شىركەتنى، ئېكسكۇرسىيە قىلىدۇ. بۇ پائالىيەتنى ئاساسەن باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئېلىپ بارىدۇ. بولۇپمۇ باشلانغۇچ مەكتەپ باللىرى ئۈچۈن بۇنداق پائالىيەت ئاساسەن ھەر يىلى دېگۈدەك بار. مۇشۇنداق پائالىيەتلەر بىلەن بىزنىڭ ئىدارىگە كېلىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىنتايىن كۆپ. بىزنىڭ ئىدارىنىڭ ئىچىدە بەزىدە توپ-توپ يەھۇدىي ئوقۇغۇچىلارنى كۆرىمەن.

(2) ئىلىم-پەن مۇسابىقىسى (Science Fair). مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يىلدا بىر قېتىم تەبىئي-پەن، تېخنولوگىيە ۋە ئىنژېنېرلىق ساھەلىرى بويىچە بىرەر تەتقىقات تۈرلىرىنى ئىشلەپ، بىر كۈنى ئۇنى ئۆز مەكتىپىدە كۆرگەزمە قىلىدۇ. بۇ ئاساسەن بىر مەكتەپ تاپشۇرۇقى تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. مېنىڭ ئوغلۇم باشلانغۇچتا بىر قېتىم بىر تال باتارېيە بىلەن ئايلىنىدىغان ئېلېكترونلۇق ماتور ياسىغان.

مېنىڭ بالىلىرىمنىڭ ھەر ئىككىلىسى باشلانغۇچ مەكتەپتىلا ئىلمىي تەجرىبىلەرنى قانداق ئىشلەشنى ئۆگىنىپ بولغان.

(3) ئوچۇق ئۆي (Open House) پائالىيىتى. بىزنىڭ ئىدارە ھەر يىلى ئىككى كۈن «ئوچۇق ئۆي» پائالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ 2 كۈن ئىچىدە بىزنىڭ ئىدارە سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلىدىغان بولۇپ، ھەر قانداق ئادەم بىزنىڭ ئىدارىگە كىرىپ، ئادەتتىكى زىيارەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلگەن يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ كۆرەلەيدۇ. بۇ كۈنلىرى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن تەييارلانغان مەخسۇس پائالىيەتلەر بار. مەسلەن، 6 چاقلىق مارسنى تەكشۈرۈش ماشىنىسىنىڭ بىر قىسمى بار بولۇپ، ئۇنى ئۆسمۈرلەر ئۆزلىرى ماڭدۇرۇپ كۆرۈپ باقىدۇ. بەزىدە بىر توپ بالىلارنى يەرگە قاتار تىزىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۇ ماشىنىنى ئۇلارنىڭ دۈمبىسىنىڭ ئۈستىدە ماڭدۇرىدۇ.

(4) ئالىي مەكتەپكە يېڭى كىرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن «كەسىپ تاللاش» پائالىيىتى. بەزى ئالىي مەكتەپلەر يىلدا بىر كۈننى تاللاپ، ھەر خىل شىركەتلەرنىڭ ۋەكىللىرىنى مەكتەپكە تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، ئالىي مەكتەپكە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز شىركەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن قانداق كەسىپنىڭ ئادەملىرى لازىملىقى، بىلىم، ماھارەت ۋە كىشىلىك سۈپەت جەھەتتىن ئۆزلىرى ئۈچۈن نېمە ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكى قاتارلىقلارنى سۆزلەتكۈزىدۇ.

(5) ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن خىزمەت تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى (Job Fair). يىلدا بىر قېتىم شىركەتلىرىدە بوش خىزمەت ئورنى بار شىركەتلەر ئالىي مەكتەپلەرگە كېلىپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز شىركىتىگە قوبۇل قىلىدۇ.

## 3. جەمئىيەتنىڭ بالىلارنىڭ كەسىپ تاللىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى

مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان پائالىيەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ھەر قانداقىغا بارسىڭىز، خۇددى بىر بايرام تەنتەنىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز. يەنى، ئامېرىكىنىڭ پۈتۈن جەمئىيىتى بۇنداق ئىشلارغا ناھايىتىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ. مەن بۇ قېتىم ھېلىقى باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىشتىن بۇرۇن، ئىدارەمنىڭ «مائارىپ ئىشخانىسى» غا كىرىپ، ئۆزۈمنىڭ ئاشۇنداق بىر پائالىيەتكە قاتنىشىدىغانلىقىمنى، ئەگەر ئىدارىدىن تەييارلاپ قويغان ماتېرىياللار بولسا، مەن شۇلاردىن ئازراق ئاشۇ 3 سىنىپقا ئېلىپ بارغۇم بارلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان بىر خانىم ماڭا ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، كائىناتقا ئائىت يېڭى بايقاشلار رەسىملىك چۈشەندۈرۈلگەن چوڭ قەغەزلىك رەسىم قاتارلىق خېلى كۆپ ماتېرىياللاردىن 3 نۇسخا تەييارلاپ، «NASA» دېگەن خەتى بار بىر پلاستىك سومكىغا سېلىپ بەردى. ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ مەكتەپلەر ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقى، ۋە مەكتەپلەر ئۆزلىرى بىلەن قانداق ئالاقىلەشسە بولىدىغانلىقى ھەققىدە ماڭا ناھايىتى ئەستايىدىل چۈشەنچە بەردى.

قىسقىسى، پۈتۈن ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ دىققىتى بالىلاردا.

## 4. مەن بارغان مەكتەپتە كۆرگەنلىرىم

يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمدەك، مەن بۇ قېتىم جەمئىي 3 سىنىپقا كىرىپ سۆزلەپ بەردىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 2 سىنىپ 3-يىللىق بولۇپ، يەنە بىرى بولسا 5- ۋە 6-يىللىقلار بىرلەشتۈرۈلگەن سىنىپ ئىكەن. مەن دەسلەپتە ئۆزۈمنىڭ كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپ بىر نەرسە ياساشقا ئالاھىدە قىزىققانلىقىمنى سۆزلەپ، شۇنىڭغا ئائىت مۇنداق ئىككى ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇنىڭ بىرى، مەن باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، ئۆزۈمدىن ئىككى ياش چوڭلۇقتىكى ئاكام بىلەن بىللە، چىنە قاچىنىڭ ئۈستەلگە تېگىپ تۇرىدىغان يۇملاق قىسمىنى چېقىپ ئاجرىتىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا مىخ بىلەن بىر يوغان تۆشۈك تېشىپ، شۇنى چاق قىلىپ ئىشلىتىپ، بىر كىچىك 4-چاقلىق كىچىك هارۋا ياسىغانلىقىمىز،

ھەمدە مەن چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئاشۇ كىچىك ھارۋىغا ئۆزۈمدىن 3 ياش كىچىك ئۇكامنى سېلىپ، بىر زاۋۇتتا ئىشلەۋاتقان ئاپامنىڭ يېنىغا كۆپ قېتىم ئاپارغانلىقىمنىڭ ھېكايىسى. يەنە بىرى بولسا مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا (بۇ ۋەقەلەر 1960-يىللىرى بولغان) ئاكام بىلەن بىرلىشىپ، بىر پلاستىك سوپۇن قۇتىسىنىڭ ئىچىگە پەقەت بىرلا باتارىيە بىلەن ئىشلەيدىغان، پەقەت قۇلاققا تىقىپ قويىدىغان تىڭشىغۇچ بىلەنلا ئاڭلىغىلى بولىدىغان بىر كىچىك رادىئو ياسىغانلىقىمىزنىڭ ھېكايىسى (ئۇ چاغدا رادىئولار ئىنتايىن قىس بولۇپ، پەقەت ئالاھىدە باي كىشىلەرنىڭ ئۆيىدىلا رادىئو بار ئىدى). مېنىڭ ئېلېكترغا بولغان قىزىقىشىم ئەنە شۇ چاغدا باشلانغان بولۇپ، شۇ يەردىن تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقى خىزمەت ئورنۇمغا كېلىپ قالغانلىقىمنى سۆزلەپ بەردىم. ئاندىن ئۆزۈم ھازىر شۇغۇللىنىۋاتقان، تاشقى پلانېتلارنى تاپىدىغان ئالەم تېلېسكوپىنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۆزۈم تەييارلىغان، ئىدارەمنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزگەن بىر PowerPoint ئىلمىي دوكلات ھۆججىتى بار بولۇپ، مەن ئوقۇغۇچىلارغا شۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قانچە بەتنى ئېكراندا كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردىم. ئوقۇغۇچىلار سۆزۈمگە ناھايىتى قىزىقتى، ھەمدە قاتتىق ھەيرانلىق ۋە ھاياجانلىقنى نامايان قىلىشتى. (مەن بۇ دوكلاتنى چەت ئەلدىكى بىر قانچە ئەللەردە سۆزلىگەن بولۇپ، 2009-يىلى يۇرتقا بارغاندىمۇ ئۇنى ئالغاچ بارغان ئىدىم. ئەمما مېنىڭ ئىلمىي دوكلات بېرىشىمگە ئىمكان بولماي قالدى.)

مەن بۇ قېتىم ئۆزۈم بارغان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆۋەندىكى ئىشلىرىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدىم:

1. ھەممە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىردىن دۈمبىسىدە كۆتۈرىدىغان سومكىسى بار بولۇپ، ئاخشىمى ئۇنىڭغا كىتاب-ماتېرىياللىرىنى سېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدىكەن. ئەتىگىنى ئۇنى مەكتەپكە كۆتۈرۈپ كېلىپ، سىنىپنىڭ ئالدىدىكى مەخسۇس تەييارلانغان يەرگە قاتارى تىزىپ ئېسىپ قويىدىكەن. سىنىپقا پەقەت شۇ قېتىملىق دەرسكە لازىمەتلىك ماتېرىياللارنىلا ئەكىرىدىكەن.

2. ھەر بىر ئوقۇتقۇچىدا بىردىن ئەڭ يېڭى تىپتىكى، يەنى، ئېكراننى بارماق بىلەن سىلاش ئارقىلىق مەشغۇلات ئېلىپ بارغىلى بولىدىغان دەپتەر كومپيۇتېر بار ئىكەن. ئۇ كومپيۇتېردىكى مەزمۇنلارنى پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسەتكىلى بولىدىغان بىر چوڭ ئېكرانمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئېكران دوسكا بولۇش رولىنىمۇ ئوينايدىكەن.

3. بۇ قېتىم كەلگەن كەسىپ ئەھلىلىرى ئالدى بىلەن بىر «كۆپ مەقسەتلىك زال» ( Multi-Purpose Room, MPR) غا يىغىلغان بولۇپ، بۇ زالنىڭ ئىچىدە ھەر بىر سىنىپ ئۆچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن ئايرىم-ئايرىم پائالىيەت رايونى بار ئىكەن. ئۇنىڭ تاملىرىغا ئۇستىگە خەت يېزىلغان ئالەم كېمىسىنىڭ رەسىملىرى چاپلانغان بولۇپ، ئۇ رەسىملەرنىڭ ئارىلىقلىرى بىر قانچە مېتىر كېلىدىكەن. ئۇ رەسىملەرنىڭ ئۇستىگە تۆۋەندىكى خەتلەر بېسىلىپتۇ:

--ئادىللىق (Fairness)

--مەسئۇلىيەتچانلىق (Responsibility)

--ھۆرمەت (Respect)

--باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش (Caring)


--گراجدانلىق (Citizenship)

--ئىشەنچلىك بولۇش (Trustworthiness)

4. ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى ئاكتىپ ۋە ئەقىللىق بولۇپ، مەندىن سوئال سورايدىغانلاردىن ھەر بىر ۋاقىتتا كەم دېگەندە 3 ئوقۇغۇچى چىقىپ تۇردى. بەزىلەر خېلى چوڭقۇر سوئاللارنى سورىدى.

5. مەن كىرگەن 3 سىنىپنىڭ ھەر بىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 25 كىشىدىن ئاشمايدىكەن. مەن ئامېرىكىدا «ھەر بىر سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانىنى ئازايتىش» دېگەن شوئارنى ئاڭلىغىلى ئۇزۇن بولغان ئىدى. ئەمما بىر سىنىپتا ئەڭ كۆپ بولغاندا ئاران 25 ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىغانلىقىنى بۇ قېتىم تۇنجى قېتىم كۆرۈپتىمەن. سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى ئاز دېگەنلىك، ئوقۇتقۇچى ئۇلاردىن ياخشى خەۋەر ئالىدۇ، ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا ۋاقتىنى ۋە زېھنىنى كۆپرەك ئاجرىتالايدۇ، دېگەندىن دېرەك بېرىدىغان بولغاچقا، ھەر بىر سىنىپتا قانچە ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىغانلىقى مائارىپ سۈپىتىنىڭ بىر كۆرسەتكۈچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۆۋەندىكىسى مەزكۇر تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم رەسىملەر.




3-رەسىم: «كۆپ مەقسەتلىك ئۆي» نىڭ ئىچىدىكى بىر كۆرۈنۈش. تامدىكى ئالەم كېمىسىگە يېزىقلىق خەت «ئادىللىق» دېگەن سۆزدۇر.



1-رەسىم: مەن بىزنىڭ ئىدارىنىڭ «مائارىپ ئىشخانىسى» غا مەن بارىدىغان مەكتەپتىكى 2 سىنىپقا سوۋغا قىلىدىغان ماتېرىياللارنى ئالغىلى كېتىۋېتىپ، مەزكۇر مەنزىرىنى كۆردۈم. بۇ بالىلار بىر بىنانىڭ ئىچىگە قويۇپ قويۇلغان «مارس ئىلىم-پەن تەجرىبىخانىسى» (Mars Science Laboratory) دەپ ئاتىلىدىغان ماشىنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ ماشىنىدىن ئىككىسى ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە بىرى 2011-يىلى 11-ئاينىڭ 26-كۈنى مارسقا ماڭدۇرۇلغان بولۇپ، 2012-يىلى 8-ئاينىڭ 6-كۈنى مارسقا يېتىپ بارغان. ئۇ ھازىر مارستا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.



5-رەسىم: ئوقۇغۇچىلار سىنىپىنىڭ ئالدىدىكى تامغا ئېسىپ قويغان سومكىلار.



4-رەسىم: بۇ قېتىمقى پائالىيەت كەلگەن بىر كەسىپ ئەھلى ئامېرىكىنىڭ داڭلىق كىنو بازىسى «ھوللىۋود» (Hollywood) نىڭ بىر كىنو دىرېكتورى ئىكەن. ئۇ مۇشۇ پائالىيەت ئۈچۈن «قاراڭغۇ چەۋەندازنىڭ كۆتۈرۈلۈشى» (The Dark Knight Rises) دېگەن كىنودا ئىشلەتكەن ئالاھىدە ياسالغان موتسىكلىتنى ئۆزى بىلەن بىللە ئەكېلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسەتتى. بۇ رەسىمنى مەن شۇ چاغدا تارتىۋالدىم.



7-رەسىم: مەن كىرگەن سىنىپنىڭ بىر كۆرۈنۈشى.



6-رەسىم: مەن كىرگەن سىنىپنىڭ بىر كۆرۈنۈشى.




9-رەسىم: بىزنىڭ ئىدارىدە «ئوچۇق ئۆي» بولغان ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش.




8-رەسىم: مەن كىرگەن سىنىپنىڭ بىر كۆرۈنۈشى. مېنىڭدىن بۇرۇن بۇ سىنىپقا ساقچى بولغىلى 35 يىل بولغان بىر ساقچى كىرىپتىكەن. بۇ چاغدىكى سوئال-جاۋابلار ئىنتايىن قىزىپ كەتتى. سىنىپتىكى ھەممە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوللىرى سوئال سوراش نۆۋىتىنى ئېلىش ئۈچۈن كۆتۈرۈلگىلىكلا تۇردى. «سەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ باقتىڭمۇ؟ نەچچە ئادەم ئۆلتۈرۈپ باقتىڭ؟ سەندە ئاپتوماتىك ماشىنا مىلتىق بارمۇ؟ سەن داۋاملىق 2 تاپانچا كۆتۈرۈپ يۈرەمسەن؟ ھازىرغىچە قانچە ئادەمنى قولغا ئېلىپ باقتىڭ؟ سەن قانچە ئادەمنى ئېتىپ باقتىڭ؟» بۇ قېتىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوئاللىرى تۈگىمەي، مېنىڭ نۆۋىتىم 10 مىنۇت كېچىكىپ كەتتى.




2-رەسىم: بىزنىڭ ئىدارىدىن ماڭا بەرگەن، هەر بىر سىنىپقا بىر نۇسخىسىدىن سوۋغا قىلىدىغان ماتېرىياللار.



10-رەسىم: مەن 2014-يىلى 13-ماي كۈنى بىر يىغىندىن چىقىۋېتىپ، ئىدارىمىزنىڭ كۆرگەزمىخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىۋاتقان بىر توپ ئوقۇغۇچىلارنى ئۇچرىتىپ قالدىم. بۇ رەسىمدىكىسى شۇ چاغدىكى بىر كۆرۈنۈش.

# مەكتەپ تاپشۇرۇقلىرى قانچىلىك بولسا ئەڭ مۇۋاپىق؟

2014-يىلى 30-ماي

مەن يېقىندا «ئامېرىكا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى كەسىپ تاللاش پائالىيىتى» دېگەن بىر يازمىنى تورلارغا چىقارغاندىن كېيىن، بەزى قېرىنداشلار مەندىن ئامېرىكا مەكتەپلىرىنىڭ تاپشۇرۇق بېرىش ئەھۋالىنى سورىدى. مەن ئاشۇنداق سوئالغا جاۋاب ئىزدەش جەريانىدا، ئامېرىكا مائارىپ مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن 2003-يىلى 5-ئايدا تەييارلانغان «ئاتا-ئانىلارغا تاپشۇرۇق ھەققىدە مەسلىھەتلەر» [1] دېگەن بىر ھۆججەتنى ئۇچرىتىپ قالدىم. بۇ ھۆججەتتە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت جەريانىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئوخشىمىغان يىللىقلاردىكى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تاپشۇرۇق مىقدارى قانچىلىك بولسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى مەكتەپ ۋە ئاتا-ئانىلارغا تەۋسىيە شەكلىدە چۈشەندۈرۈپتۇ. مەن مەزكۇر ماقالىدا ئاشۇ ھۆججەتنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن. شۇنداقلا، ماقالىنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكىدىكى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى باكالاۋر ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋاقتىدا ئىمتىھان نەتىجىلىرىدىن باشقا يەنە نېمىلەرگە قارايدىغانلىقىنى تونۇشتۇرىمەن [2]. ئامېرىكىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسخانىدا ئۆگىنىدىغان بىلىمى ۋە ئىقتىدارلىرى بىلەن دەرسخانىنىڭ سىرتىدا ئۆگىنىدىغان بىلىمى ۋە ئىقتىدارلىرىغا ئوخشاش دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلار ئارقىلىق، ئامېرىكا قانداق قىلىپ ھازىرقىدەك كەشپىياتتا دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بىر ھالەتكە كەلگەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

مەن بۇ يازمىدا يۇقىرىدىكى مەنبەلەردىكى مەزمۇننى ئىمكانقەدەر ئەينەن بايان قىلىدىغان بولۇپ، ئەگەر ئۆز پىكرىمنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇنى بىر «ئىلاۋە» شەكلىدە كىرگۈزىمەن.

تۆۋەندىكىسى 1-مەنبەدىكى مەزمۇنلار.

ئامېرىكىدا رەسمىي مەكتەپلەر يولغا قويۇلغاندىن تارتىپ، تاپشۇرۇق ئوقۇغۇچىلار ھاياتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلدى. ئەمما، تاپشۇرۇق مائارىپچىلار بىلەن ئاتا-ئانىلار تەرىپىدىن بەزىدە «توغرا ئىش» دەپ قوبۇل قىلىندى، بەزىدە بولسا «خاتا ئىش» دەپ رەت قىلىندى. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، تاپشۇرۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئېلىشى بىلەن مەكتەپكە بولغان پوزىتسىيىسىگە نىسبەتەن ئىجابىي تەسىرمۇ كۆرسىتىدۇ، ھەمدە سەلبىي تەسىرمۇ كۆرسىتىدۇ.

## 1. تاپشۇرۇقنىڭ 100 يىللىق تارىخى

يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، كىشىلەر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى روھىي جەھەتتىكى چېنىقىش ئارقىلىق كۈچەيتكىلى بولىدىغان مۇسكۇل، دەپ ھېسابلىدى. ئۇنداق چېنىقىشنى ئۆيلەردە ئېلىپ بارغىلى بولغاچقا، «تاپشۇرۇق ياخشى نەرسە» دەپ قارىدى. 1940-يىللىرى، مەكتەپلەر بىلىملەرنى يادلىتىشنىڭ ئورنىغا مەسىلە يېشىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشقا باشلىدى. تاپشۇرۇق ئىشلەش ئوخشاش مەزمۇنلارنى تەكرارلاش جەريانى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ياقتۇرمايدىغان بولدى. 1950-يىللىرى ئامېرىكىلىقلار «مائارىپ يېتەرلىك دەرىجىدە پۇختا ئەمەس، باللار كومپيۇتېرغا ئوخشاش يېڭى تېخنولوگىيىگە ماس كېلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەنمىدى»، دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدى. ھەمدە تاپشۇرۇق

بىلىم ئېلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشى مۇمكىن، دەپ قارىدى.

1960-يىللىرى مائارىپچىلار بىلەن ئاتا-ئانىلار «تاپشۇرۇقلار باللارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، سىرتتا كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئىجادىي ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسەتلىرىنى يوق قىلىۋەتتى»، دەپ ئەنسىرىدى. 1980-يىللىرى تاپشۇرۇق يەنە كىشىلەر ياقتۇرىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ، ئۇ ئامېرىكا مائارىپى يېتىلدۈرگەن كىشىلەر ئىچىدە ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىش دولقۇنىنى توسۇشنىڭ بىر چارىسى، دەپ قارالدى. مائارىپ ئۆلچەملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، تاپشۇرۇققا بارغانسېرى بەكرەك ئەھمىيەت بېرىش 1990-يىللىرىغىچە داۋاملاشتى.

## 2. تاپشۇرۇق ئىشلەش كېرەكمۇ ياكى ئىشلىمەسلىك كېرەكمۇ؟

تاپشۇرۇقنىڭ ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن كۆپلىگەن پايدىسى بار. ئۇ مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملەرنى ئەستە قالدۇرۇش ۋە چۈشىنىشنى ياخشىلايدۇ. ئۇ ئوقۇغۇچىلاردا ئۆگىنىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپ، بۇنداق ماھارەتنىڭ ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ قىممىتى بار. تاپشۇرۇق ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىنىش پەقەت سىنىپتىلا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىش بولماستىن، ئۇنى قانداق يەردە ئېلىپ بارسا بولىۋېرىدىغانلىقىنى ئۆگىتىدۇ. تاپشۇرۇقنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئومۇمىي جەھەتتىمۇ پايدىسى بار. ئۇ ياش ئۆسمۈرلەردە مۇستەقىل ئىش ئېلىپ بېرىش ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق قاتارلىق ئىجابىي خاراكتېرلەرنى يېتىلدۈرىدۇ. ئۇ باللارغا ۋاقىتنى قانداق باشقۇرۇشنى ئۆگىتىدۇ.

ئەمما، ئەگەر تاپشۇرۇق مۇۋاپىق ھالدا بېرىلمەيدىكەن ۋە نازارەت قىلىنمايدىكەن، ئۇ باللار ئۈچۈن سەلبىي رولمۇ ئوينايدۇ. مائارىپچىلار بىلەن ئاتا-ئانىلار مۇنداق بىر ئىشتىن ئەنسىرەيدۇ: ئەگەر ئوقۇغۇچىلاردىن تاپشۇرۇق ئۈچۈن ھەددىدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىش تەلەپ قىلىنىدىكەن، ئۇلار مەكتەپتىن زېرىكىپ قالىدۇ. تاپشۇرۇق باللارغا مۇھىم ئىقتىدارلارنى ئۆگىتىدىغان كۆڭۈل ئېچىش ۋە جامائەتنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ۋاقىتلىرىنى ئىگىلەپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر تاپشۇرۇق ئىشلەش جەريانىدا باللار كۆچۈرمىكەشلىك قىلىدىكەن ياكى ئۇنى باشقىلارغا ئىشلەتكۈزىدىكەن، تاپشۇرۇق باللاردا ناچار خاراكتېرلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

مائارىپچىلار بىلەن ئاتا-ئانىلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مەسىلە تاپشۇرۇقنىڭ ئىجابىي تەسىرلىرى ياكى سەلبىي تەسىرلىرى ئىچىدىكى قايسىلىرى توغرا، دېگەننى ئايرىپ چىقىش ئەمەس. مائارىپچىلار بىلەن ئاتا-ئانىلارنىڭ ۋەزىپىسى تاپشۇرۇقنىڭ پايدىسىنى ئەڭ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ زىيىنىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتىشتىن ئىبارەتتۇر.

## 3. قانچىلىك تاپشۇرۇق ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ؟

تاپشۇرۇق ھەققىدىكى ئەڭ ھالقىلىق مەسىلە، تاپشۇرۇق قانچىلىك بولسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەتتۇر. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئورتاق پىكرى، تاپشۇرۇق مىقدارىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ بەلگىلەشتۇر. ئامېرىكىنىڭ مەملىكەتلىك ئاتا-ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىرلەشمىسى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مەملىكەتلىك ئوقۇتقۇچىلار تەشكىلاتلىرىنىڭ تەكلىپى مۇنداق:

--يەسلىدىن 3-سىنىپقا كۆچكىچە بولغان ئارىلىقتا، كۈنلۈك تاپشۇرۇق مىقدارى 10-20 مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمىسە تاپشۇرۇقنىڭ ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدۇ.

--ئۈچىنچى سىنىپتىن 6-سىنىپنى تاماملىغۇچە كۈنلۈك تاپشۇرۇق مىقدارى 30-60 مىنۇت بولسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ.

--تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تاپشۇرۇقلىرى يۇقىرىقىدىن كۆپرەك بولسا پايدىلىق بولۇپ،

تاپشۇرۇقلار ئوخشمىغان كۈنلەردە ئوخشمايدىغان مىقداردا بېرىلسە بولۇۋېرىدۇ.

ئۆيدە كىتاب ئوقۇش كىچىك بالىلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئۆزلىرى ناھايىتى قىزىقىدىغان كىتابلارنى ئوقۇتۇش تاپشۇرۇقلىرى يۇقىرىدا تەۋسىيە قىلىنغان تاپشۇرۇقلار ۋاقتىدىن باشقا ۋاقىتلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلسا بولۇۋېرىدۇ.

يۇقىرىدىكى تەۋسىيىنامىلەر تاپشۇرۇقنىڭ ئۇنۇملۇك بولۇشى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان نۇرغۇنلىغان ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ يەكۈنلىرى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، كىچىك بالىلارغا تاپشۇرۇقنىڭ مىقدارىنى ئازايتىپ، قېتىم سانىنى كۆپەيتسە ئېرىشىدىغان ئۈنۈم تاپشۇرۇقنىڭ مىقدارىنى كۆپەيتىپ، قېتىم سانىنى ئازايتقانغا قارىغاندا ياخشىراق بولىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، كىچىك بالىلارنىڭ دىققىتىنى بىر ئىشقا يىغالايدىغان ۋاقىت مۇددىتى قىسقىراق بولۇپ، ئۇلار داۋاملىق تۈردە بىر ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئورۇنلاپ بولغان ھېسسىياتقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

## 4. تاپشۇرۇقلارنىڭ تۈرلىرى

ئادەتتە ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا تاپشۇرۇق بەرگەندە، بىر ياكى بىر قانچە مەقسەتلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەقسىتى، ئوقۇغۇچىلارغا دەرسخانىلاردا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تەكرار قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، تاپشۇرۇقلارنى مۇنداق تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن:

(1) دەرسلەرنى تەكرارلاش تاپشۇرۇقى: ئوقۇغۇچىلارنى ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى قايتا تەكرارلاپ چىقىشقا مەجبۇرلاپ، ئۇلارنىڭ بەزى ئالاھىدە ئىقتىدارلارنى ئىگىلىۋېلىشىغا ياردەم قىلىدۇ.

(2) تەييارلىق قىلىش تاپشۇرۇقى: بۇنىڭدىن كېيىن ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنى ئالدىن تونۇشتۇرىدۇ. بۇ تاپشۇرۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسخانىدا ئۆتۈلىدىغان يېڭى مەزمۇنلارنى ياخشىراق ئىگىلىۋېلىشىغا ياردەم قىلىدۇ.

(3) بىلىمنى كېڭەيتىش تاپشۇرۇقى: بۇ تاپشۇرۇق ئوقۇغۇچىلاردىن ئىگىلەپ بولغان ئىقتىدارلارنى يېڭى ئەھۋالغا قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

(4) ئىقتىدارلارنى بىرلەشتۈرۈش تاپشۇرۇقى: بۇنداق تاپشۇرۇق ئوقۇغۇچىلاردىن بۇرۇن ئىگىلەپ بولغان، بىر-بىرىگە ئوخشمايدىغان كۆپلىگەن ئىقتىدارلارنى بىرلا ئىشقا قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، بىر كىتابنى ئوقۇپ، ئۇ توغرۇلۇق بىر دوكلات يېزىش، بىر تەبىئىي-پەن تەتقىقات پروجېكتى (تەتقىقات تۈرى، چوڭ تاپشۇرۇق) ئىشلەش، ياكى ئىجادىي يېزىقچىلىق قاتارلىقلار.

تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ماتېماتىكا تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە بەكرەك مۇھىم بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكىدەك مۇھىم ئەمەس. ماتېماتىكا باشلانغۇچ 4-سىنىپىدىن باشلاپ مۇھىملىققا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا ئۆسۈپ ماڭىدۇ.

## 5. ئاتا-ئانىلارنىڭ تاپشۇرۇقتىكى ياردىمى

تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئاتا-ئانىلارنىڭ ياردىمى تاپشۇرۇقنىڭ قىممىتىگە بەزىدە ئىجابىي، ۋە بەزىدە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ ياردىمى بالىلارنىڭ ئۆگىنىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشكە پايدىلىق بولىدۇ. تاپشۇرۇق ئاتا-ئانىلارنى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ مائارىپنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يېتىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تاپشۇرۇق ئاتا-ئانىلارنىڭ مەكتەپ ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا نىسبەتەن ئىجابىي پوزىتسىيە نامايان قىلىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ.

ئەمما، تاپشۇرۇققا ئاتا-ئانىلارنىڭ ئارىلىششى بالىنىڭ بىلىم ئېلىش جەريانىغا دەخلى قىلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، ئاتا-ئانىلار ئىشلەتكەن ئۆگىتىش ئۇسۇلى دەرسخانىدا قوللانغان ئۇسۇلغا ئوخشىمايدىكەن، بالىلار گاڭگىراپ

قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر بالا ئۆزى ئىشلىيەلەيدىغان تاپشۇرۇقنى ئاتا-ئانىلار ئىشلەپ تامامىلىۋېتىدىكەن، ئۇ ھالدا بۇ ئاتا-ئانا بالىنىڭ بىلىم ئېلىشىغا دەخلى قىلغان بولىدۇ.

ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ تاپشۇرۇقىغا كۆڭۈل بۆلسە، مەكتەپ بىلەن ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە كۈچىيىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئاتا-ئانىلار مەكتەپ بالىلىرىدىن نېمىنى كۈتىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالايدۇ. ئاتا-ئانىلار تاپشۇرۇق ئارقىلىق بالىلىرىنىڭ مەكتەپتە نېمىلەرنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى، ھەمدە بالىلىرىنىڭ دەرسلەرنى ئۆزلەشتۇرۇۋېلىش ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى بىۋاستە بىلىۋالالايدۇ.

تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئەگەر بىر بالا تاپشۇرۇق ئىشلەشتە قىينىلىۋاتقان بولسا، ئاتا-ئانىلار بۇنداق ئەھۋالغا ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىپ، تاپشۇرۇق ئىشلەش جەريانىغا ئارىلىشىشى كېرەك. بۇنداق ئەھۋالدا ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئاتا-ئانىلاردىن تېخىمۇ كۆپ ياردەم سورىشى مۇمكىن. ئەگەر بىر بالىنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇشى ياخشى بولىدىكەن، ئاتا-ئانىلار دىققىتىنى بالىنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلەشتىكى تاللىشىنى قوللاش تەرەپكە يۆتكىشى، بالىنىڭ تاپشۇرۇقنى مۇستەقىل ئىشلىشىگە ئارىلىشىۋالماسلىقى كېرەك.

تاپشۇرۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئىگىلەش ئۇنۇمىنى ئۆستۇرۇشنىڭ بىر ئۇنۇملۇك ۋاستىسى بولالايدۇ. شۇنداقلا ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ مەكتەپنى قەدىرلەيدىغانلىقىنى بالىلىرىغا بىلدۈرۈشنىڭ ئۇنۇملۇك ۋاستىسىمۇ بولالايدۇ. تاپشۇرۇق ئارقىلىق ئېرىشىدىغان نەتىجىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ئامىللار مەۋجۇت بولغاچقا، تاپشۇرۇقتىن كۈتىدىغان ئۈمىد ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

تاپشۇرۇق بەلگىلىمىلىرى بىلەن تاپشۇرۇقنى ئىشلەش جەريانلىرى، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئاتا-ئانىلارغا ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجى بىلەن ئالاھىدە ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىش كۆرۈش ئەركىنلىكىنى بېرىشى كېرەك. ئاشۇنداق قىلغاندا، ئۇلار تاپشۇرۇقنىڭ ئىجابىي تەسىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە كۈچەيتىپ، سەلبىي تەسىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتالايدۇ.

## 6. تاپشۇرۇق ھەققىدە ئاتا-ئانىلارغا ئومۇمىي تەۋسىيە

(1) بالىڭىزغا تاپشۇرۇق ئىشلەيدىغانغا بىر جىمجىت ۋە يورۇق جاينى ھازىرلاپ بېرىڭ. بالىڭىزنىڭ تېلېۋىزورنى ئېچىپ قويۇپ تاپشۇرۇق ئىشلىشىنىڭ، ھەمدە زېھنىنى چاچىدىغان باشقا ئىشلار يۈز بېرىۋاتقان يەردە، مەسىلەن، كىشىلەر كىرىپ-چىقىۋاتقان يەردە تاپشۇرۇق ئىشلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىڭ.

(2) بالىڭىز ئېھتىياجلىق بولغان قەغەز، قەلەم ۋە لۇغەت قاتارلىق ماتېرىياللارنى تولۇق ھازىرلاپ بېرىڭ. بالىڭىز بەزى پروجېكتلەر ئۈچۈن بەزى ئالاھىدە ماتېرىيالغا ئېھتىياجى بارمۇ-يوق، ئۇلاردىن سوراپ، ئەگەر لازىم بولسا ئۇلارنى ئالدىن تەييارلاپ بېرىڭ.

(3) تاپشۇرۇق ئۈچۈن ھەر كۈندىكى مەلۇم بىر مۇقىم ۋاقىتنى بېكىتىپ بېرىڭ. بالىڭىزنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلەشنى كېچىكتۈرۈپ، پەقەت ئۇخلاشنىڭ ئالدىدىلا ئىشلىشىگە يول قويماڭ. ئەگەر قىلىدىغان پروجېكت ياكى چوڭ تاپشۇرۇقلار بار بولىدىكەن، ئۇلارنى شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى چۈشتىن بۇرۇن ياكى چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلىشىپ بېقىڭ. ئۇنداق تاپشۇرۇقلارنى باشقا ساۋاقداشلار بىلەن بىللە ئىشلەشكە توغرا كەلسە، ئۇنىڭغا شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ.

(4) تاپشۇرۇققا نىسبەتەن ئىجابىي پوزىتسىيە تۇتۇڭ. بالىڭىزغا مەكتەپنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى سۆزلەپ تۇرۇڭ. سىزنىڭ تاپشۇرۇقلارغا تۇتقان پوزىتسىيىڭىز بالىڭىزنىڭ تاپشۇرۇققا نىسبەتەن شەكىللىنىدىغان پوزىتسىيىسى ئۈچۈن ئۈلگە بولىدۇ.

(5) بالىڭىزغا ئۇلار ھازىر ئۆگىنىۋاتقان قابىلىيەتلەر، سىز ھازىر بىر چوڭ ئادەم بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن قىلىۋاتقان

ئىشلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇڭ. بالىڭىز كىتاب ئوقۇغاندا، سىزمۇ كىتاب ئوقۇڭ. ئەگەر بالىڭىز ھېساب ئىشلەۋاتقان بولسا، سىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، ئائىلە ھېسابلىرىنى قىلىڭ.

ئىلاۋە: ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن ئىدارىلەر ھەر يىلدىكى بىر خىزمەت كۈنىنى «بالىلارنى ئىشقا ئەكېلىش كۈنى» (Take the kids to work day) قىلىپ بېكىتىپ، شۇ كۈنى كىچىك بالىلىرى بار خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنى بالىلىرىنى ئىشقا ئەكېلىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. شۇ كۈنى بالىلار دادىسى ياكى ئاپىسىنىڭ بىر كۈنلۈك خىزمىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭ قانداق قاتتىق ئىشلەيدىغىنى، نېمە ئىش قىلىدىغىنى، قانداق بىلىم ۋە قابىلىيەتلەرنى ئىشقا سالىدىغانلىقىنى، ۋە پۇلنى قانداق تەستە تاپىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتىدۇ.

(6) بالىڭىز سىزدىن ياردەم سورىغاندا، سىز ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ بېرىپ، تاپشۇرۇقتا سورالغان سوئالنىڭ جاۋابىنى دەپ بەرمەڭ. ئەگەر جاۋابىنى سىز دەپ بەرسىڭىز، بالىڭىز تاپشۇرۇقتا سورالغان مەزمۇننى ئۆگىنەلمەيدۇ. ئەگەر بالىڭىزغا ھەددىدىن ئارتۇق ياردەم بېرىپ كەتسىڭىز، بالىڭىزدا «مەن قىينالغان ۋاقتىمدا باشقىلار مېنىڭ ئىشىمنى قىلىپ بېرىدىكەن»، دېگەن ئاڭ شەكىللىنىپ قالىدۇ.

(7) ئەگەر ئوقۇتقۇچى بەزى تاپشۇرۇقلاردا سىزنىڭ ياردەم قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدىكەن، سىز چوقۇم ياردەم قىلىڭ. ئوقۇتقۇچى بىلەن ھەمكارلىشىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، بالىڭىز مەكتەپ بىلەن ئائىلىنىڭ ئوخشاش بىر سەپتە تۇرۇپ ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىڭ.

(8) ئەگەر بەزى تاپشۇرۇقلار بالىڭىزنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىشلىشىنى تەلەپ قىلىدىكەن، سىز ئۇنىڭغا ئارىلىشىۋالماڭ. ئەگەر ئاتا-ئانىلار ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئارىلىشىۋالىدىكەن، تاپشۇرۇق ئۆزىنىڭ ئىجابىي رولىنى يوقىتىپ قويىدۇ. تاپشۇرۇق بالىلاردا مۇستەقىل ۋە ئۆمۈر بويىي ئۆگىنىش قىلىش قابىلىيەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىدۇر.

(9) مەكتەپتىكى ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇڭ. بالىڭىزنىڭ مۇئەللىمى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرۇڭ. شۇ ئارقىلىق تاپشۇرۇقنىڭ مەقسىتىنى، ھەمدە بالىڭىزنىڭ سىنىپىنىڭ تۈزۈمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىپ تۇرۇڭ.

(10) بالىڭىزغا ياردەملىشىپ، ئۇنىڭغا نېمىنىڭ تەس تاپشۇرۇق، نېمىنىڭ ئاسان تاپشۇرۇق ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىڭ. بالىڭىز تەس تاپشۇرۇقنى ئالدىدا ئىشلىسۇن. مۇشۇنداق قىلىش بالىڭىزغا ئەڭ چوڭ قىيىن ئۆتكەللەرگە دۇچ كەلگەندە ئەڭ ھوشيار بولۇشنى ئۆگىتىدۇ. بالىڭىز ھېرىپ قالغاندا ئاسان تاپشۇرۇقلارنى تېزلا ئىشلەپ بولالايدۇ.

(11) بالىڭىزدىكى ئوقۇشنى ياخشى ئېلىپ ماڭالماسلىق ۋە ئىچى پۇشۇش ئالامەتلىرىگە دىققەت قىلىڭ. ئەگەر بالىڭىز زېھنىنى مەلۇم بىر مەسىلىگە يىغالمايدىكەن، ئۇنى بىر ئاز تەنەپپۇس قىلدۇرۇڭ.

(12) بالىڭىز تاپشۇرۇق ئىشلەشتە ئالغا باسقاندا، ئۇنى مۇكاپاتلاڭ. ئەگەر بالىڭىز تاپشۇرۇق ئىشلەشتە ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىكەن ھەمدە قاتتىق تىرىشىدىكەن، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى بىرەر ئالاھىدە ئىش بىلەن تەبرىكلەپ، بالىڭىزنىڭ ئىجابىي تىرىشچانلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىڭ. مەسىلەن، بالىڭىزنى بىرەر باغچىغا ئاپىرىش، بالىڭىز ياخشى كۆرىدىغان بىر نەرسىنى ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلار.

## 7. كىتاب ئوقۇش تاپشۇرۇقى ھەققىدە ئاتا-ئانىلارغا تەۋسىيە

(1) بالىڭىز ھەر كۈنى ئاخشىمى سىزگە ئۈنلۈك ئاۋازدا كىتاب ئوقۇپ بەرسۇن.

(2) بالىڭىزنىڭ ھەر كۈنى ئاخشاملىق كىتاب ئوقۇش تاپشۇرۇقىنى ئىشلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا زېھنىنى چاچىدىغان

ئىشلاردىن خالىي بىر جىمجىت يەرنى تېپىپ بېرىڭ.

(3) بالىڭىز كىتاب ئوقۇۋاتقاندا، ئۇنىڭغا ئۆي، كۆل ۋە چۆل دېگەندەك سۆزلەرنىڭ قانداق يېزىلىدىغانلىقى، ۋە قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى دەپ بېرىڭ.

(4) ئەگەر بالىڭىز سىزگە ئۈنلۈك ئاۋازدا كىتاب ئوقۇپ بېرىۋېتىپ بەزى يەرلەرنى خاتا ئوقۇپ قالىدىكەن، بالىڭىزغا خاتالىقنى ۋە ئۇنىڭ توغرا ئوقۇلۇشىنى كۆرسىتىپ بېرىڭ.

(5) بالىڭىز بىر خاتا ئوقۇپ قالغان سۆزنى تۈزىتىش ئۈچۈن توختاپ قالغاندا، ئۇنىڭغا ھېلىقى بىر جۈملە قىسمىنى باشتىن باشلاپ قايتا ئوقۇتۇپ، چوقۇم ئۇ جۈملىنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشىنىۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.

(6) بالىڭىزدىن ھېكايىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزىنىڭ سۆزى بىلەن قايتىدىن تەسۋىرلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىڭ.

(7) بالىڭىزنىڭ ئوقۇۋاتقان مەزمۇنلارنى قانچىلىك چۈشەنگەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، بالىڭىزنى پات-پات كىتاب ئوقۇشتىن توختىتىپ، ئۇنىڭدىن ھېكايىدىكى ئادەملەر ۋە ۋەقەلەر ھەققىدە سوئال سوراپ تۇرۇڭ.

(8) بالىڭىزدىن ھېكايىدىكى بىر ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈن مەلۇم بىر ئىشنى قىلغانلىقىنى سوراپ، بالىڭىز بەرگەن جاۋابنى ھېكايىدىكى ئۇچۇرلار بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىڭ.

(9) بىر ھېكايىنى ئوقۇپ بولۇشتىن بۇرۇن، بالىڭىزدىن ھېكايىنىڭ كېيىنكى قىسمى قانداق چىقىدىغانلىقىنى، ۋە نېمىشقا شۇنداق بولىدىغانلىقىنى سوراپ تۇرۇڭ.

## 8. ھېساب تاپشۇرۇقى ھەققىدە ئاتا-ئانىلارغا تەۋسىيە

(1) بالىڭىزنى مەلۇم بىر «كۈنلۈك ھېساب تاپشۇرۇقى» كىتابىنى ئىشلەپ مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرۈڭ.

(2) بالىڭىز ھېسابتا ھاسىل قىلىۋاتقان ئىلگىرىلەشنى بىلىپ تۇرۇڭ. بالىڭىزنىڭ ھەر بىر كۈنلۈك ھېساب تاپشۇرۇقىنى ئىشلەش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇڭ.

(3) ئەگەر بالىڭىزنىڭ ھېساب تاپشۇرۇقىنى بىلەلمەي قالسىڭىز، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن پات-پات ئالاقىلىشىپ تۇرۇڭ.

(4) ئەگەر بالىڭىز ھېساب دەرسىنىڭ تاپشۇرۇقىدا قىينىلىپ قالغان بولسا، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئالاقىلىشىپ، بالىڭىزنىڭ ئۆگىنىۋاتقىنى ئۆزىنىڭ سىنىپ يىللىقىغا توغرا كېلەمدۇ-يوق، بالىڭىزنىڭ ئوقۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئۆيىڭىزدە نېمە ئىشلارنى قىلىشىڭىز كېرەك، دېگەنلەرنى سوراپ بېقىڭ.

(5) ئەگەر بالىڭىز ھەقىقەتەنمۇ ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولسا، بالىڭىزنىڭ ئوقۇتقۇچىسىدىن بالىڭىزنى مەكتەپتىن چۈشكەندىن كېيىنكى دەرس تەكرارلاش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىڭ.

(6) مەكتەپ مۇدىرى بىلەن بىرلىكتە، مەكتەپتە يۇقىرى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تۆۋەن يىللىققا دەرس تەكرارلاپ بېرىش پروگراممىسىنى يولغا قويۇش ھەققىدە ئىش ئېلىپ بېرىڭ. بۇنداق دەرس تەكرارلاش پروگراممىلىرى ناھايىتى ياخشى نەتىجە بەرگەن بولۇپ، ئۇنى باللارمۇ ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ.

(7) ئۆي ئىچىدىكى تاماق ئېتىش ۋە بىر نەرسىلەرنى رېمونت قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىن بالىڭىزنىڭ ھېساب ئىشلەش قابىلىيىتىنى كۈچەيتىدىغان پۇرسەت سۈپىتىدە پايدىلىنىڭ.

(8) بالىڭىزغا ھېساب دەرسى قانداق ئۆتۈلۈۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىشقا تىرىشىڭ، ھەمدە بالىڭىزغا ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس ئۆتۈش مېتودى بىلەن زىددىيەتلىشىدىغان ئۇسۇللارنى ئۆگەتمەڭ. ئوقۇتقۇچى بىلەن پاراڭلىشىپ، بالىڭىزغا قانداق ياردەم قىلسىڭىز بولىدىغانلىقىنى سوراڭ. ئوقۇتقۇچىدىن ئىنتېرنېتتا ئۆيدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان قانداق ياخشى مەنبەلەرنىڭ بارلىقىنى سوراڭ.

(9) ھەر يىللىق ئوقۇشنىڭ بېشىدا، سىزنىڭ بالىڭىزغا قانداق ياردەملەرنى بەرسىڭىز بولىدىغانلىقى ھەققىدە

ئوقۇتقۇچىدىن سوراپ، ئۇنىڭ تەۋسىيەسىنى ئېلىۋېلىڭ.

ئامېرىكا مائارىپ مىنىستىرلىقى تەييارلىغان ماتېرىيالنىڭ مەزمۇنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

ئامېرىكىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە دۆلەت تۈزۈمى جۇڭگونىڭكى بىلەن ئوخشاش بولمىغاچقا، يۇقىرىدا تەۋسىيە قىلىنغان بەزى ماددىلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە يۈزدە-يۈز ماس كېلىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭا ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۇلاردىن جانلىق پايدىلىنىشى ئۈمىد قىلىمەن.

كىشىلەر جەمئىيەتتە پايدىلىنىدىغان بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى دەرسخانىدا ئۆگىنەلمەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئامېرىكىدىكى داڭلىق مەكتەپلەر باكالاۋر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ لاياقەتلىك ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى بېكىتكەندە، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇش نەتىجىسى بىلەن دەرستىن سىرتقى ئىشلىرىدىكى ئىپادىسىنىمۇ ئوخشاش دەرىجىدە مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە، مەن تۆۋەندە ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا قايسى جەھەتلەرگە قارايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن. تۆۋەندىكى ئۇچۇرلار خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تور بېتىدىن ئېلىندى.

## 9. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزنى قانداق باھالايدۇ؟

بىز (يەنى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى) ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش جەريانىدا، ھەر بىر ئىلتىماس قىلغۇچىغا ئايرىم ۋە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىمىز. بىز بىر-بىرى ئۈچۈن ۋە ئۆزىنىڭ پروفېسسورلىرى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مائارىپچى بولالايدىغان ئوقۇغۇچىلارنى، ئالىي مەكتەپتىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىدا ئەتراپىدىكىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈپ قوزغىتالايدىغان كىشىلەرنى تېپىشقا تىرىشىمىز.

ئىلاۋە: ئامېرىكىدىكى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوخشاش داڭلىق مەكتەپلەرنىڭ بەزىلىرى باكالاۋر ئوقۇغۇچىسى قوبۇل قىلىشتا ھەر بىر ئىلتىماس قىلغۇچى بىلەن ئايرىم-ئايرىم سۆھبەتلىشىدۇ. بەزىلىرى بولسا بىر قىسىم سوئاللارنى چىقىرىپ بېرىپ، شۇ ئاساستا بىر پارچە ماقالە (Personal Statement) يازغۇزىدۇ.

سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، بىز تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىمىز. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىدەك:

يۇقىرىغا ئۆرلەش ئىقتىدارىڭىز ۋە يوشۇرۇن كۈچىڭىز:

--ئوقۇش ۋە كىشىلىك ھايات جەھەتتە سىز ئۆز ئىقتىدارىڭىزنى ئەڭ يۇقىرى چەككىچە ئىشقا سالالىدىڭىزمۇ؟

--سىز ئۆز ئىقتىدارىڭىزنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ ئىش قىلىپ بېقىشقا ئۇرۇنۇپ باقتىڭىزمۇ؟

--سىز ئوقۇش، پۈتۈن كۈنلۈك خىزمەت، ياكى يېرىم كۈنلۈك خىزمەت جەھەتتە ئۆز ئىمكانىيىتىڭىزنى تولۇق ئىشقا سېلىپ ئىشلەپ باقتىڭىزمۇ؟

--سىزنىڭ تېخىمۇ كۆپرەك ئىشلارنى قىلغۇدەك كۈچىڭىز بارمۇ؟

--ھازىرغىچە ۋاقتىڭىزنى قانداقراق پايدىلىنىپ كەلدىڭىز؟

--سىز بىر ئىشنى ئۆزىڭىز ئويلاپ چىقالامسىز؟ سىز ئۆزلۈكىڭىزدىن بىر ئىشنى باشلىيالامسىز؟ سىزنى بىر ئىش قىلىشقا ئۈندەيدىغان كۈچ نەدىن كېلىدۇ؟

--سىزدە بىر يۈنىلىش بارمۇ؟ بولسا، ئۇ قايسى؟ ئەگەر بولمىسا، سىز ھازىر كۆپ ساھەلەر ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتامسىز؟

--ھازىردىن باشلاپ بىر يىل ئۆتكەندە، 5 يىل ئۆتكەندە، ياكى 25 يىل ئۆتكەندە، سىز قانداق بىر ئادەم بولىسىز؟ سىز ئەتراپىڭىزدىكىلەر ئۈچۈن مەلۇم تۆھپە يارىتىپ بېرەمسىز؟

--سىز ھازىر قانداق بىر ئىنسان؟ كەلگۈسىدە قانداق بىر ئىنسان بولماقچى؟

## قىزىقىشىڭىز ۋە ئىش-پائالىيەتلىرىڭىز:

--سىز بىرەر ساھەگە، مەسىلەن، ئەقلىي ئەمگەككە، دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە، ياكى خۇسۇسىي ئىشلارغا، ناھايىتى قاتتىق ئەھمىيەت بېرەمسىز؟

--سىز ئۆزىڭىزنىڭ قىزىقىشىدىن نېمىلەرنى ئۆگەندىڭىز؟ سىز ئۆزىڭىز قىزىقىدىغان ئىشلاردىن قايسىلىرىنى قىلدىڭىز؟ نەتىجىلەرنى قانداق قولغا كەلتۈردىڭىز؟ قانداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتىڭىز، ياكى قانداق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدىڭىز؟ ئاشۇ مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتلەردىن نېمىلەرنى ئۆگەندىڭىز؟

--دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەر، تەنتەربىيە، جامائەت، ياكى ئائىلە ئىشلىرىدا سىز پۈرسەتلەردىن تولۇق پايدىلاندىڭىزمۇ؟

--سىزنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىڭىزنىڭ سۈپىتى قانداق؟ سىز بىر ئىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن كىرىشەلەمسىز، ياكى لىدېرلىق (باشلىقلىق) رولىنى ئالالامسىز؟

--ئەگەر ئائىلە ئىشلىرى، خىزمەت، ياكى باشقا مەسئۇلىيەتلەر تۈپەيلىدىن سىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە كۆپ قاتنىشىپ كېتەلمىگەن بولسىڭىز، سىز خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆزىڭىزنىڭ ئەركىن ۋاقىتلىرىدا نېمە ئىشلارنى قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز؟

## كىشىلىك خاراكتېرىڭىز ۋە مىجەزىڭىز:

--ھازىرغىچە ئۆزىڭىز ئۈچۈن قانداق تاللاشلارنى ئالدىڭىز؟ نېمە ئۈچۈن؟

--سىز سەل ياشقا چوڭ‌ايغاندا ئاندىن نەتىجە يارىتىدىغان (Late bloomer, [3]) كىشىلەردىنمۇ؟

--سىز يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىسىز (ئۇلارغا قۇچاق ئاچامسىز ياكى ئاچمامسىز)؟

--سىزنىڭ پىشىپ يېتىلىشىڭىز، خاراكتېرىڭىز، لىدېرلىقىڭىز، ئۆز-ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىز، مىجەزىدىكى قىزغىنلىقىڭىز، يۇمۇرلۇقىڭىز، كۈچ ۋە ئىرادىڭىز، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشىڭىز، ۋە بېسىم ئاستىدىكى سىلىقلىقىڭىز (grace) قانداق؟

## خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى جامائىتىگە تۆھپە قوشۇشىڭىز:

--سىز ئائىلىي مەكتەپ ھاياتىنىڭ بېسىمى بىلەن ئەركىنلىكىگە ماسلىشالامسىز؟

--سىز خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە سىزنىڭ ساۋاقداشلىرىڭىزغا بىرەر ئىش قىلىپ بېرەمسىز؟ سىز خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىڭىزدىن پايدا ئالالامسىز؟

--باشقا ئوقۇغۇچىلار سىز بىلەن بىر ياتاقتا تۇرسا، سىز بىلەن تاماقنى تەڭ يېيىشىپ بەرسە، بىر لېكسىيىگە سىز بىلەن تەڭ قاتناشسا، سىز بىلەن بىر ئەترەتتە بولسا، ياكى بىر دەرستىن سىرتقى پائالىيەت گۇرۇپپىسىدا سىز بىلەن يېقىندىن ھەمكارلاشسا بولامدۇ؟

## 10. ئاخىرقى سۆز

مەن ئەسلىدە مەزكۇر ماقالىنىڭ «ئاخىرقى سۆز» بۆلۈمى ئۈچۈن خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئويلاپ قويغان ئىدىم. كېيىن قارىسام، ئۇ گەپلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ماقالىنىڭ «خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزنى قانداق باھالايدۇ؟» دېگەن بۆلۈمىدە دېيىلىپ بولۇپتۇ. شۇڭا مەن ئۇلارنى بۇ يەردە قايتا تەكرارلىمايمەن.

ئىنسانلارنىڭ بىئولوگىيىلىك جەھەتتىكى يارىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، دۇنيادىكى كۆپىنچە ئەللەر چوڭلارنىڭ كۈندىلىك خىزمەت ئىشلەش ۋاقتىنى 8 سائەت قىلىپ بەلگىلىگەن. غەرب ئەللىرىدە بىر ئادەم 18 ياشقا كىرمىگۈچە بىر بالا ھېسابلىنىدۇ. چوڭلار كۈنىگە ئەڭ كۆپ بولسا 8 سائەت ئىشلەيدىغان بولغاندىكىن، بالىلارنىڭ ئىشلەيدىغان ۋاقتى، بولۇپمۇ ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ياكى ئۆگىنىش قىلىدىغان ۋە تاپشۇرۇق ئىشلەيدىغان ۋاقتى ھەرگىزمۇ 8 سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. شۇڭلاشقا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلەش ۋاقتىنى 2-سىنىپنى پۈتتۈرگۈچە 20 مىنۇتتىن كۆپ قىلماسلىق، 6-سىنىپقا بارغاندىمۇ ھەرگىزمۇ بىر سائەتتىن كۆپ قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلغان.

مەن ئامېرىكىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش جەريانىدا مۇنداق بىر نەرسىنى ھېس قىلدىم: بالىلارنىڭ دەرسخانىنىڭ سىرتىدا ئۆگىنىدىغان بىلىملىرى ۋە قابىلىيەتلىرى دەرسخانىدا ئۆگىنىدىغان بىلىملىرى ۋە قابىلىيەتلىرى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە مۇھىم. بۇنىڭ بىر ئىسپاتى سۈپىتىدە بىز يۇقىرىدىكى «خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزنى قانداق باھالايدۇ؟» دېگەن مەزمۇنغا قاراپ باقساق بولىدۇ. ئاشۇ بۆلۈمدە كۆرسىتىلگەن نەرسىلەر ئاساسەن دەرسخانىنىڭ سىرتىدا ئۆگىنىلىدىغان نەرسىلەر ياكى دەرسخانىنىڭ سىرتىدا قىلىدىغان ئىشلاردۇر. ھازىر يېڭىلىق يارىتىشتا ئامېرىكا دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. مېنىڭچە مەزكۇر ماقالىدا تونۇشتۇرۇلغان مەزمۇن ئامېرىكىنىڭ ئاشۇنداق ئورۇنغا ئېرىشەلىشىدىكى بىر قىسىم مۇھىم ئامىللارنى خېلى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

### پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] Homework tips for parents
http://www2.ed.gov/parents/academic/involve/homework/homeworktips.pdf

[2] How Your Application is Considered at Harvard University?
https://college.harvard.edu/admissions/application-process/what-we-look

[3] Late Bloomer
http://en.wikipedia.org/wiki/Late_bloomer

# ئامېرىكا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ دەرسى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى

2014-يىلى 6-ئاينىڭ 9-كۈنى

مەن ئالدىنقى بىر ماقالىدا ئامېرىكا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ تاپشۇرۇق بېرىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، بەزى قېرىنداشلار ئامېرىكىدىكى باشلانغۇچلاردا بالىلارغا نېمە دەرسلەر ئۆتۈلىدىغانلىقىنى سوراپ ئىنكاس يېزىپتۇ. مەن مەزكۇر ماقالىدا ئامېرىكا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ يەنە بىر قىسىم ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## 1. ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھەپتىلىك ئۆتۈلۈش سائىتى

ئامېرىكىنىڭ «مەملىكەتلىك مائارىپ ستاتىستىكا مەركىزى» نىڭ 1997-يىلدىكى بىر دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىدىكى باشلانغۇچنىڭ باللىرىغا ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر ۋە ئۇلارنىڭ بىر ھەپتىلىك ئۆتۈلۈش سائەت سانى مۇنداق ئىكەن [1]:

يادرو دەرسلەر (Core Subjects):
ئىنگلىزچە، كىتاب ئوقۇش، ۋە تىل سەنئىتى: ھەپتىسىگە 9.4 سائەت
ھېساب ۋە ماتېماتىكا: ھەپتىسىگە 4.6 سائەت
ئىجتىمائىي-پەن ۋە تارىخ: ھەپتىسىگە 2.6 سائەت
تەبىئىي-پەن: ھەپتىسىگە 2.3 سائەت
جەمئىي: ھەپتىسىگە 18.9 سائەت

مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، يۇقىرىدىكى «يادرو دەرسلەر» ھەممە مەكتەپلەردىن ئۆتۈش مەجبۇرى تەلەپ قىلىنىغان دەرسلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا مائارىپ مىنىستىرلىقى بەلگىلەپ بەرگەن، ھەر بىر مەكتەپ ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ ئۆتسە بولىدىغان «يادرو-ئەمەس دەرسلەر» (Non-core Foundation Subjects) مۇ بار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت [2] (بۇ دەرسلەرنىڭ ھەپتىسى قانچىلىك ئۆتۈلىدىغانلىقى ھەر بىر مەكتەپكە باغلىق بولۇپ، شۇڭا مەن ئۇ توغرۇلۇق بىرەر ماتېرىيال تاپالمىدىم):
لايىھەلەش ۋە تېخنولوگىيە
ئۇچۇر ۋە خەۋەرلىشىش تېخنولوگىيىسى
تارىخ
جۇغراپىيە
ھازىرقى زامان چەت ئەل تىللىرى
سەنئەت ۋە لايىھە
مۇزىكا
تەنتەربىيە

## 2. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يىللىق ۋە ھەپتىلىك ئىشلەش ۋاقتى

بىر يىلدا 52 ھەپتە، بىر ھەپتىدە 5 خىزمەت كۈنى بار بولۇپ، بىر ئادەم ھېچ قانداق دەم ئېلىش كۈنى يوق ھالدا ئىشلىسە، بىر يىلدا 260 كۈن ئىشلەيدۇ. ئامېرىكىدىكى شىركەت-ئىدارە ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ 5 كۈندىن 11 كۈنگىچە بايرام كۈنلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆپىنچە ئورۇنلار ئۆز خىزمەتچىلىرىگە ھەر يىلى بەلگىلىك تەتىل ۋاقتى ئاجرىتىپ بېرىدىغان بولۇپ، خىزمەتچىلەر تەتىل قىلىدىغان ۋاقىتلارنى ئائىلە ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆزلىرى بېكىتىدۇ.

باشقا بارلىق شىركەت ۋە ئىدارە ئورۇنلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئامېرىكا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر يىل ئىچىدە ئىشلەيدىغان ۋاقتى جەمئىي 180 كۈن ئەتراپىدا [3]. بۇنداق بولۇشىدىكى بىر سەۋەب، مەكتەپلەردە يازلىق ۋە قىشلىق تەتىل ۋاقتىنىڭمۇ بار بولۇشىدۇر. مېنىڭ بىر يىلدا ئىشلەيدىغان ۋاقتىم 231 كۈن.

بىر ھەپتىدە خىزمەت كۈنىدىن 5 كۈن بولغاچقا، ئەگەر بىر ئادەم كۈنىگە 8 سائەتتىن ئىشلىسە، بىر ھەپتىدە 40 سائەت ئىشلەيدۇ. ئامېرىكىنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن نورمال خىزمەت ۋاقتى ھەپتىسىگە 40 سائەت بولۇپ، ئەگەر كىشىلەر ئاشۇ 40 سائەتتىن كۆپرەك ئىشلەشكە مەجبۇرى بولىدىكەن، قانۇن بويىچە ئۇلارنىڭ ئارتۇق ئىشلىگەن ۋاقتىغا شەنبە كۈنى بولسا 1.5 ھەسسە مائاش، يەكشەنبە كۈنى بولسا 2 ھەسسە مائاش بېرىلىشى كېرەك. مەسىلەن، سىزنىڭ نورمال مائاشىڭىز سائىتىگە 30 دوللاردىن توغرا كەلگەن بولسا، ئارتۇق ئىشلىگەن ۋاقتىڭىز شەنبە كۈنىگە توغرا كەلسە، سىزگە سائىتىگە 45 دوللار بېرىلىشى كېرەك. ئەگەر ئارتۇق ئىشلىگەن ۋاقتىڭىز يەكشەنبە كۈنىگە توغرا كېلىدىكەن، سىزگە سائىتىگە 60 دوللاردىن مائاش بېرىلىشى كېرەك. مانا بۇ ئامېرىكىنىڭ بىر قانۇنى بولۇپ، مائاشلىق خىزمەتچىلەر «ئارتۇق ئىشلەشكە لاياقەتلىك خىزمەتچىلەر» (nonexempt) بىلەن «ئارتۇق ئىشلەشكە لاياقەتسىز خىزمەتچىلەر» (exempt) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. «لاياقەتسىز» تۈرگە كىرىدىغانلار ئارتۇق ئىشلىسە ھېلىقى ئارتۇق مائاش بېرىلمەيدۇ. پەقەت ئۆلچەملىك ۋە مۇقىم مائاشلا بېرىلىدۇ. مەن «لاياقەتسىز» تۈرگە كىرىدىغان بولۇپ، تۆۋەندىكى 4-مەنبە [4] دە كۆرسىتىلىشىچە، دەرس ئۆتۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەكتەپ خادىملىرى ياكى ئوقۇتقۇچىلارمۇ «لاياقەتسىز» تۈرگە كىرىدىكەن. يەنى، ئۇلار 40 سائەتتىن كۆپ ئىشلىسە، ئارتۇق قىسمىغا ئايرىم مائاش بېرىلمەيدىكەن.

ئەمما، ئامېرىكىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىر ھەپتىدە ئىشلەيدىغان ۋاقتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 45.6 سائەت ئىكەن [1]. بۇنىڭ ئىچىدە مەكتەپ ئىچىدە ئۆتكۈزىدىغان ۋاقتى 32.9 سائەت بولۇپ، نورمال ئوقۇش كۈنلىرىدىن باشقا كۈنلەردە مەكتەپ سىرتىدا ئۆتكۈزىدىغان ۋاقتى 11.7 سائەت ئىكەن. مەكتەپ سىرتىدا سەرپ قىلغان بۇ ۋاقىتنى ئۇلار تربىيلىق قىلىش (coaching)، ئوقۇغۇچىلارنى دالا سەپىرىگە ئاپىرىش، دەرس تەكرارلاپ بېرىش، دەرسكە تەييارلىق قىلىش، قەغەز تەكشۈرۈش، ئاتا-ئانىلار بىلەن ئۇچرىشىش، ۋە ئوقۇتقۇچىلار يىغىنىغا قاتنىشىش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىدىكەن.

## 3. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى

ئامېرىكا ئەمگەك ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 2012-يىللىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا [5-6]، ئامېرىكا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق مائاشى 53400 دوللار بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى مائاشلىقلارنىڭ مائاشى 83160 دوللار، ئەڭ تۆۋەن مائاشلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى 35630 دوللار ئىكەن. ئامېرىكىدا نيۇ يورك ۋە كالىفورنىيە قاتارلىق شتاتلاردا مائاش ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى شتاتلاردا مائاش ئەڭ تۆۋەن بولىدۇ. ئامېرىكىدا ئالىي مەكتەپ باكالاۋۇرلۇقىنى تاماملاپ، يېڭى خىزمەتكە ئورۇنلاشقان ياشلارنىڭ دەسلەپكى يىللىق

مائاشى ئادەتتە 30000 دوللاردىن 45000 دوللارغىچە بولىدۇ.

مەن ئوقۇرمەنلەرگە بۇ مائاشنى ئەينەن جۇڭگو پۇلىغا ئايلاندۇرماسلىقنى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇنىڭ سەۋەبى، ئامېرىكا ئالدى بىلەن مائاشنى تولۇق بېرىپ، ئاندىن باج تۇتىدىغان دۆلەت. جۇڭگو بولسا تۇتىدىغان باجلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ بولۇپ، ئاندىن قالغىنىنى مائاش قىلىپ بېرىدۇ. ئامېرىكىدا ئاساسلىق باجلاردىن مۇنداق 5 تۈرلۈك باج بار: (1) دۆلەت كىرىم بېجى. (2) شتات كىرىم بېجى. (3) سودا بېجى (بۇ ھازىر كالىفورنىيەدە 9.25 پىرسەنت). (4) 65 ياشقا كىرگەندىن كېيىنكى كىرىم كېپىللىك بېجى. (4) 65 ياشقا كىرگەندىن كېيىنكى داۋالىنىش كېپىللىك بېجى. بۇ باجلار كىرىمنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدىغان بولۇپ، كىشىلەردىن ئەڭ تۆۋەن بولغاندا جەمئىي 15 پىرسەنت، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا جەمئىي 40 پىرسەنت ئەتراپىدا باج ئېلىنىدۇ. يەنى، تۆۋەن كىرىملىك كىشىلەر باجنى ئاز تاپشۇرىدۇ. يۇقىرى كىرىملىك كىشىلەر بولسا باجنى كۆپ تاپشۇرىدۇ.

باشلانغۇچنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئەڭ بايلارنىڭ ئىچىگە كىرمىسىمۇ، ئوتتۇراھال كىرىملىك (middle class) سىنىپىقا كىرىدۇ.

## 4. ئاخىرقى سۆز

مەن ئۆزۈمنىڭ مائارىپ توغرىسىدىكى ئالدىنقى يازمىلىرىمغا چۈشكەن ئىنكاسلاردىن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا بىر قىسىم چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدۇم. بۇ جەھەتتە بەزى قېرىنداشلارنىڭ ماڭا يازغان ئايرىم خەتلىرىمۇ كۆپ ياردەم قىلدى. قېرىنداشلارنىڭ خەۋرىدە بار بولغىنىدەك، مەن بۇرۇن يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل ھەققىدە خېلى كۆپ ئىزدەنگەن، ھەمدە خېلى كۆپ ماقالىلەرنىمۇ يازغان. مېنىڭ بۇ ساھەدە دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقان مۇتەخەسسىسلەردىن بەزىلىرى بىلەن يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋىتىم بار بولۇپ، ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا ئۇلار بىلەن پىكىرىمۇ ئالماشتۇرۇپ باققان. ئۇلاردىن ھازىرمۇ ھەر قانداق ۋاقىتتا مەسلىھەت ئېلىش ئىمكانىيىتىم بار. بۇ ساھەدىكى بەزى خەلقئارالىق يىغىنلارغىمۇ مەن ئۆز چىقىمىم بىلەن قاتنىشىپ باقتىم. ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن نەتىجىلىرى بويىچە قارىغاندا، ئۇيغۇر باشلانغۇچ مائارىپىنى بىر «پۈتۈنلەي بۇزۇلغان مائارىپ»، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمدىكى گەپ بۇ توغرۇلۇق قانداق قىلىش مەسىلىسىدۇر. بەزى قېرىنداشلار ماڭا خەت يېزىپ، مەندىن مۇشۇ سوئالنى سوراۋاتىدۇ.

ئەگەر سىياسىي مەزمۇننى كىرگۈزمىسەك، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇر باشلانغۇچ مائارىپىنىڭ مەقسىتىنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىلارغا يىغىش مۇمكىن:

--خەنزۇ تىلىدىن ساۋاتنى چىقىرىش

--باشلانغۇچ سەۋىيىسىدىكى ھېساب ۋە باشقا كەسپىي دەرسلەرنى ئۆگىتىش

--باللارنى ئەخلاق، مىجەز، خۇلق ۋە كىشىلىك خاراكتېر جەھەتلەردە بىر نورمال ئىنسان سۈپىتىدە چوڭ قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى كەلگۈسىدە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئويلىيالايدىغان ۋە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش قىلالايدىغان، جەمئىيەتكە يارامىلىق كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىلدۈرۈش

ئەگەر يۇقىرىدىكى مەقسەتلەر توغرا بولسا، يەنى ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدىكى مائارىپنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن بولسا، ئۇ ھالدا ئاشۇ مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلى، ھازىر دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ ئۇسۇلى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۇسۇلى مۇنداق بولۇشى كېرەك:

--باشلانغۇچ 3-سىنىپنى تاماملىغۇچە، باللارغا خەنزۇ تىلى دەرسىنى بىر ئايرىم دەرس قىلىپ ئۆتۈش

--باشلانغۇچ 3-سىنىپنى تاماملىغۇچە ئۇيغۇر تىلىنىمۇ ھېچ بولمىغاندا خەنزۇ تىلى دەرسى بىلەن ئوخشاش

دەرىجىدە ئۆتۈش

--باشلانغۇچ 3-سىنىپنى تاماملىغۇچە، بارلىق كەسپىي دەرسلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتۈش

--باشلانغۇچ 4-سىنىپتىن باشلاپ، خەنزۇ تىلى دەرسى بىلەن ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى ئايرىم دەرس قىلىپ ئۆتۈشتىن سىرت، بىر قىسىم تەبىئىي-پەن كەسپىي دەرسلىرىنى خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە بىرلەشتۈرۈپ ئۆتۈش. ھەمدە ئۇ دەرسلەرنىڭ خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈلۈش نىسبىتىنى تەدرىجىي ھالدا ئاشۇرۇپ مېڭىش

بۇ ئۇسۇل ھازىرقى زامان ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ھەمدە ئۇ يۇقىرىدىكى 3 مەقسەتنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

ئەمدى ئىككىنچى گەپ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈزۈمنى ئۆزگەرتىپ، يۇقىرىقىدەك ئىلمىي ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىمكانىيىتى بولمىسا، قانداق قىلىش كېرەك؟

بۇ سوئالنىڭ ئەڭ تۈز جاۋابى يۇقىرىدىكى ياخشى ئۇسۇلنى ئۆيدە قوللىنىشتىن ئىبارەت. ئەمما، بۇنداق قىلغاندا بىز كەم دېگەندە يەنە تۆۋەندىكى 2 مەسىلىگە دۇچ كېلىمىز:

--ئۆيدە ئوقۇتۇش ۋاقتى نەدىن كېلىدۇ؟

--ئۆيدە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئوخشىماي قېلىش مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ دەرسلەر مەكتەپتە خەنزۇچە، ئۆيدە ئۇيغۇرچە ئۆتۈلىدىغان بولغاچقا، بۇ ئىككى يەردىكى دەرس ئۆگىتىش ئۇسۇلى ھەقىقەتەنمۇ ئوخشىماي قالىدۇ.

ئامېرىكىدىكى باشلانغۇچلاردا دەرس ئۆتۈش ۋاقتى 6 سائەتتىن ئاشمايدۇ. يەنى، بەزى مەكتەپلەر ئەتىگىنى سائەت 7 دە، بەزىلىرى 8 دە، ۋە بەزىلىرى 9 دا دەرس باشلاپ، چۈشتىن كېيىن سائەت 2 ياكى 3 تە چوقۇم دەرستىن چۈشىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىغا بېرىلگەن تاپشۇرۇقنىڭ مىقدارى بىر سائەتتىن ئاشمايدۇ. يەنى، باشلانغۇچنىڭ بالىلىرى بىر كۈندە ئەڭ كۆپ بولسىمۇ تاپشۇرۇق ئىشلەش ۋاقتىنىمۇ قوشۇپ ئاران 7 سائەت ئوقۇيدۇ. مەن ئىگىلىگەن ئەھۋالغا ئاساسلانغاندا، ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇر بالىلارنىڭ كۈنلۈك ئوقۇش ۋە تاپشۇرۇق ئىشلەش ۋاقتى 12 – 15 سائەت كېلىدىكەن. بۇنداق ئەھۋالدا «ئۆيدە ئۆگىتىش» ئىشىنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك؟

بۇ سوئالغا مەندىمۇ جاۋاب يوق. مېنىڭچە بۇ ئىشقا ئۇيغۇر ئەمەل ئەھلىلىرى بىلەن ئۇيغۇر مائارىپچىلار ئۆزلىرى كۈچىشى كېرەك. يەنى، ئۇيغۇر باشلانغۇچ مائارىپىنىڭ دائىرىلەر كۆزلىگەن مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، ھازىرقىدەك قالاق ۋە ئۈنۈمسىز ئۇسۇل بىلەن تەرەققىي تاپقان ئەللەر قوللىنىۋاتقان ئىلمىي ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بار. ئەمەل ئەھلىلىرى بىلەن مائارىپچىلار ھاكىمىيەت ئۇستىدىكىلەرنى «نىشانىنى سەن بەلگىلەپ بەر، ئۇنى ئۆزىمىز ئەمەلگە ئاشۇرايلى» دېگەن نەرسىگە كۆندۈرۈش يولىدا داۋاملىق تىرىشىشى كېرەك. ئامېرىكىدا مائارىپ توغرىسىدىكى دۆلەت قارارلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش جەريانلىرىنىڭ ھەممىسىگە مائارىپچىلار بىلەن ئاتا-ئانىلار چوقۇم قاتناشتۇرۇلىدۇ. مەن ھازىرچە بۇنىڭدىن باشقا ئامالنى ئويلاپ چىقالمىدىم.


پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] Time spent teaching core academic subjects in elementary schools

http://nces.ed.gov/pubs/97293.pdf

[2] Teaching primary
http://www.education.gov.uk/get-into-teaching/subjects-age-groups/age-groups/teaching-primary

[3] Teachers and the Teaching Profession in the United States
http://www2.ed.gov/pubs/USCaseStudy/chapter5a.html

[4] Wage and Hour Division (WHD)
http://www.dol.gov/whd/regs/compliance/whdfs46.htm

[5] Elementary School Teacher Education Requirements
http://education-portal.com/elementary_school_teacher_requirements.html

[6] Elementary School Teacher: Salary
http://money.usnews.com/careers/best-jobs/elementary-school-teacher/salary

# پاتېنت ھوقۇقىغا قانداق ئىلتىماس قىلىدۇ؟

2014-يىلى 6-ئاينىڭ 21-كۈنى

تۈنۈگۈن «motiwarlar» ئىسىملىك بىر قېرىندىشىمىز باغداش مۇنبىرىگە «بىلىمخۇمار ئاكىمىزدىن توردا پاتېنت ئىلتىماس قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت سورايمىز» [1] دېگەن تېمىدا بىر قىسقا يازما چىقىرىپ، مەندىن تور ئارقىلىق پاتېنت ھوقۇقىغا ئىلتىماس قىلىش ئىشىنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. مېنىڭ جۇڭگونىڭ ھازىرقى پاتېنت ھوقۇقىغا ئىلتىماس قىلىش رەسمىيەتلىرى ھەققىدە ھېچ قانداق بىلىمىم يوق. ئەمما، ئامېرىكىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىشلىرىدىن خېلى ئۇبدان خەۋىرىم بار. يەنى، مەن 2000-يىلىدىن 2003-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئامېرىكىدىكى 300 كىشىدىن كۆپرەك خادىمى بار، نۇرلۇق-تالا (optical fiber) خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى ئۈچۈن ئوپتىكا زاپچاسلىرى لايىھەلەپ ياساپ چىقىرىدىغان بىر يۇقىرى تېخنولوگىيە شىركىتىدە پاتېنت ھۆججىتىنى تەستىقلىغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن ئىدىم. مەن ئىشلىگەن ئامېرىكا پاتېنت ھوقۇقىدىن 3 پارچىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىسىگە مەن ئۆزۈم يالغۇز ئېرىشكەن، قالغان بىرسىگە بولسا مەن ئامېرىكا ساندىيا دۆلەت تەجرىبىخانىسى (Sandia National Laboratory) دىكى بىر گۇرۇپپا مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىللە ئېرىشكەن ئىدىم. شۇڭلاشقا باشقا قېرىنداشلارنىڭمۇ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مەن مەزكۇر يازمىدا ئامېرىكىدا پاتېنتقا ئىلتىماس قىلىشتىكى قەدەم-باسقۇچلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

ئامېرىكىدا ئۆزى غۇلجىلىق ئۇيغۇر، ئېرى تۈرك بىر ھەدىمىز بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار. ئۇنىڭ بىر ئوغلى ئادۋوكاتلىق كەسپىدە ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر مەزگىل «شىركەت پاتېنت ئادۋوكاتى» بولۇپ ئىشلىدى. كېيىن ئۇ خىزمەت ئالمىشىپ، بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئادۋوكاتى بولدى. مېنىڭ بىلىشىمچە ئۇ ھازىرمۇ ئاشۇ خىزمەتنى قىلىۋاتىدۇ. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە پاتېنت ئادۋوكاتلىقى كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياكى شۇغۇللىنىپ باققان كىشىلەردىن مەن بىلىدىغىنى پەقەت شۇ بىر ئۇكىمىزلا بار. مەن ئۇ ئۇكىمىزنى ئوبدان بىلىمەن. لېكىن، ئۇ ئۇكىمىز ئۇيغۇرچىنى بىلمەيدۇ، ھەمدە ئۇيغۇرلار بىلەن ئەمەس، ئادەتتە پەقەت تۈركلەر بىلەنلا ئارىلىشىدۇ. مېنىڭ بۇ يەردە بۇ گەپلەرنى دېيىشىمدىكى سەۋەب، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلاردا ھازىر «پاتېنت ئادۋوكاتى» دېگەن كەسىپتە بىر بوشلۇق بار. ئۇيغۇر دىيارىدا مەزكۇر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇرلار بارمۇ-يوق، ئۇنى بىلمەيمەن.

ھەر قانداق بىر ئادەم بىرەر پاتېنت ھوقۇقىغا ئىلتىماس قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇ ئالدى بىلەن بىر «پاتېنت ھۆججىتى» يېزىپ چىقىشى كېرەك. بۇ ھۆججەت تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئىلمىي ماقالىلەرگە بىر ئاز ئوخشاپ قالىدۇ. بىر ئوخشىمايدىغان يېرى، بۇ ھۆججەتتە كەشپىياتچى ئېرىشكەن يېڭىلىق ئىنتايىن تەپسىلىي، ئىنتايىن ئېنىق، ۋە ئىنتايىن چۈشىنىشلىك قىلىپ يېزىلىشى كېرەك. زۆرۈر بولغاندا ئۇنىڭدا بىرىنچى، ئىككىنچى دېگەندەك نومۇر قويۇلغان ئابزاسلار ياكى بۆلۈملەر ئىشلىتىلىشى كېرەك. بۇ ھۆججەتنىڭ تىلى ئىلمىي ماقالىلەردە ئىشلىتىلىدىغان كەسپىي تىللار بولۇپ، پاتېنت ھوقۇقى ئادۋوكاتىنىڭ بىر ۋەزىپىسى بۇ ھۆججەتنى ئادەتتىكى تىلدىن «قانۇن تىلى» غا تەرجىمە قىلىش بولىدۇ. يەنى، ئامېرىكىدا ئادەتتە ئىشلىتىلىدىغان يېزىق تىلى بىلەن قانۇندا ئىشلىتىلىدىغان تىللار ئوتتۇرىسىدا بىر ئاز پەرق بار. قانۇن ھۆججەتلىرىدە «جاكارلىما» (claim) لار كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

مېنىڭ بۇلارنى تىلغا ئېلىشىمدا مەلۇم مەقسىتىم بار. ئۇ بولسىمۇ، پاتېنت ھۆججىتى ناھايىتى تەپسىلىي يېزىلىدىغان بولغاچقا، پاتېنت ھوقۇقى ھەققىي تۈردە قوغدالمايدىغان دۆلەتلەردە بۇنداق پاتېنت ھۆججىتى باشقىلارنىڭ

سىز قىلغان يېڭىلىقنى ئوغرىلىۋالىدىغان ۋاستىسى بولۇپ قالىدۇ. يەنى، رەسمىي تەستىقلانغان پاتېنت ھۆججەتلىرى ئادەتتە ھەممەيلەننىڭ كۆرۈشىگە قويۇپ قويۇلىدىغان بولغاچقا (ئامېرىكىدا مۇشۇنداق بولۇپ، جۇڭگودا بۇ ئىش قانداق ئۇنى بىلمەيدىكەنمەن)، بەزىلەر ئاشۇ ھۆججەتتىن پايدىلىنىپ سىزنىڭ يېڭىلىقىڭىزنى بۇۋاستە ئوغرىلىيالايدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا سىزنىڭ پاتېنت ھۆججىتىڭىزدىن بىرەر ئاجىزلىقنى تېپىپ، سىز كەشىپ قىلغان نەرسىنى ياساپ چىقىپ، قانۇنىي جاۋابكارلىققا ئۇچرىمايدۇ. يەنى، ئەگەر سىزنىڭ پاتېنت ھۆججىتىڭىزنىڭ ئەڭ نازۇك يېرىدىكى بىرەر سۆز خاتا ئىشلىتىلىپ قالغان بولسا، باشقىلار سىز ئوتتۇرىغا قويغان «جاكارلىما» نى ئىناۋەتسىز قىلىۋېتەلەيدۇ. مۇشۇنداق ئىش بۇرۇن مېنىڭ بېشىمدىن بىر قېتىم ئۆتۈپ باققان.

ئالدىنقى 10 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇر دىيارىدىكى ياش كەشپىياتچىلاردىن نەچچە 10 كىشى ماڭا خەت يېزىپ، ئۇزلىرىنىڭ كەشپىياتلىرىنى ماڭا دەپ بەردى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بولسا مەندىن پاتېنت ھوقۇقى ھەققىدە مەسلىھەت سورىدى. ھەر قېتىم ئاشۇنداق ئۇكىلارنى بىلگەندە، مەن بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىل-پاراستىگە ئاپىرىن ئوقۇدۇم. ھېلىقى ئۇكىلاردىن ئىنتايىن تەسىرلەندىم. يەنە بىر تەرەپتىن ئىنتايىن ئازابلاندىم. مېنىڭ ئازابلىنىشىمدىكى سەۋەب، يېڭىلىق ياراتقان ئاشۇ ئۇكىلارنىڭ ئۆز كەشپىياتلىرىنى بىرەر ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرەلمەيدىغانلىقى، ماڭىدىغانغا يول تاپالماي، تەلمۈرۈش، تەلپۈنۈش، بېشىغا بىرەر بەخت قۇشىنىڭ قونۇشىنى كۈتۈش بىلەن ئۆتۈپ كېتىشىدۇر. خېلى كۆپ ئۇكىلار مەندىن ئامېرىكىدا پاتېنت ھوقۇقى ئېلىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى ھەققىدىمۇ سوئال سورىدى. باشقا ھەر قانداق دۆلەتنىڭ بىر ئادىمى ئامېرىكىدا پاتېنتقا ئىلتىماس قىلالايدۇ. ئەمما، ئامېرىكىدا بىر پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن 10 مىڭ دوللار ئەتراپىدا پۇل كېتىدۇ. كۆپىنچە ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن بۇ بىر يەڭگىلى بولمايدىغان ئۆتكەلدۇر. بۇ ئىشتىكى ئىككىنچى ئۆتكەل بولسا، چەت ئەلدە بۇ ئىشقا ياردەملىشىپ بېرىدىغان بىرەر تونۇشىنىڭ يوقلۇقىدۇر. مەن ئاشۇنداق ئۇكىلارغا ئىنتايىن ئىچ ئاغرىتتىم. ئىنتايىن ھېسداشلىق قىلدىم. ئەمما ئۆزۈم بەك ئالدىراش بولغاچقا، ھەممە ئامېرىكىدا پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىش جەريانى ئىنتايىن كۆپ ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ جەھەتتە مەن بىرەر ئۇكىلارغىمۇ ياردەم قىلالمىدىم. ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىشنى ئويلاۋاتقان ئامېرىكىدىكى قېرىنداشلار ئۈچۈن قىلسا بولىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى مانا مۇشۇ. ئەگەر بۇ ئىشقا قىزىقسىڭىز، سىز مەن بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

بۇ ساھەدە مەن كۆرگەن ئەڭ ئېچىنىشلىق ئىشلارنىڭ بىرى مۇنداق: ئۇيغۇر دىيارىدىكى بىر ئۇكىمىز بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر يېڭىلىقنى كەشپ قىلىپ، ئۇنى پاتېنت قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ئورۇن ئىزدەيدۇ. كېيىن بۇ ئىشقا ياردەم قىلالايدىغان ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بىر شىركەتنى تاپىدۇ. ئۇ شىركەت بۇ يېڭىلىقنى 250 مىڭ سومغا سېتىۋالماقچى بولىدۇ. ھەممە ھېلىقى ئۇكىمىزدىن پاتېنت ھۆججىتىنى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ئۇكىمىز پاتېنت ھۆججىتىنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ. لېكىن ھېلىقى شىركەت ئۇنىڭدىن كېيىن جىم بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇكىمىز نۇرغۇن چىقىم تارتىپ، ھېلىقى شىركەتنى ئىزدەپ بارسا، ھېلىقى شىركەت ئۇ ئۇكىمىزغا «سېنى تونۇمايمىز» دەپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى ئۇنىمايدۇ. مېنىڭ بىلىشىمچە ئۇ ئۇكىمىز شۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ كەشپىياتى بىلەن ھېچ قانداق ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى.

بۇرۇن ئامېرىكا پاتېنت ھوقۇقىنى «بىرىنچى بولۇپ كەشپ قىلغانلار» (First-to-invent) بېرەتتى. ئەمما كېيىن ئۇنى «بىرىنچى بولۇپ پاتېنت ھوقۇقىغا ئىلتىماس قىلغان كەشپىياتچىلار» (First-inventor-to-file) غا ئۆزگەرتتى. شۇنىڭدىن كېيىن «پاتېنت ھوقۇقىغا ۋاقىتلىق ئىلتىماس قىلىش» (Provisional Application for Patent) دېگەن بىر يېڭى ئىش چىقتى. «ۋاقىتلىق ئىلتىماس» نىڭ تەستىقلىنىش مۇددىتى رەسمىي ئىلتىماسنىڭكىدىن كۆپ قىسقا بولغاچقا، بۇ ئارقىلىق «بىرىنچى بولۇپ ئىلتىماس قىلغۇچى» سالاھىيىتىگە ئاسانلا ئېرىشۋالغىلى بولىدۇ. ھەممىدە بۇنىڭغا پۇل ناھايىتى ئاز كېتىدىغان بولۇپ، مەن ھازىر تورلارنى ئىزدەپ باقسام ئۇنىڭغا 65 – 260 دوللار

كېتىدىكەن [2]. شۇڭا ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر ئالدى بىلەن مۇشۇ «ۋاقىتلىق پاتېنت» كە ئىلتىماس قىلىدۇ. ئەمما، بۇ «ۋاقىتلىق پاتېنت» كېيىنچە رەسمىي پاتېنتقا ئۆزگەرمەيدىكەن، ئۇ نورمال «پاتېنت ھوقۇقى» غا ئىگە بولمايدۇ.

مەن بۇرۇن مۇنداق بىر ئىشنى ئاڭلىغان: ياپونىيە ھۆكۈمىتى 500 نەپەر مۇتەخەسسىسلەرنى يىغىپ بىر شىركەت قىلىپ، مەخسۇس يىغىلىق يارىتىپ پاتېنت ئېلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ شىركەتنىڭ كىرىم مەنبەسى «بىلىم ھوقۇقى» ياكى ئاشۇ پاتېنتلارنىڭ ھوقۇقىنى سېتىش بولغان. ئىلىم-پەندە تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر مانا مۇشۇنداق يول بىلەنمۇ پۇل تاپالايدۇ.

پاتېنت ھوقۇقى ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى خەلقئارا پاتېنت ھوقۇقى (global patent)، يەنە بىرى بولسا مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ پاتېنت ھوقۇقى، مەسىلەن، ئامېرىكا پاتېنت ھوقۇقى (US Patent).

تۆۋەندىكىسى ئامېرىكا پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى [3]:

(1) سىزنىڭ كەشپىياتىڭىز بۇرۇن باشقىلار تەرىپىدىن پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىپ بولۇنغانمۇ؟ سىز پۈتۈن پاتېنت ھۆججەتلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئۆز كەشپىياتىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇرۇنقى پاتېنتلارنى كۆرۈپ چىقىڭ. ئەگەر باشقىلار پاتېنت قىلىپ بولغان بولسا، سىز ئىلتىماس قىلماڭ. مۇشۇ يەردە توختاپ قېلىڭ.

(2) سىز قايسى خىلدىكى پاتېنت ھوقۇقىغا ئىلتىماس قىلماقچى؟ لايىھە پاتېنتى، ئۈسۈملۈك پاتېنتى، ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ياكى ئىشلەپچىقىرىش (Utility) پاتېنتىدىن بىرىنى تاللاڭ.

(3) خەلقئارا ياكى ئامېرىكا پاتېنتىدىن بىرىنى تاللاڭ. ئەگەر ئامېرىكا پاتېنتىنى تاللىسىڭىز، 4-قەدەمگە ئۆتۈڭ.

(4) ۋاقىتلىق ۋە رەسمىي پاتېنتتىن بىرىنى تاللاڭ.

(5) تېزلىتىلگەن پاتېنت ئىلتىماس جەريانىنى تاللامسىز؟ ئەگەر بۇنى تاللىسىڭىز پاتېنت ھەققىدىكى قارار تېزرەك چىقىدۇ، ئەمما پۇلمۇ جىقراق كېتىدۇ.

(6) ئۆزىڭىز ئىلتىماس قىلامسىز، ياكى بىر پاتېنت ئادۋوكاتى ئىشلىتەمسىز؟

(7) «ئېلېكترونلۇق ئىلتىماس قىلىش» يولىنى تاللاشنى ئويلىشىپ بېقىڭ. بۇنىڭغا پۇل ئازراق كېتىدۇ.

(8) «ئېلېكترونلۇق ئىلتىماس قىلىش» ئۇسۇلى بىلەن پاتېنت ھوقۇقىغا ئىلتىماس قىلىڭ.

(9) ئامېرىكا پاتېنت ئىشخانىسى سىزنىڭ پاتېنت ئىلتىماسىڭىزنى تەكشۈرىدۇ. ئەگەر ئۇلار قوبۇل قىلسا، 12-قەدەمگە ئۆتۈڭ. ئەگەر قوبۇل قىلمىسا، 10-قەدەمنى مېڭىڭ.

(10) سىزگە قويۇلغان تەلەپلەرنى ئورۇنلاپ، قايتا ئىلتىماس قىلىڭ. ياكى سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزنى قايتا ئويلىشىپ بېقىشقا مۇراجىئەت (appeal) قىلىڭ.

(11) ئەگەر ئامېرىكا پاتېنت ئىشخانىسى سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزنى تەكشۈرگەن كىشىنىڭ قارارىنى ئىنكار قىلسا، ئۇلار سىزگە بىر «رۇخسەت قىلىش خېتى» يوللاپ، سىزدىن پۇل تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

(12) سىز پۇل تاپشۇرىسىز. ئامېرىكا پاتېنت ئىشخانىسى سىزگە پاتېنت ھوقۇقى بېرىدۇ.

(13) سىزگە تەستىق چۈشۈپ 3.5، 7.5 ۋە 11.5 يىل ئۆتكەندە سىز بىر قېتىمدىن «ساقلاش پۇلى» تاپشۇرىسىز.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] بىلىمخۇمار ئاكىمىزدىن توردا پاتېنت ئىلتىماس قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت سورايمىز
http://bbs.bagdax.cn/thread-25574-1-1.html

[2] United States Patent and Trademark Office: Fee Schedule
http://www.uspto.gov/web/offices/ac/qs/ope/fee010114.htm

[3] United States Patent and Trademark Office: Patent Process Overview
http://www.uspto.gov/patents/process/ppo_textonly.jsp



# باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى خەلقئارا ئالەم پونكىتى بىلەن سۆزلەشتى

2014-يىلى 9-ئاينىڭ 5-كۈنى

بىر دۆلەت ياكى مىللەت تەرەققىياتتا دۇنيانىڭ ئالدىدا مېڭىش ئۈچۈن قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئامېرىكىلىقلارنىڭ قارىشىچە، ئۇ دۆلەت ياكى مىللەت چوقۇم تەبىئىي-پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق ۋە ماتېماتىكىدىن ئىبارەت 4 ساھەدە دۇنيانىڭ ئالدىدا مېڭىشى كېرەك. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپلا ئۆسمۈرلەرنىڭ مېڭىسىگە مۇشۇ ئۇقۇمۇ بىلەن «قاتتىق تىرىشسا ھەر قانداق ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ» دېگەن ئۇقۇمنى سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. باشلانغۇچ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مېڭىسىگە ئاشۇنداق ئۇقۇملارنى سىڭدۈرۈۋېتىشتە ئامېرىكىدىكى مەكتەپلەر قوللىنىدىغان ھەر خىل ئۇسۇللار بار. ئۇنىڭ بىر خىلى، مەكتەپلەر يىلدا بىر قېتىم «ئىلىم-پەن» كۆرىكى پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. يەنە بىرى بولسا، ھەر خىل ساھەدىكى كەسىپ ئەھلىلىرىنى مەكتەپلەرگە تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ، ئۇلارنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز كەسپى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. مەن بۇ ھەقتە ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى يازمىلىرىدا ئازراق سۆزلەپ بەردىم.

2014-يىلى 27-ئاۋغۇست كۈنى، ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي كالىفورنىيە رايونىغا جايلاشقان، «فونتانا» (Fontana) باشلانغۇچ مەكتىپى مۇنداق بىر ئالاھىدە پائالىيەت ئورۇنلاشتۇردى: ئۇلار بۇ مەكتەپتىكى 7 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ھازىر خەلقئارا ئالەم پونكىتىدا خىزمەت قىلىۋاتقان بىر ئالەم ئۇچقۇچىسى بىلەن رادىئو ئۈسكۈنىلىرى ئارقىلىق بىۋاستە سۆزلىشىشكە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ پائالىيەتنى ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن، مەكتەپ دائىرىلىرى بىر قانچە كۈن پۈتۈن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا كائىناتنى تەكشۈرۈش، پلانېتلار ۋە باشقا تەبىئىي-پەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇردى، ھەمدە ھېلىقى 7 نەپەر ئوقۇغۇچى ئالەم ئۇچقۇچىسىدىن سوئال سورىغان، ۋە ھېلىقى ئالەم ئۇچقۇچىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەن ئەھۋالنى نەق مەيداندىن پۈتۈن مەكتەپكە ئاڭلاتتى. شۇڭا بۇ كۈنى پۈتۈن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمدى.

بۇ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر «رادىئوغا قىزىققۇچىلار كۇلۇبى» بار بولۇپ، ئۇنىڭ 45 نەپەر ئەزاسى بار. بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئاشۇ كۇلۇبنىڭ ئەزالىرى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

مەزكۇر پائالىيەتتىن كېيىن، NASA مەركىزى JPL دىكى خەۋەرلىشىش ئىنژېنېرى ئاركېر (Archer) ئوقۇغۇچىلارغا JPL نىڭ خەلقئارا ئالەم پونكىتىغا بىر ئالاھىدە ياسالغان رادارنى ئورنىتىش پىلانى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە بۇ رادار دېڭىز بورانلىرىنىڭ تېزلىكى ۋە يۆنىلىشىنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، بۇنداق قىلىش يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىكەن.

بۇ مەكتەپنىڭ رادىئوغا قىزىققۇچىلار كۇلۇبىغا بىر نەپەر 4-سىنىپ ئوقۇتقۇچىسى يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بۇ قېتىم خەلقئارا ئالەم پونكىتىدىكى ئالەم ئۇچقۇچىسى بىلەن سۆزلىشىشتە ئىشلەتكەن خەۋەرلىشىش ئاپپاراتى ئاشۇ رادىئو كۇلۇبى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئاپپارات بولسىمۇ، باشقا بىر قانچە رادىئو تەشكىلاتلىرى سۈنئىي-ھەمراھ بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئانتېنناالاردىن بىر قانچىنى بىرىپ تۇرغان، ھەمدە ئۇلارنى مەكتەپكە ئەكېلىپ قۇراشتۇرۇپ بەرگەن.

خەلقئارا ئالەم پونكىتى يەر شارىنى سائەتتە 27 مىڭ كىلومېتىر تېزلىك بىلەن ئايلىنىدىغان بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار

ھېلىقى ئالەم ئۇچقۇچىسى بىلەن ئاران 10 مىنۇتلا سۆزلىشەلىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بولغان رادىئو ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان.

تۆۋەندىكى 3 پارچە رەسىمدە «فونتانا» باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى مەزكۇر پائالىيەتنىڭ بىر قىسىم كۆرۈنۈشلىرى بېرىلدى.




Grant Elementary students from teacher Beverly Matheson's amateur radio club talk to ISS flight engineer Alexander Gerst, a geophysicist from Germany using a ham radio at Dorothy Grant Elementary School in Fontana, Wednesday. (Photo by Eric Reed)

1- رەسىم.




Grant Elementary students from teacher Beverly Matheson's amateur radio club talk to ISS flight engineer Alexander Gerst, a geophysicist from Germany using a ham radio at Dorothy Grant Elementary School in Fontana, Wednesday. (Photo by Eric Reed)

2- رەسىم.





Grant Elementary students from teacher Beverly Matheson's amateur radio club talk to ISS flight engineer Alexander Gerst, a geophysicist from Germany using a ham radio at Dorothy Grant Elementary School in Fontana, Wednesday. (Photo by Eric Reed)

3- رەسىم.

بۇ خەۋەردىن بىز مۇنداق بىر قانچە ئىشنى بىلىۋالالايمىز:

(1) ئامېرىكا ھۆكۈمىتى باشلانغۇچ مەكتەپ باللىرىنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى، بولۇپمۇ تەبىئىي-پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق ۋە ماتېماتىكا ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەزكۇر پائالىيەتتە NASA بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ خەلقئارا ئالەم پونكىتىدىن ئازراق پايدىلىنىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلغان.

(2) باشلانغۇچ مەكتەپ باللىرىنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى، بولۇپمۇ تەبىئىي-پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق ۋە ماتېماتىكا ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاشقا پۈتۈن ئامېرىكا جەمئىيىتىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەزكۇر پائالىيەتتە بىر قانچە رادىئو ئورۇنلىرى بىرلىشىپ، بۇ مەكتەپنى بىر قانچە ئالاھىدە ياسالغان ئانتېننا بىلەن تەمىنلەيدۇ، ھەمدە ئۇلار پۈتۈن پائالىيەت جەريانىدا يېقىندىن ياردەمدە بولىدۇ.

(3) بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە «رادىئوغا قىزىققۇچىلار كۇلۇبى» نىڭ بار بولۇشى ئۆيغۇرلار ئۈچۈن بىر يېڭىلىق بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇر دىيارىدىكى مەكتەپلەردە سەنئەت گۇرۇپپىلىرى كۆپ تېپىلىدۇ. ئەمما بۇنداق كۇلۇب ئاساسەن مەۋجۇت بولماسلىقى مۇمكىن.

## قوشۇمچە: مەن يېقىندا قىلغان «باھالىغۇچى مۇتەخەسسىس» لىق خىزمىتى ھەققىدە

ئوپتىكا ئىلمى ساھەسىدە «ئامېرىكا ئوپتىكا جەمئىيىتى» (The Optical Society of America, OSA) تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان ئىلمىي ژۇرناللار سەۋىيە ۋە قوبۇل قىلىنىش قىيىنلىق دەرىجىسى جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇ ژۇرناللارغا يوللانغان ئىلمىي ماقالىلەر ئالدى بىلەن ماقالە مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەسپىي ساھەدە ئىشلەيدىغان، ھەمدە شۇ ساھەدە بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ باققان 5 نەپەر «باھالىغۇچى مۇتەخەسسىسلەر» (reviewer) گە ئەۋەتىلىدۇ. بىر ماقالىنى ئۇ مۇتەخەسسىسلەردىن كەم دېگەندە 3 نەپەر كىشى تەستىقلىغاندىلا، ئاندىن ئۇ ماقالە ژۇرنالغا قوبۇل قىلىنىدۇ. مەن ئالدىنقى 10 نەچچە يىلنىڭ مابەينىدە ئىزچىل تۈردە

ئاشۇ ژۇرناللارغا تەكلىپ بىلەن بىر «باھالىغۇچى مۇتەخەسسىس» بولۇپ خىزمەت قىلىپ كەلدىم. مەن تېخى يېقىندا ئىنگلىزچە «Optics Express» دېگەن ژۇرنالغا يوللانغان ئاشۇنداق ماقالىدىن بىرىنى باھالاپ، باش مۇھەررىرگە ئەۋەتىپ بەردىم. شۇنىڭغا جاۋابەن، مەن ئالدىنقى 1-سېنتەبىر كۈنى ئامېرىكا ئوپتىكا جەمئىيىتىنىڭ ھېلىقى ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرىدىن تۆۋەندىكى 4-رەسىمدە كۆرسىتىلگەن ئېلخەتنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. بىزنىڭ ئىدارە بۇنداق ئىشلارنى ئۆزىمىزنىڭ خىزمەت ۋاقتىدا قىلىشقا يول قويمايدۇ. شۇڭا مەن ئۇنى چوقۇم ئۆزۈمنىڭ ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىدا قىلىشىم كېرەك. خىزمىتىم بەك ئالدىراش بولۇپ كەتكەندە، ماڭا كەلگەن ماقالىلەرنى قوبۇل قىلماي، قايتۇرۇۋېتىمەن. بەزىدە ئورنۇمغا ئۆزۈم ياخشى بىلىدىغان، مەزكۇر خىزمەتكە مۇۋاپىق كېلىدىغان باشقا بىر خادىمنى كۆرسىتىپ بېرىمەن.

> From: Optical Society of America
> Sent: Monday, September 01, 2014 7:11 PM
> To: Sidick, Erkin (383E)
> Subject: Review of Optics Express Manuscript 217299.
>
> Manuscript ID: 217299 Type: research article
> Title: Evaluation method of mirror surface figure based on frequency domain and its application in GSSM of TMT
>
> Dear Dr. Sidick,
>
> Thank you for your recent review of the above manuscript. Your kind review clearly supported me to render the final decision on the manuscript.
>
> I realize that the referee process is a difficult and often thankless task, and I greatly appreciate the substantial amount of time and effort that you obviously dedicated to your response.
>
> I hope you will continue to support Optics Express as a reviewer.
> Thanks again for all your help.
>
> Sincerely,
> Associate Editor, Optics Express

4-رەسىم: مەن 2014-يىلى 1-سېنتەبىر كۈنى ئامېرىكا ئوپتىكا جەمئىيىتى (Optical Society of America) نىڭ ئىنگلىزچە «Optics Express» دېگەن ژۇرنالىنىڭ بىر مۇھەررىرىدىن تاپشۇرۇپ ئالغان بىر پارچە ئېلخەت.

### پايدىلىنىش ماتېرىيالى:

[1] Fontana elementary school makes ‘contact’ with International Space Station
http://www.sbsun.com/technology/20140827/fontana-elementary-school-makes-contact-with-international-space-station

# ئۆيدىن ئايرىلىپ ئوقۇيدىغان ياشلارغا بىر قانچە تەۋسىيە

2014-يىلى 9-ئاينىڭ 19-كۈنى

يېقىندا نۇرغۇنلىغان ياش-ئۆسمۈرلەر ئۆيدىن ئايرىلىپ، يىراق جايلارغا بېرىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ۋە ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى يېڭىدىن باشلىۋەتتى. ئاشۇ ياش-ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن بۇ تۇنجى قېتىم ئاتا-ئانىسىنىڭ قېشىدىن ئايرىلىپ ياشاش، بىر يېڭى تۇرمۇش مۇھىتىگە كىرىش، ۋە بىر يېڭى ئوقۇش شارائىتىدا ئوقۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. مەن 2008-يىلى «مەكتەپ ھاياتىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش توغرىسىدا قىسقىچە تەۋسىيە» [1] دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە يېزىپ، مەندىن ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە مەسلىھەت سورىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەن ئىدىم. مەن بۇ يەردە ئۇ ماقالىنى تېخى ئوقۇپ باقمىغان ئۇكىلارغا ئۇنى بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. مەن بۇنىڭدىن بىرەر يىل ئىلگىرى ئامېرىكىدىكى سكۆت راكېر (Scott Raecker ) ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ يېڭىدىن ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ، ئۆيدىن ئايرىلىپ يىراقتا ئوقۇشقا ماڭغان قىزىغا يازغان بىر پارچە خېتىنى ئۇچراتقان ئىدىم [2]. بۇ خەتتە كۆپلىگەن قىممەتلىك تەجرىبە-ساۋاقلار ۋە ھېكمەتلەر بار بولۇپ، ئۇيغۇر دىيارىدىكى يېڭىدىن ئۆيدىن ئايرىلىپ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنى باشلىغان ئۇكىلارغا پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن، مەن مەزكۇر ماقالىدا ئاشۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن. ئىشىنىمەنكى، ھازىر ئوقۇغۇچى ئەمەس قېرىنداشلارمۇ بۇ يەردىكى مەزمۇنلاردىن بىر قىسىم قىممەتلىك بىلىملەرگە ئىگە بولالايدۇ.

مەن ئۆزەمنىڭ «يەھۇدىلارنىڭ كۈچلۈك بولالىشىدىكى مۇھىم ئامىللار» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق دېگەن ئىدىم [3]: «نۇرغۇن يەھۇدى ئائىلىلىرىنىڭ مۇنداق بىر ئەنئەنىۋي ئادىتى بار: ئاتا-ئانىلار ئۆز ھاياتىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى بىر «ئەخلاقىي ۋەسىيەتنامە» شەكلىدە يېزىپ چىقىپ، ئۇنى بالىلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش. بۇ ۋەسىيەتنامە بىر خەتنىڭ شەكلىدە يېزىلغان، بىر روھىي (Spiritual) ۋە ئەقلىي (Intellectual) تەرجىمھالغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھۆججەت بولۇپ، كېيىنكى ئەۋلاتلار ئۈچۈن بىر قىممەتلىك خاتىرە بويۇم بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن ئىشلارنى باشتىن كەچۈرۈپ ئىگە بولغان ئەقىل-پاراسەتلەرنىڭ گۆھەرلىرىنى سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەپ يېزىپ چىقىش جەريانىنىڭ ئۆزىمۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدۇ ۋە ئۇلارنى مەمنۇن قىلىدۇ. بۇ ۋەسىيەتنامىنىڭ بىر ئالاھىدە شەكلى مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، ئۇ "مەن مۇنداق بىر ئىشنى بىلىۋالدىم: ——. مەن مۇنداق بىر ئىشنى چۈشىنىپ يەتتىم: ——" دەپ باشلىنىدۇ.» مەن سكۆت راكېرنىڭ مىللىتىنى تەكشۈرۈپ باقمىدىم. ئەمما ئۇنىڭ قىزىغا يازغان خېتى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئەخلاقىي ۋەسىيەتنامە» گە ئوخشاپ كېتىدىكەن.

تۆۋەندىكىسى سكۆت راكېرنىڭ قىزىغا يازغان خېتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى.

## 1. سكوت راكېرنىڭ قىزىغا يازغان تەۋسىيە خېتى

سۆيۈملۈك قىزىم،

مەن ئاپېڭىزنىڭ سىزگە ھامىلدار بولغانلىقىنى بىلگەن كۈندىن باشلاپ مېنىڭ ھاياتىم ئۆزگەردى. شۇ كۈندىن باشلاپ سىز مېنىڭ كۆڭلۈم بىلەن مېنىڭ يۈرىكىمدىم بىر كۈنمۇ ئايرىلىپ باقمىدىڭىز. ئاپىڭىز سىزنى مۇشۇ دۇنيا بىلەن

يۈز كۆرۈشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئەڭ قىيىن ئىشنى قىلغان بولسىمۇ، مەن ھېسسىيات جەھەتتىن سىز بىلەن ھەر ۋاقىت بىللە بولدۇم. سىز تۇغۇلغان كۈن مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ زور خوشاللىقلارنىڭ بىرى بولدى. شۇ كۈنى ئاپىڭىز بىلەن ئىككىمىزنىڭ «ئاللاھقا كۆپ رەھمەت» دېگىنىمىز ھازىرمۇ ئېسىمدە.

مېنىڭ ئېسىمدە خۇددى ھازىرقى ئىشتەك ساقلىنىپ كەلگەن بىر ئىش سىز تۇغۇلغاندا ئاپىڭىز بىلەن سىزنى ماشىنامىغا چىقىرىپ ئۆيگە ياندۇرۇپ كەلگەن ۋاقىتتىكى ئەھۋالدۇر. مەن ئۇ چاغدا سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە جىددىيلىشىپ كەتكەنىدىم. ئىككى قولۇمدا رولنى چىڭ تۇتۇپ، ھەممە ئەينەكلەرگە توختىماستىن تەكشى قارايتتىم. كۆڭلۈمدە پەقەت بىرلا ئىش بار بولغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ھەر قانداق بىر كۈتۈلمىگەن ئىش سىزگە بەلگىلىك دەرىجىدە زەخمە يەتكۈزىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. سىزنى بۇ دۇنيانىڭ خېيىم-خەتىرىگە يولۇقتۇرماي ئۆيگە ساق-سالامەت ئەكىلىۋېلىش مېنىڭ كونتروللۇقۇم ئاستىدىكى ئىش ۋە مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى دەككە-دۈككىگە سالىدىغان بىر ئىش ئىدى—بۇ ھەرگىزمۇ بىر چاق-چاق ئەمەس.

بۇ دۇنيادىكى خېيىم-خەتەرلەر ھازىرمۇ مەۋجۇت. مەن ھازىرغىچە سىزنى قوغداش ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىلەردىن ۋاز كەچتىم. ئەمەلىيەتتە سىز ھازىر بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز-ئۆزىڭىزنى ئىدارە قىلىپ ياشاشقا تولۇق تەييارلىنىپ بولدىڭىز.

سىز ھازىردىن باشلاپ ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى باشلىغاندىن كېيىن سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىز بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىمايدۇ. سىز بىلەن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزمۇ ھەم شۇنداق. سىز ۋە بىزنىڭ بۇ يېڭى تۇرمۇش بىلەن بۇ يېڭى مۇناسىۋەتكە تولۇق كۆنۈپ بولۇشىمىزغا بەلگىلىك ۋاقىت كېتىدۇ. بىز بۇ تەڭشېشنى بىللە ئېلىپ بارىمىز، ھەمدە چوقۇم ئۇنى ياخشى قىلالايمىز.

مەن سىز بىلەن قۇچاقلىشىپ، سىزگە «خەير-خوش» دېگەندە سىزگە تۆۋەندىكى ئىشلارنى دېگۈم كەلدى. ئەمما ئۇلارنى ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم:

مەن سىزگە كۆيىمەن. سىزدىن پەخىرلىنىمەن. سىزگە ئىشىنىمەن. سىزنىڭ ئىچىڭىزمۇ ۋە تېشىڭىزمۇ ئىنتايىن گۈزەل.

مەن سىزنىڭ ھاياتىڭىزنىڭ كېيىنكى بىر باسقۇچىغا تەييار بولۇپ بولغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. شۇنداقتىمۇ تۆۋەندىكى بىر قانچە ئىشتا مەن سىز بىلەن ئورتاقلىشىشنى ئىستەيمەن. بۇ ئىشلارنى سىز بىلىپ بولغان بولۇشىڭىزمۇ مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇلارنى سىزگە يەنىلا بىر قېتىم دەپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم:

(1) ئاپىڭىز بىلەن ئىككىمىز سىزنىڭ بىر ئۆزگىچە ئادەم بولۇپ چوڭ بولۇشىڭىز ئۈچۈن ھەممە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتۇق. بىز سىزنىڭ ئۆز ئالدىڭىزغا قارارلارنى ياخشى ئالىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمىز. شۇنداقلا سىزنىڭ ئۆز ھاياتىڭىزدا بەزى خاتالىقلارنى سادىر قىلىدىغانلىقىڭىزنىمۇ بىلىمىز. سىز ئاشۇنداق ئەھۋاللارنىڭ ئىچىدە تېخىمۇ ياخشى يېتىشىپ چىقىسىز. ياخشى قارارلار بىلەن خاتالىقلارنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن ھوزۇرلىنىش بىلەن ئۇلارغا يولدا تاقابىل تۇرۇش سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز.

(2) كېيىنكى 4 يىل سىزنىڭ ھاياتىڭىزنىڭ قالغان قىسمىغا ۋەكىللىك قىلمايدۇ. ئەمما كېيىنكى 4 يىل سىزنىڭ قالغان ھاياتىڭىزغا ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىز بۇ 4 يىل جەريانىدا بىر دوستلار ئالاقىلىشىش تورىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىسىز، ۋە بىر ئۇنىۋانغا ۋە باشقا سالاھىيەتلەرگە ئېرىشىسىز. بۇلار سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىڭىزغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ تەرجىمھالىنى پەقەت سىز ئۆزىڭىزلا يازالايسىز. سىز بېسىپ ئۆتكەن دەسلەپكى 18 يىل ھەققىدىكى مەزمۇن سىز ھازىردىن باشلاپ يازىدىغان مەزمۇن بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىر ئىنتايىن قىسقا «1-باپ» تىنلا ئىبارەت بولىدۇ، خالاس.

(3) ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش بىر ئىنتايىن قىيىن ئىش. سىز دەرسكە بارىسىز. دەرسلەرگە تەييارلىق قىلىسىز. ئۆگىنىش قىلىسىز. ئوقۇتقۇچىلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىسىز. پايدىلانغىلى بولىدىغان بارلىق مەنبەلەردىن ياخشى

پايدىلىنىڭ. داۋاملىق سوئال سوراپ تۇرۇڭ —سوئاللارنىڭ ھەممىسى ياخشى سوئاللاردۇر. سىز بۇنىڭدىن كېيىن تۇسالغۇلارغا يولۇقىسىز. سىزنىڭ ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشتىكى پوزىتسىيىڭىز ئىنتايىن مۇھىم. تۇسالغۇلار ياخشى نەرسىدۇر. سىز ئۇلارنى يېڭەلەيسىز، ھەممىدە شۇ ئارقىلىق يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالالايسىز. سىز ئەقىللىق، ھەم تىرىشچان. شۇڭا سىز ئەڭ كۈچلۈك كىشىلەر بىلەن رىقابەتلىشەلەيسىز. سىز ئۆزىڭىزدىنمۇ ئەقىللىقراق، سىزدىنمۇ بەكراق تىرىشچان كەلگەن كىشىلەرنى ئۇچرىتىسىز. ئۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ ئەنسىرىمەڭ. ئەتراپىڭىزغا ياخشى ئادەملەرنى توپلاڭ. ھاياتىڭىزدىكى يامان ئەھۋاللارنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتىڭ، ھەممىدە ئۇنداق ئەھۋاللارنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالماڭ. سىز قاتنىشالايدىغان ئىشلار بولسا ئۇلارغا قاتنىشىڭ، ھەممىدە ئۇلاردىن ئوبدان پايدىلىنىڭ. ئۆزىڭىزنىڭ «راھەت رايونلىرى» نىڭ ئىچىدىن چىقىپ كېتىڭ. سىزنىڭ ئوقۇشىڭىزنىڭ قانداق بولۇشى پۈتۈنلەي ئۆزىڭىزگە باغلىق.

(4) ھاراق ئىچىشكە ئوخشاش بىر قىسىم ئىشلاردا سىزگە يېڭى پۇرسەتلەر تۇغۇلىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئەخلاقى ۋە خاراكتېرىگە ماسلاشتۇرغان ھالدا توغرا قارار ئېلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ھاياتىڭىزدا سىز بۇرۇن مۆلچەرلىمىگەن تۈيۈق يوللارغا كىرىپ قالمايسىز. ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتلەرمۇ سىزنىڭ ئۈستىڭىزگە يۈكلەنگەن.

(5) كېيىنكى بىر قانچە يىلنىڭ ئىچىدە سىز ئۆز ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ ياخشى ئەھۋاللار بىلەن ئەڭ ناچار ئەھۋاللارنى ئۆز بېشىڭىزدىن ئۆتكۈزىسىز. بۇ سىزنى كېيىنكى ھايات ئۈچۈن تەييارلايدۇ. ياخشى ئەھۋال بىلەن يامان ئەھۋاللارغا ئۆز يولىدا مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى ياخشى تەڭپۇڭلاشتۇرۇڭ. چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، ھەرگىزمۇ جىددىيلەشمەڭ. ھەممە ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

(6) سىز بېسىم، ئەنسىرەش، ھەتتا چۈشكۈنلىشىش قاتارلىق بىر قىسىم تەبىئىي روھىي ھالەتلەرنى ئۆز بېشىڭىزدىن ئۆتكۈزىسىز. ئەگەر زۆرۈر بولىدىكەن، ئۆزىڭىز يولۇققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چوقۇم مۇۋاپىق ئورۇنلار ۋە مۇۋاپىق كىشىلەرگە مۇراجىئەت قىلىڭ. شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، باشقا بارلىق ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ئاپىڭىز بىلەن مەن سىز ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئەڭ مۇۋاپىق كىشىلەر بولۇپ ھېسابلىنىمىز.

(7) مېنىڭ پەرىزىمچە سىزمۇ مېنىڭكى بىلەن ئوخشاش بىر قىسىم ھېسسىياتلارنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتىسىز. يەنى، سىز بىر تەرەپتىن ھاياجانلىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن جىددىيلىشىپ، بىر تەرەپتىن ئۈمىدكە تولۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەندىشە قىلىۋاتىسىز. بۇ بىر خىل نورمال ئەھۋال بولۇپ، ئۇنداق ئىش ھەممە ئادەملەرنىڭ بېشىغا كېلىدۇ.

(8) «ئادەم خاراكتېرىنىڭ 6 تۈۋرۈكى » تامغا چاپلاپ قويىدىغان ياكى يادلىۋالىدىغان سۆزلەرلا ئەمەس (مەن «ئادەم خاراكتېرىنىڭ 6 تۈۋرۈكى » ھەققىدە بىر پارچە ماقالە يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ تور ئادرېسى تۆۋەندىكى 4-مەنبەدە بېرىلدى). ئۇلار بىر ئادەم ھەر ۋاقىت ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلار بولۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ھاياتىنى قانداق ياشىشىمىز كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر خىل ئالاھىدە قورالدۇر. سىز ھەر خىل قارارلارنى ئالىدىغاندا ئۇلاردىن بىر خىل يېتەكچى ئىدىيە سۈپىتىدە پايدىلىنىڭ. سىزنىڭ ھازىرغىچە ئۆتكەن ھاياتىڭىزدىكى ھەر قانداق بىر ۋاقىت بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھېلىقى ئادەم خاراكتېرىنىڭ 6 تۈۋرۈكى سىز ئۈچۈن ھازىر تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قالدى. مەن بۇ گەپلەرنى ئۆزەمنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىغا ئاساسەن دەۋاتىمەن.

(9) ھەر قانداق ئىشنى قىلغاندا، ئۇنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ياخشى قىلىشقا تىرىشىڭ. ساندۇقنىڭ تېشىغا چىقىپ ئويلاڭ. مۇھىم ئىشلارنى تېپىپ چىقىڭ، ھەممىدە ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇڭ. بىر خىل ساغلام تۇرمۇش تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاڭ. ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىشنى ئۆزىڭىزنىڭ نىشانى قىلىڭ. باشقىلار بىلەن ئۇنۇملۇك ۋە ئىجابىي مۇناسىۋەت ئورنىتىڭ. ئۆزىڭىزدىن چوڭراق بولغان بىر داۋا ئۈچۈن خىزمەت قىلىڭ. ئۆزىڭىزنى ۋە سىز پايدىلىنىدىغان ئەخلاقىي ئۆلچەملەرنى تولۇق چۈشىنىۋېلىڭ.

(10) بۇ دۇنيادا ھېچ كىم سىزنى ئاپىڭىز بىلەن مەندەك سۆيمەيدۇ. بىزنىڭ سىزگە بولغان كۆيۈنۈشىمىز بىر خىل شەرتسىز كۆيۈنۈشتۇر. بۇنى مەڭگۈ ئەستە چىڭ ساقلاڭ، ھەممىدە ئۇنىڭدىن ئوبدان پايدىلىنىڭ. سىز ياردەم سورايدىغانغا

ئاپىڭىز بىلەن مەن ئىككىمىزدىن ياخشىراق ئادەم تېپىلمايدۇ.

(11) بىز ئەڭ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، سىزنى هاياتىڭىزدىكى مۇشۇنداق بىر پەيت ئۈچۈن تەييار قىلدۇق. ئەمدى نۆۋەت سىزگە كەلدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇچرايدىغان پۇرسەتلەردىن ئەڭ زور دەرىجىدە تولۇق پايدىلىنىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، سىز بۇ دۇنيادا مۇقەررەر هالدا بىر كۆزگە كۆرۈنگەن ئادەم بولۇپ ياشيالايسىز.

(12) سىز بىر كۈچلۈك ۋە بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئېتىقادقا ئىگە كىشىسىز. سىزنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىڭىزغا يول قويىدىغان دائىرە ئىچىدە ئېتىقادىڭىزنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇڭ. ئاپىڭىز بىلەن مەن ئىككىمىزنىڭ سىزنى قايسى دەرىجىدە سۆيىدىغانلىقىمىزنى بىلىسىز. ئاللاھ سىزنى بىزدىنمۇ بەكراق سۆيىدۇ—بۇنىڭغا ئىشىنىڭ.

(13) قاتتىق تىرىشىڭ. نىشاننى چوڭ تىكلەڭ. ياخشى قارارلارنى ئېلىڭ. ھەممە تۇرمۇشتىن ياخشى هوزورلىنىپ ياشاڭ.

مېنىڭ مۇشۇ پەيتلەردە سىز ئۈچۈن نەقەدەر خوشال ئىكەنلىكىمنى بىلىڭ. مەن سىزگە كۆيىمەن. سىزدىن پەخىرلىنىمەن. سىزدىن بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ پەخىرلىنىمەن.

ئېتىقادنى ساقلاڭ.

دادىڭىز. (سكوّت راكېرنىڭ خېتى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى)

## 2. بۇرۇنقى بىر پارچە ماقالەم: « چەت ئەل ياشلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىش-ئىزدىنىش روهى»

ئىلاۋە: مەن بۇرۇن بىلىۋال تور بېتى بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق يازما سۆهبەتتە ئوقۇشنىڭ قىممىتى ھەققىدە بىر ئاز توختالغان ئىدىم. ئۇ يەردىكى مەزمۇنلار مەزكۇر ماقالىدىكى مەزمۇنلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، مەن بۇرۇنقى ئاشۇ مەزمۇنلارنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ قويدۇم. ئەسلىدىكى سۆهبەتنىڭ تولۇق مەزمۇنىغا قىزىقىدىغان قېرىنداشلار ئۇ سۆهبەت خاتىرىسىنىڭ تولۇق تېكىستىنى تۆۋەندىكى 5-مەنبەدىن تاپالايدۇ.

چەتئەل ياشلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىش-ئىزدىنىش رۇهى توغرىسىدا سۆز ئېچىشتىن بۇرۇن، مەن ئالدى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مائارىپ سىستېمىسى، ھەممە ئوقۇش بىلەن كەلگۈسىدىكى خىزمەت، كىرىمنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەي. مەن ئامېرىكىغا كەلگەن 16 يىلدىن بۇيان پەقەت كالىفورنىيەدىلا تۇرغان بولغاچقا، يۇقىرىقى ئىشلاردا كالىفورنىيەنىڭ ئەهۋالىنى سەل ياخشىراق بىلىمەن. شۇڭا مەن كالىفورنىيەنى مىسالغا ئېلىشنى لايىق كۆردۈم.

ئامېرىكىنىڭ نوپۇسى 300 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە كالىفورنىيەنىڭ نوپۇس سانى ئۇنىڭ 10 دىن بىر قىسمىغا، يەنى 35 مىليونغا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، كالىفورنىيەنىڭ يىللىق ئىقتىسادىي كىرىمى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت يىللىق ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ 5 تىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئامېرىكىدا 50 شتات بولغىنى بىلەن، پەقەت كالىفورنىيەلا ئامېرىكا ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ 20 پەرسەنتتىن كۆپىنى يارىتىدۇ. يەنى، كالىفورنىيە ئامېرىكا بويىچە ئالىي مائارىپ ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق سانائەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

كالىفورنىيەدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى جەمئىي 4 تۈرگە ئايرىش مۇمكىن:

1) كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى. بۇ مەكتەپنىڭ جەمئىي 10 شۆبىسى بار بولۇپ، ھەر بىرىسىدە 20 مىڭ ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى بار. بۇ مەكتەپلەرگە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئوقۇغان 12.5

پىرسەنت ئادەمنى ئالىدۇ. باكالاۋىر ، ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بېرەلەيدۇ. ئۇلار تەتقىقات بىلەن ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكىلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ئوخشاش نىشانىسى قىلغان مەكتەپلەردۇر.

2) كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتى. ئۇنىڭ جەمئىي 22 شۆبىسى بار بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئوقۇغۇچى سانى 30 مىڭ ئەتراپىدا. ئەڭ ياخشى ئوقۇغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 33 پىرسەنتى بۇ مەكتەپلەرگە كىرەلەيدۇ. باكالاۋىر ۋە ماگىستىرلىق ئۇنۋانلىرىنى بېرەلەيدۇ. ئۇلار ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، كالىفورنىيەنىڭ ئاساسلىق ئوتتۇرا ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك تېخنىكىلىق خادىملىرىنى يېتىشتۈرىدۇ.

3) جەمئىيەت ئىنستىتۇتلىرى (ئىنگلىزچە "Community College"دەپ ئاتىلىدۇ). ئۇنىڭ جەمئىي 106 شۆبىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوقۇيالىغىدەك ئىقتىدارى بار، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇ مەكتەپلەرگە كىرەلەيدۇ. ئوقۇش مۇددىتى 2 يىل بولۇپ، 2 يىلدىن كېيىن ئىنگلىزچىدە "Associate in Art"ۋە "Associate in Science"دەپ ئاتىلىدىغان "كاندىدات باكالاۋىر" ئۇنۋانى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرسىمۇ بولىدۇ. ياكى بولمىسا، كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ياكى كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ، يەنە 2 يىل ئوقۇپ، باكالاۋىر ئۇنۋانى ئالسىمۇ بولىدۇ. ھەر بىر مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىنىڭ سانى 15 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئوقۇش پۇلى يۇقىرىقى قالغان 2 تۈرگە قارىغاندا كۆپ ئەرزان. شۇڭا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار نۇرغۇن ئوقۇغۇچى دەسلەپكى 2 يىلنى مۇشۇ مەكتەپلەرنىڭ بىرىدە ئوقۇپ، ئاندىن 4 يىللىق ئالىي مەكتەپكە يۆتكىلىدۇ.

4) خۇسۇسىي ئالىي مەكتەپلەر. بۇ ئىقتىسادىي راسخودىنى شتات ياكى دۆلەتتىن ئالمايدىغان مەكتەپلەر بولۇپ، كالىفورنىيە خۇسۇسىي ئالىي مەكتەپلىرى بىرلەشمىسى قارىمىقىدا 77 ئالىي مەكتەپ بار ئىكەن. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئىچىدە دۇنياغا داڭلىق مەكتەپلەردىن Stanford, Caltech ۋە جەنۇبىي كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (ئىنگلىزچە "University of Southern California"دەپ ئاتىلىدۇ) قاتارلىقلار بار.

مەن يۇقۇرىدا تىزغان مەكتەپلەرنىڭ سانىنى قوشقاندا، ئۇ جەمئى 215 ئالىي مەكتەپ بولىدۇ. كالىفورنىيەدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەمەلىي سانى بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن. 35 مىليون نوپۇسى بار بىر شتاتتا 215 ئالىي مەكتەپنىڭ بارلىقى، كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. دۇنيادا بۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان باشقا بىر دۆلەت ياكى رايون بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ پاكىت ھازىر نېمە ئۈچۈن كالىفورنىيەنىڭ دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەر ۋە رايونلار ئىچىدىكى ئىقتىسادىي كىرىمى 5-ئورۇندا تۇرىدىغان بىر رايون بولالىغانلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

ئامېرىكىدا ئوقۇغان بىلەن ئوقىمىغانلارنىڭ مائاشى ئىنتايىن چوڭ پەرقلىنىدۇ. كالىفورنىيە ئامېرىكىدا بويىچە كىرىم ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان شتات بولۇپ، بۇ شتاتتىكى كىشىلەرنىڭ مائاشىمۇ يۇقىرى، نەرسىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۆينىڭ باھاسىمۇ ھەممىدىن يۇقىرى. مەسىلەن، يېقىنقى بىر دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، لوس-ئانژېلىس ناھىيىسىدىكى ئۆينىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 450 مىڭ دوللار ئەتراپىدا ئىكەن. بۇ دېگەنلىك يېقىندا لوس -ئانژېلىس ناھىيىسىدە سېتىلغان ئۆيلەرنىڭ يېرىمىنىڭ باھاسى 450 مىڭ دوللاردىن تۆۋەن، قالغان يېرىمىنىڭ باھاسى 450 مىڭ دوللاردىن يۇقىرى دېگەنلىكتىن ئىبارەت. ئىجارىگە بېرىلىدىغان 2ئېغىزلىق ياتاقنىڭ بىر ئايلىق ئىجارىسىمۇ 1800-1000 دوللار دائىرىسىدە. ئېلېكتىر، يۇمشاق دېتال، مېھانىكا، خىمىيە، ۋە بىئولوگىيە قاتارلىق ساھەدىكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان تېخنىكلار ۋە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ئىنژىنېرلارنىڭ يېڭى خىزمەتكە كىرگەن ۋاقتىدىكى ئوتتۇرىچە سائەتلىك مائاشىنى تەخمىنەن مۇنداق دەپ ئېيتىش مۇمكىن (بۇ بىر ئومۇملاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويغان مۆلچەر بولۇپ، ئايرىم شەخسلەرنىڭ مائاشى بۇنىڭدىن كۆپ پەرقلىق بولۇشى پۈتۈنلەي مۇمكىن(: ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرمىگەن تېخنىكلار: 10 دوللار؛ باكالاۋىرلىق ئالغانلار: 20 دوللار؛ ماگىستىرلىق ئالغانلار: 25 دوللار؛ دوكتورلۇق ئالغانلار: 35 دوللار ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى.

مەن هازىر سىلەرگە بىر ئاددىي هېساپ ئىشلەپ بېرەي. بۇ هېساب مەن تۆۋەندە بايان قىلماقچى بولغان بىر قىسىم نەرسىلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق.

سائەتىگە 10 دوللار ئالىدىغان، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان بىر ياش 10 يىلدا قانچىلىك پۇل تاپىدۇ؟ هەر بىر يىلنىڭ ئىچىدە 52 هەپتە بار بولۇپ، ئامېرىكىدا بىر هەپتىدە 5 كۈن، بىر كۈن 8 سائەت ئىشلەيدىغان بولغاچقا، بىر ئادەم بىر هەپتىدە 40 سائەت ئىشلەيدۇ. شۇڭا10

يىللىق كىرىم = 10 دوللار * 10 (يىل) * 52 (هەپتە) * 40 (سائەت) = 208 مىڭ دوللار.

سائەتىگە 20 دوللار ئالىدىغان، باكالاۋىر ئۇنۋانى بار بىر ياش 10 يىلدا قانچىلىك پۇل تاپىدۇ؟

ئون يىللىق كىرىم = يۇقىرىقى پۇلنىڭ ئىككى هەسسىسى = 416 مىڭ دوللار. لېكىن، بۇ ياش باكالاۋىر ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن 4 يىل ئىشلىيەلمەيدۇ، هەمدە بىر يىللىق كىرىمى 4 يىللىق ئوقۇشى ئۈچۈن كېتىدۇ، دېمەك، بۇ ياشنىڭ دەسلەپكى 10 يىللىق كىرىمىمۇ 208 مىڭ دوللار بولىدۇ.

نورمال ئوقۇغان بىر ياش، 22 يېشىدا باكالاۋىر ئۇنۋانى ئېلىپ بولىدۇ. بۇنىڭغا يۇقىرىقى 5 يىلنى قوشساق، يۇقىرىقى 10 يىلدىن كېيىن بۇ ياشنىڭ يېشى 27 ياش بولىدۇ. بۇ چاغدا، باكالاۋىر ئۇنۋانى بار ياشنىڭ سائەتلىك مائاشى 30 دوللارغا، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان ياشنىڭ مائاشى 15 دوللارغا ئۆسكەن بولۇشى مۇمكىن (ئامېرىكىدا بۇ پۈتۈنلەي مۇمكىن. كالىفورنىيەنىڭ سىلىكون جىلغىسىدا دوكتۇرلۇق ئۇنۋانى بار ئىنژېنېرلارنىڭ ئىچىدە سائەتلىك مائاشى 60-50 دوللاردىن ئاشىدىغانلار كۆرمىڭ). ئەگەر بۇ ئىككى ياش 60 ياشقىچە ئىشلىسە (ئامېرىكىدا 65 ياشقىچە ئىشلەيدىغانلار ئىنتايىن كۆپ)، بۇ يېڭى مائاش بىلەن يەنە 33 يىل ئىشلىيەلەيدۇ. ئۇلار بۇ 33 يىلدا قانچىلىك پۇل تاپىدۇ؟ باكالاۋىر ئۇنۋانى بار كىشى 2 مىليون 59 مىڭ دوللار، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان كىشى 1 مىليون 30 مىڭ دوللار تاپىدۇ. بۇلاردىن باشقا، ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىش، كەسىپ جەھەتتە توختىماي ئىلگىرلەش ئىقتىدارىمۇ تۆۋەنرەك بولىدىغان بولغاچقا، مائاشى ئۆسۈپ مەلۇم بىر سەۋىيەگە يەتكەندىن كېيىن توختىشى مۇمكىن. ئوقۇغانلار ئۈچۈن بولسا، كەسىپتە ۋە ئىقتىسادىي كىرىمدە ئۆمۈر بويى توختىماي ئىلگىرلەش پۇرسىتى بولىدۇ.

ئوقۇغان بىلەن ئوقۇمىغاننىڭ پەرقى يالغۇز ئىقتىسادىي كىرىمدىلا ئەمەس. ئوقۇغانلارنىڭ قىلىدىغىنى كەسىپ ۋە تېخنىكا جەھەتتە بىر ئاز يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەت بولغاچقا، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، ئېرىشىدىغان هۆرمىتىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

مەن بۇ هېسابنى نېمە ئۈچۈن ئىشلىدىم؟ چۈنكى، بۇ ئامېرىكىدىكى كۆپ سانلىق ئاق تەنلىكلەر ئىشلەيدىغان هېساپ. ئۇ يەهۇدىيلار، ياپونلۇقلار، گېرمانلار، ۋە ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆيىدە چوقۇم ئىشلەپ كۆرىدىغان هېساب. هەر قانداق بىر تەرەققىي تاپقان ئەلدىن كېلىپ چىققان كىشى بىلەن پاراڭلاشسىڭىز، سىز شۇنى چوڭقۇر هېس قىلىسىزكى، ئۇلار مەيلى بىر ئىگىلىك پىلانى توغرىسىدا سۆزلىسۇن، مەيلى تۇرمۇشتىكى بىرەر ئاددىي ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىسۇن، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدە سانلىق مەلۇماتلار ئىنتايىن كۆپ. ئۇلار هەممە ئىشلارنى هېسابلاپ تۇرۇپ قىلىدۇ. تەبىئىي پەن، ئىنژېنېرلىق ۋە ئىقتىسادلا ئەمەس، ئىجتىمائىي پەن ۋە سىياسەتتىمۇ شۇنداق. بولۇپمۇ، مەن بىر قەدەر چوڭقۇرراق ئارىلىشىپ باققان ياپونلۇقلار ۋە يەهۇدىيلار ئەنە شۇنداق. بۇ تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى "ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئىش قىلىش "دېگەن ئۇقۇمنى، "هېسابلاپ تۇرۇپ ئىش قىلىش"، دەپ ئاددىيلاشتۇرۇپ چۈشەنسىڭىز، هەرگىز خاتالاشمايسىز. يەهۇدىي ئاتا-ئانىلار يۇقىرىقى هېسابنى بەك ياخشى بىلگەچكە، ئۆزلىرى قانچىلىك جاپا چېكىشىدىن، خارلىنىشىشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن كۈچى بىلەن باللىرىنى ئوقۇتىدۇ. مەكتەپنىڭ ئەڭ ياخشىسىدا ئوقۇتىدۇ. ئەڭ قىيىن كەسىپلەردە ئوقۇتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئامېرىكىدا كىرىمى ئەڭ يۇقىرى بولغان

دوختۇرلۇق (مىدىتسىنا) كەسپى، ئادۋوكاتلىق كەسپى، ئىقتىساد كەسپى، ئالتۇن-بۇيۇم، سەنئەت ۋە كىنو ئىشلەش قاتارلىق كەسپلەردە يەھۇدىيلارنىڭ نىسبىتى ئۇلارنىڭ نوپۇس سانى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن يۇقۇرى.

ئامېرىكىدىكى كۆپ سانلىق ياشلارنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىش-ئىزدىنىش روھىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ نېمە؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. يەنى، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يۇقىرىراق ئىقتىسادىي كىرىم ۋە شۇ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان ياخشىراق تۇرمۇشتىن ئىبارەت. ئامېرىكىدىكى ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى كەلگۈسىدە باشقىلاردىن ياخشىراق ياشاش ئۈچۈن ئوقۇيدىغانلىقى، ھەمدە كۆپىنچىسى ئوقۇش پۇلىنى ئۆز يانچۇقىدىن تۆلەيدىغانلىغى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھېچ كىم مەجبۇرلىمىسۇ، ناھايىتى تىرىشىپ ئوقۇيدۇ.

ئامېرىكىنىڭ مائارىپ سىستېمىسى 4 نومۇرلۇق سىستېما بولۇپ، دەرس نەتىجىلىرى مۇنداق بېرىلىدۇ: A=4, B=3, C=2, D=1 ۋە F=0. شۇڭا ھەممە دەرسلەردە تولۇق نومۇر ئالغانلارنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرى 4.0 بولۇپ، بۇ ئوتتۇرىچە نومۇر ئىنگلىزچىدە "Grade Point Average"، ياكى قىسقارتىلىپ "GPA" دەپ ئاتىلىدۇ (ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى ئوقۇشتا ئالاھىدە ياخشى ئوقۇغۇچىلارغا بىر خىل ئالاھىدە كاتېگورىيە بويىچە 4.0 دىن يۇقىرى نومۇرمۇ بېرىلىدۇ). مەن كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ "Northridge" بىلەن "Sacramento" دىگەن شۆبىسىدە، كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ "Davis" دېگەن شۆبىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ باقتىم. نورمال دەرسنىمۇ، ۋە تەجرىبە دەرسلىرىنىمۇ ئۆتۈپ باقتىم. تەجرىبە دەرسلىرىدە، دەرسكە كەلمىگەن ئوقۇغۇچىنىڭ تەجرىبە دوكلاتى يېزىپ تاپشۇرۇشىغا يول قويمىدىم. دەرسكە كېلىپ، تەجرىبە ئىشلەپ، ئۇنىڭدىن دوكلات تاپشۇرغانلارنىڭ دوكلاتىنى تەكشۈرۈپ نومۇر بەردىم. دەرسخانىدا ئۆتۈلىدىغان نورمال دەرسكە كەلسەڭ، مېنىڭ كىم دەرسكە كەلدى، كىم كەلمىدى، ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز كارىم بولمىدى. ئەمىلىيەتتە ئۇ ئىشلار بىلەن كارى بولۇشنىڭ ھەرگىزمۇ ھاجىتى يوق. سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەقىقىي بىلىم ئېلىش، ھەقىقىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان بولغاچقا، ئۇلار ھەممە ۋاقىتتا كۆپرەك نەرسە ئۆگىنىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. دەرسكە خۇددى ئوقۇتقۇچىدا قەرزى باردەك كىرىدۇ: مەن مەكتەپكە پۇل تۆلىدىم، شۇڭا سىز دەرسنى ياخشى ئۆتۈشىڭىز كېرەك دەپ قارايدۇ. دەرس سۆزلەۋاتقاندا كىچىككىنە خاتالىق بولۇپ قالسىمۇ، ئۇلار دەرھال بىلىۋېلىپ، قولىنى كۆتۈرۈپ سوئال سورايدۇ. سىز شۇ نەق مەيداندا جاۋاپ بېرىسىز. ئەگەر شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا جاۋاب بېرەلمىسىڭىز، ئوقۇغۇچىلارغا دەپ قويۇپ، كېيىنكى دەرستە جاۋاب بېرىسىز. مەكتەپ سىزگە بىر دەرسنى ئۆتۈشنى تاپشۇرغاندا، سىزگە ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ دەرسنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن نېمىلەرنى بىلىشى كېرەك، شۇنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. قايسى كىتابنى ئۆتىسىز، قانداق تەرتىپ بويىچە ئۆتىسىز، قانچىلىك تاپشۇرۇق بېرىسىز، قانچە قېتىم ئىمتىھان ئالىسىز، ھەمدە ئەڭ ئاخىرقى دەرس نەتىجىسىنى قانداق بېرىسىز، بۇ پۈتۈنلەي ئۆزىڭىزنىڭ ھوقۇقى. ئادەتتە، باكالاۋىر ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس نەتىجىسى مۇنداق بېرىلىدۇ: تاپشۇرۇق 30 پىرسەنت، يېرىم مەۋسۇملۇق ئىمتىھان 30 پىرسەنت، مەۋسۇملۇق ئىمتىھان 40 پىرسەنت. سىنىپنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى 10-15 پىرسەنت ئوقۇغۇچىغا "A"، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 30 پىرسەنت ئوقۇغۇچىغا "B"، ئۇنىڭدىن كېيىن 30 پىرسەنت ئوقۇغۇچىغا "C"، قالغانلارغا "D" بىلەن "F" بېرىلىدۇ. ھەرگىز بىرەر ئىمتىھاننىڭ نەتىجىسى شۇ بويىچە ئوقۇغۇچىنىڭ دەرس نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار ھەقىقىي بىلىم ئىگىلەشنى 1-ئورۇنغا، ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئېلىشنى 2-ئورۇنغا قويىدۇ. مەن ھازىرغىچە ئۇچراتقان ئاسىيالىقلار بولسا، بۇنىڭ قارمۇ-قارشىسىنى قىلىدۇ.

مەكتەپ پۈتتۈرۈپ بولۇپ، خىزمەت تېپىشتا، ئوتتۇرىچە مەكتەپ نەتىجىسى 2.5 نومۇردىن يۇقىرى بولسا بولىۋېرىدۇ. يېڭى بىر شىركەتكە خىزمەتكە كىرگەندە، باكالاۋىر ئۇنۋانى بارلارنىڭ مەكتەپ نەتىجىسى تەكشۈرۈلىدۇ. ئالىي مەكتەپنى 4.0 ئوتتۇرىچە نومۇر بىلەن پۈتتۈرگەنلەرنى بەزى شىركەتلەر "بىر ئاز چاتىقى بار ئوخشايدۇ" دەپ قارايدىكەن.

ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانى بارلارنىڭ نەتىجىسىگە ئانچە قاراپ كەتمەيدۇ. لېكىن، ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇقتا ئوقۇش ئۈچۈن، باكلاۋىر نەتىجىسى كام دېگەندە 3.0، ئەڭ ياخشىسى 3.5 دىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك.

ئىزاھلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، بىر كىشىنىڭ بىرەر ئۇنۋانى بولۇشى، ھەرگىز ئۇ كىشىنىڭ چوقۇم بىرەر خىزمەتكە ئورۇنلىششى كاپالەتكە ئىگە، دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. مەن يۇقىرىدا چۈشەندۈرگەن ھەر خىل دەرىجىدىكى مائاشنى چوقۇم ئالالايدۇ، دېگەندىنمۇ دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ ئامىللار بىر كىشىنىڭ ئۇنۋانى بىلەن ئۇنىڭ ھەقىقىي بىلىمى ۋە خىزمەت ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھەر بىر شىركەت سىزنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن خىزمەتكە ئالالىغانىكەن، سىزنى يەنە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن شىركەتتىن بوشىتالايدۇ. 2000-يىلىنىڭ ئاخىرى بىزنىڭ "WaveSplitter"دېگەن شىركەتكە فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا باكلاۋىر، ئامېرىكىنىڭ خېلى داڭلىق بولغان خۇسۇسىي مەكتەپ Purdue ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان بىر خەنزۇ قىزنى ئالدى. لېكىن، ئۇ قىز ئىشنى زادىلا ياخشى قىلالمىدى. مەن بىرەرسى بىلەن تېخنىكىلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭلاشسام، ئاستا قېشىمغا كېلىپ ئوغرىلىقچە ئاڭلايتتى. ئىنژېنېرلار يىغىنىدا پەقەت پىكىر قاتناشتۇرالمايتتى. مېنىڭ ئۇ قىزغا ئىچىم ئاغرىپ، ئۆزۈم شىركەت ئۈچۈن تەييارلىغان بارلىق تېخنىكىلىق ماتېرىياللىرىمنى ئۇنىڭغا نۇسخىلاپ بەردىم. "ھەر قانداق ۋاقىتتا سوئالىڭ بولسا، مەندىن تارتىنماي سورا "دەپ تۇردۇم. لېكىن، بۇ قىز خىزمەتنى زادىلا قولىغا ئالالمىغاندىن كېيىن، شىركەتكە كىرىپ 5 ئايلاردىن كېيىن، ئۇنى شىركەتتىن بوشاتتى. 2003-يىلى مەن "نۇرلۇق تالا خەۋەرلىشش "خەلقارالىق يىغىنىغا بارغاندا، بۇ قىزنى شۇ يىغىن زالىنىڭ خىزمەت ئىزدەش ئورنىدا ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ قىز شۇ چاغقىچە باشقا خىزمەت تاپالماي يۈرۈپتۇ. چىڭخۇدا باكلاۋىر لىق ئېلىپ، ئامېرىكىدىكى يەنە بىر داڭلىق مەكتەپ بولغان Prinséton ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق ئالغان يەنە بىر خەنزۇ بالا بار بولۇپ، ئۇنىڭ بۇرۇن ئوقۇغىنى ئاتتىپ ئوپتىكىلىق زاپچاسلار ئىكەن. بىزنىڭ شىركەتتە قىلىدىغىنى پاسسىپ زاپچاسلار بولۇپ، ئۇ بالا ئىنژېنېرلار گۇرۇپپىسىدا زادىلا ئىشلىيەلمىگەندىن كېيىن، ئۇنى شىركەتنىڭ سودا-سېتىق بۆلۈمى

(ئىنگلىزچە "Sales and Marketing Deparment"دەيدۇ) گە يۆتكەپ قويدى. لېكىن، ئۇ يەردىمۇ ياخشى ئىشلىيەلمىگەچكە، ئۆزۈن ئۆتمەي ئۇنىمۇ ئىشتىن بوشىتىۋەتتى. مەن بۇ يەردە ھەرگىز خەنزۇ بالىلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئىشلىيەلمەيدۇ، دېمەكچى ئەمەسمەن. يۇقىرىقىلار ناھايىتى داڭلىق مەكتەپلەردە ئۇنۋان ئالالىغان بولسىمۇ، خىزمەت ئىقتىدارى تۆۋەن، ھەمدە يېڭى شارائىتقا تېز ماسلىششش قابىلىيىتى يوقلارنىڭ بىر قانچە مىساللىرىدىنلا ئىبارەت. ئامېرىكىدا ياخشى ئىشلەپ، ئۆز كۈنىنى ياخشى ئېلىپ كېتىۋاتقان خەنزۇلار ئىنتايىن كۆپ. ئۆزلىرى يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەت قۇرغانلارمۇ خېلى بار. مەن بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل بۇرۇن ئوقۇغان بىر ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا، كالىفورنىيەنىڭ سىلىكون جىلغىسىدا جۇڭگو، شاڭگاڭ ۋە تەيۋەندىن كەلگەن، يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەتتە ئىشلەيدىغان خەنزۇ خادىملاردىن 50 مىڭدىن كۆپ ئادەم بار ئىكەن.

ئامېرىكىدىكى شىركەتلەر ھەقىقىي ئىقتىدارى يوق، شىركەتنىڭ ئىشلىرىغا ئۆز سالاھىيىتىگە چۈشلۇق تۆھپە قوشالمايدىغانلارنى ئىشتىن تېزلا بوشىتىۋەتكەن بىلەن، شىركەت ئۈچۈن مۇھىم كىشلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدايدۇ. مەن بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل بۇرۇن، سىلىكون جىلغىسىدىكى يەنە بىر شىركەتكە تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق تېخنىكا خادىمىنى ئىزدىدىم. ئۇلار ماڭا ئارىزونا شىتاتىنىڭ بىر تېلېفون نومۇرىنى بېرىپ، شۇيەرگە تېلېفون قىلىشىمنى ئېيتتى. مەن "سىلەرنىڭ ئارىزونادىمۇ بىرەر شۆبەڭلار بارمۇ؟ "دەپ سورىسام، ئۇلار "ياق. بىزنىڭ شىركەت بۇرۇن ئارىزونادا بولۇپ، كېيىن كالىفورنىيەگە يۆتكەپ كەلگەن. لېكىن ئۇ كىشى كالىفورنىيەگە كەلگىلى ئۇنىمىغاچقا، ئۇنىڭغا ئارىزونادا بىر ئايرىم ئىشخانا ئېچىپ بەردۇق"، دېدى. مەن 2003-يىلى Wave Splitter دىن چىقىپ كېتىدىغانغا ئاز قالغاندا، ئۆزۈمنىڭ ھەممە تونۇشلىرىغا يېڭى ئىش ئىزدەۋاتقانلىقىم توغرىسىدا ئېلخەت يازدىم. مېنىڭ بۇرۇنقى ساندىئا(Sandia ) دۆلەت تەجرىبىخانىسىدىكى ئۇستازىم، ھازىر Georgia تېخنىكىلىق ئىنستىتۇتى فىزىكا

فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى مېنى ئۆز مەكتىپىنىڭ تارمىقىدا ئەمدىلا قۇرۇلغان، پەقەت بىر رەئىسى بىلەن بىر مۇئاۋىن رەئىسىدىن ئىبارەت ئىككىلا ئادىمى بار، شىركەت ئۈچۈن ئىقتىسادىي مەبلەغنى ھەل قىلىپ بولغان بىر شىركەتنى تونۇشتۇرۇپ قويدى. بۇ شىركەتنىڭ ئىشلەپ چىقارماقچى بولغىنى، ھەر خىل دورا ۋە يېمەكلىكلەر شىركىتى دورا بىلەن يېمەكلىكتە مىكروپ بار-يوقلۇقنى تەكشۈرىدىغان بىر ئوپتىكىلىق ئاپپارات بولۇپ، ئەسلىدە ئۇ مېنىڭ ئۇستازىمنىڭ بىر قانچە پاتېنتىغا ئاساسلانغان بولۇپ، مېنى شىركەتنىڭ باش تېخنىكى قىلىپ ئالماقچى بولدى. مەن كالىفورنىيەنىڭ يۇقۇرى مائاشىغا كۆنۈپ قالغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ماڭا بەرگەن مائاشنى ئاز كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماڭا مائاش قوشۇپ بەرگەندى، مېنىڭ مائاشىم قالغان 2 كىشىنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇپ كەتتى (ئاتلانتانىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كالىفورنىيەنىڭكىدىن جىق تۆۋەن بولۇپ، كالىفورنىيەدە بىر ئۆيي ئالغان پۇلغا ئۇ يەردە كام دېگەندە 2 ئۆيي ئالغىلى بولىدۇ). ماڭا شىركەتنىڭ 3 پىرسەنتىنى بەرگەندى، ئۇنىمۇ ئاز كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى 7 پىرسەنتكە كۆتۈرۈپ بەردى. ئەڭ ئاخىرىدا بىزنىڭ ئۆينى Georgia شىتاتىنىڭ ئاتلانتا شەھىرىگە يۆتكەپ بېرىشتىن بۇرۇن، مەن ھەر 4 ھەپتە ئاتلانتادا ئىشلەپ، 5-ھەپتىسى ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئۆيدە بىر ھەپتە ئىشلەيمەن، دېگەن شەرتنى قويدۇم. ئۇلار بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولدى. لېكىن، دەل شۇ چاغدا، بىز تۇرۇۋاتقان شەھەرنىڭ قېشىدىكى شەھەرگە جايلاشقان، بىر بىئولوگىيە تېخنىكىسى شىركىتىدىن ماڭا خىزمەت چىقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئاتلانتادىكى شىركەتكە بارمىدىم. بۇنداق دېسەم، بەزىلەر ئۈچۈن مەن ئاجايىپ يۈزسىزدەك تويۇلۇشۇم مۇمكىن. بۇ ئامېرىكىدا بىر ئىنتايىن نورماللىق ئىش. مەن بىر شىركەت ئۈچۈن ئاشۇنداق قىلالايمەن. بىر شىركەت مەن ئۈچۈنمۇ ئاشۇنداق قىلالايدۇ. 2001-يىلى مېنىڭ ئايالىمنىڭ يۇمشاق دېتاللار شىركىتى ئازراق ئادەم قوبۇل قىلدى. يېڭى قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى، بۇ يېڭى خىزمەتنى باشلاشتىن بۇرۇن، ياۋروپاغا بېرىپ، بىر-ئىككى ئاي تاماشا قىلماقچى بولۇپ كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ، ھېلىقى ئىشقا ئېلىپ بولغان، ئەمما تېخى خىزمەت باشلىمىغانلاردىن بىر قانچىسىنى شىركەتكە ئالماسلىقنى قارار قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شىركەت ياۋروپادا تاماشا قىلىۋاتقانلارغا "سىزنى ئىشتىن بوشاتتۇق. ئەمدى بىزنىڭ شىركەتكە كەلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ "دەپ خەت ماڭدۇرۇپتۇ.

مېنىڭ ئاتلانتادىكى بۇرۇنقى ئۇستازىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ھازىرمۇ ئىنتايىن ياخشى. يۇقىرىقى شىركەتتىكى ئۇ ئىككى ئادەم بىلەنمۇ ھېچ قانداق يامانلىشىپ قالمىدىم. مەن بارمايدىغانلىقىمنى ئېيتقاندا، ئۇلار "بىزگە بىرەر ئادەم كۆرسىتىپ بەرسەڭ"، دەپ ئىلتىماس قىلىشتى، مەن كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇستازىمنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى بىر ئوقۇغۇچىسىنى كۆرسىتىپ بەردىم. كېيىن ئۇقسام، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شىركىتىگە جەنۇبىي كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى يېڭى پۈتتۈرگەن بىر ياشنى ئېلىپتۇ.

مەن يۇقىرىدا ئامېرىكا توغرىسىدا خېلى كۆپ سۆزلىدىم. مەن تەسۋىرلىگەن بۇ ئىشلارنى بىزنىڭ يۇرتقا قانداق تەدبىقلاش مۇمكىن؟

يۇرتىمىزدا بۇ ئىشلار بىلەن ئالاقىدار مۇنداق 3 تەرەپ بار. 1) ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى. 2) ئوقۇتقۇچى، ۋە ئاتا-ئانىلار. 3) ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى.

ئامېرىكىنىڭ بۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن تالانت ئىگىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە بۇ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ تۇرالىشىدىكى ئەڭ تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئامېرىكىدا ھەممە ئادەم ئۆز ئۆزى خالىغان، ئۆزىنىڭ كۈدرىتى يېتىدىغان ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە بىلىم ۋە ئىقتىدار ئىگىلەيدىغان، ھەمدە بۇ بىلىم بىلەن ئىقتىدارنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىشلىتەلەيدىغان پۇرسەت بار. يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدىكى «خىزمەتنى بىر تۇتاش تەقسىم قىلىش» دىگەن سىياسەت، «خىزمەتنى ئۆزى تېپىش» دېگەن يېڭى بىر سىياسەتكە ئۆزگىرىپتۇ. بۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىر مۇقەررەر يۈزلىنىشىدۇر. ئامېرىكىدا ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇنداق بىر ئۆتكۈنچى

دەۋر بولغانمۇ-يوق، مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى تارىختىن خەۋىرىم يوق. لېكىن، ھازىر ئامېرىكىدا «ھەممە ئادەم، ئۇنىڭ قايسى مىللەتتىن بولۇشى، قايسى دىنغا ئىشىنىشى، ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، خىزمەت پۇرستى ئالدىدا پۈتۈنلەي باراۋەر» دېگەن ئىنتايىن قاتتىق قانۇن بار. خىزمەت تېپىشتا بىر ئادەم ئازراق كەمسىتىشكە ئۇچراپ قالسا، ئۇ ئادەم شىركەت ئۈستىدىن ئەرز قىلالايدۇ. ئەگەر شىركەتنىڭ ئادەم كەمسىتكەنلىكى راست بولۇپ چىقسا، بۇ شىركەت ئىنتايىن ئېغىر جازاغا تارتىلىدۇ. ئادەم كەمسىتىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەر ئۇ ياقتا تۇرسۇن، گەپ-سۆزنى قىلىشمۇ قاتتىق چەكلەنگەن. ئەگەر شىنجاڭدا «خىزمەتنى ئۆزى تېپىش» تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، “خىزمەت پۇرستى ۋە رىقابەت ئالدىدا ھەممە ئادەم، ھەممە مىللەت باراۋەر ”دېگەن بىرەر قانۇن تۈزۈپ چىقىرىلمىسا، ھەمدە بۇ قانۇن قاتتىق ئىجرا قىلىنمىسا، خۇددى ھازىرقىدەك، شىنجاڭدىكى شۇ ئىككى توك-توك ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر ياشلىرى خىزمەت تاپالمايدۇ. سىز ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىدە جارىي قىلدۇرىشىغا شەرت-شارائىت ھازىرلاپ بەرمىسىڭىز، بۇ ھېچ بولمىغاندا بىر ئىقتىسادىي زىيان ۋە ئىسراپچىلىق ئەمەسمۇ؟ بۇ «دۇنيانىڭ ئىلغار تېخنىكىلىق سەۋىيىسىگە يېتىۋېلىش»، «ماددىي ۋە مەنىۋىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش» ۋە «جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاش» دېگەندەك شۇئارلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا زور دەرىجىدە زىيانلىق ئەمەسمۇ؟

ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ، ھەقىقىي بىلىم ئىگىلىشىگە ئۈندەشتە ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئاتا-ئانىلارنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. بۈنىڭدىن 10 يىل بۇرۇن، جۇڭگودا بۈگۈنكىدەك زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشىنى كۆپىنچە ئادەملەر پەرەز قىلالمايتتى. بۈنىڭدىن كېيىنكى 10 يىل، 20 يىل، 30 يىلدىن كېيىن قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟ سىز ئوقۇغۇچىڭىزغا ياكى پەرزەنتلىرىڭىزگە يول كۆرسەتكەندە، نەزەرىڭىزنى ئاشۇنداق كەلگۈسىدە كېلىدىغان بىر دەۋرگە سېلىڭ. ھېچ بولمىغاندا، ھازىرقى ۋەزىيەتكە قاراپ، سىزنىڭ روھىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئوقۇغۇچىسى ياكى بالىڭىزنىڭكىدىن بەكراق چۈشۈپ كەتمىسۇن. ئۆزىڭىزنىڭ روھى چۈشۈپ كەتسە، ياشلارغا ھەرگىزمۇ يول كۆرستەلمەيسىز.

بىر ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئۇنىڭ بۇرۇن بولۇپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار توغرىسىدا توغرا يەكۈن چىقىرالىغانلىقىدا ئەمەس. بىر ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى توغرا مۆلچەرلىيەلىشىدە.

تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ جەمئىيىتىنىڭ ھەممىسى خۇددى بىر پارچە گۆشنى تالىشىۋاتقان بۆرە-يولۋاسلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئوخشايدۇ. جۇڭگو جەمئىيىتىمۇ ھازىر دەل ئاشۇنداق بىر جەمئىيەت بولۇشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر سىز ھازىر ۋاقتىنى زايا قىلماي، ئۆزىڭىزدە ھەقىقىي بىلىم بىلەن ھەقىقىي ئىقتىدارنى يېتىلدۈرسىڭىز، كەلگۈسىدە پۇرسەت ۋە رىقابەت ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولىدىغان بىر جەمئىيەت شەكىللەنمەي قالغاندىمۇ، ھەچ بولمىغاندا سىزگە ھېچ قانداق زىيىنى بولمايدۇ. ئەگەر پۇرسەت ۋە رىقابەت ئالدىدا ھەممە ئادەم، ھەممە مىللەت باراۋەر بولىدىغان بىر جەمئىيەت شەكىللىنىپ قالسا، سىز ھازىر ئىگىلىگەن بىلىم بىلەن ئىقتىدار سىز ئۈچۈن بىر بىباھا گۆھەرگە ئايلىنىدۇ. ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىت خۇددى بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن تۇققىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇ بىر كەتكەندىن كېيىن، مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ. «ئەگەر يەنە بىر كۈن ھايات بولغان بولسا، ماۋۇنى قىلىپ بەرگەن بولسام» ، «ئەگەر يەنە بىر ئاي ھايات بولغان بولسا، ئاۋۇنى قىلىپ بەرگەن بولسام» ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ چاغدا سىز مىڭ يىغلىسىڭىزمۇ، تۇققىنىڭىز تىرىلىپ بەرمەيدۇ. شۇڭا، تۇققىنىڭىز ھايات ۋاقتىدا، سىز قىلىپ بەرىشكە تېگىشلىك ۋە سىز قىلىپ بېرەلەيدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىنى قىلىپ بېرىڭ. ھازىردىن باشلاپ قىلىپ بەرگەچ تۇرۇڭ. ئاشۇنداق قىلسىڭىز، تۇققىنىڭىز ئۆلۈپ كەتكەندە ھەچ قانداق يىغلىمىسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ—مېنىڭچە، سىز ئۇ چاغدا پەقەتلا يىغلىمىسىڭىزمۇ، تۇققىنىڭىز چوقۇم سىزدىن رازى بولىۋېرىدۇ .

پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] بىلىمخۇمار: مەكتەپ ھاياتىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش توغرىسىدا قىسقىچە تەۋسىيە
[2] A Dad Sending His Daughter Off to College 736.1
http://whatwillmatter.com/2011/08/a_dad_sending_his_daughter_off/
[3] بىلىمخۇمار: يەھۇدىيلارنىڭ كۈچلۈك بولالىشىدىكى مۇھىم ئامىللار
[4] بىلىمخۇمار: ئادەم خاراكتېرىنىڭ 6 تۈۋرۈكى
[5] بىلىۋال تور بېتىنىڭ ئەركىن سىدىق بىلەن ئۆتكۈزگەن يازما سۆھبىتىنىڭ 1-قىسمى

# ئامېرىكىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ «يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسى» پائالىيەتلىرى

2014-يىلى 12-ئاينىڭ 19-كۈنى

مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى بىر قىسىم يازمىلىرىدا ئامېرىكا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغايدىغان، ھەمدە ئۇلارنى تەبىئىي-پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق ۋە ماتېماتىكا كەسپلىرىگە قىزىقتۇرىدىغان بىر قىسىم پروگراممىلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. مەن ھازىرغىچە تونۇشتۇرغان پروگراممىلاردىن تۆۋەندىكىلەر بار:

--بالىلارنى مۇددەتلىك ھالدا داڭلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئاپىرىش (field trip)

-- مەكتەپ بويىچە يىلدا بىر قېتىم تەبىئىي-پەن پروجېكتلىرى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش (science fair)

-- مەكتەپ بويىچە يىلدا بىر قېتىم كەسىپ تاللاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش (career day)

-- ئوچۇق ئۆي پائالىيىتى (open house)

مەن تېخىچە تونۇشتۇرمىغان پائالىيەتلەر ئىچىدە، ئامېرىكىنىڭ تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ئېلىپ بارىدىغان «يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسى» (invention challenge) دېگەن پائالىيەتمۇ بار بولۇپ، مەن مەزكۇر ماقالىدە ئاشۇنداق بىر پائالىيەت ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمەن. مەن رەسمىي مەزمۇننى باشلاشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئۆزۈم كىچىك ۋاقتىمدا ئۆيدە قىلغان بىر «رادىئو قۇراشتۇرۇش پروجېكتى» ھەققىدە ئازراق سۆزلەپ ئۆتىمەن، ھەمدە رەسمىي مەزمۇندىن كېيىن، يۇقىرىقىدەك تەبىئىي-پەن پروجېكتلىرى مۇسابىقىسى بىلەن يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسىنىڭ ئەھمىيىتىنى خۇلاسىلەپ بېرىمەن. شۇنداقلا ماقالىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا چەت ئەلدە ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان ئۇيغۇرلاردىن يەنە ئىككىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمەن.

## 1. تولۇقسىزدىكى ۋاقتىمدا ئۆيدە ئىشلىگەن بىر «رادىئو قۇراشتۇرۇش پروجېكتى»

«پروجېكت» دېگەن سۆز ئۇيغۇرچىدىكى «قۇرۇلۇش، تۈر» دېگەن سۆزلەرگە يېقىن كېلىدىغان بولۇپ، مەن بۇ سۆز ھەققىدە ئۆزۈمنىڭ «مىكرو-باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭ زىيانلىرى» [1] دېگەن ماقالىسىدە تەپسىلىي چۈشەنچە بەردىم.

مەندىن ھازىرغىچە خېلى كۆپ ئۇكىلار مېنىڭ ھازىرقى كەسپىنى قانداق قىلىپ تاللاپ قالغانلىقىم، ھەمدە ھازىرقى خىزمەت ئورنىغا قانداق ئېرىشكەنلىكىم ھەققىدە سوئال سوراپ بولدى. يەنە خېلى كۆپ ئۇكىلار بولسا ماڭا ئۆزلىرىدە قانداق تالانتلارنىڭ بارلىقىنى بىلەلمەيۋاتقانلىقى ھەققىدىمۇ خەت يېزىپ بولدى. مەن تولۇقسىزنىڭ 2-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا مېنىڭ «دىلشات» (فامىلىسى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ) ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىم رادىئو قۇراشتۇرۇشنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. بۇ 1972-يىللىرى بولۇپ، ئۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە ئاساسەن رادىئو يوق ئىدى. رادىئوسى بار كىشىلەر ئۇ چاغدا جەمئىيەتتىكى بايلار ھېسابلىناتتى. مەن بالىنىڭ ئىككىنچىسى بولۇپ، ئاكام مەندىن پەقەت 2 ياشلا چوڭ ئىدى. شۇڭا بىز ئاساسەن ھەممە ئىشنى بىللە قىلاتتۇق. توختىماي ئۆيدە ئىچىدە ئۇنى بۇنى

ياسايتتۇق. ساۋاقدىشىم دىلشاتنىڭ رادىئو ياساشنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، مەن ئاكامغا «رادىئو ياساشنى بىزمۇ ئۆگىنەيلىمۇ؟» دېدىم. ئاكام ماقۇل بولدى. ھەممە بىر قانچە ئاي ئاكام بىلەن ئىككىمىز دىلشاتنىڭ كەينىگە كىرىپ، رادىئو ياساشنىڭ بىر قىسىم ئاساسىي بىلىملىرىنى ئۆگەندۇق. ئۇ چاغدا بۇ ساھەدە ھېچ قانداق ئۇيغۇرچە كىتاب يوق بولۇپ، بىز خەنچىنى ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن ھەپتىسىگە 2 سائەتتىن ئۆتۈلىدىغان تىل دەرسىدە ئازراق ئۆگەنگەن ئىدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇس رادىئوغا قىزىقىدىغانلارغا چىقىرىلغان بىر خەنچە كىتابنى سېتىۋالدۇق. ھەممە ئۇنىڭدىكى زاپچاسلارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن رادىئو توك يولى سخېمىسىنى ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالدۇق. ئۇ چاغدا دادام ئاران 30 سوم ئەتراپىدا مائاش ئالىدىغان بولۇپ، دادامنىڭ كىرىمى ئائىلىنى باقىدىغانغا ئارانلا يېتەتتى. شۇڭا دادام ئاكام بىلەن ئىككىمىزنىڭ بۇنداق «رادىئو ياساش پروجېكتى» غا پۇل چىقىرىپ بېرەلمەيتتى. ئېلېكترونلۇق زاپچاسلار ئىنتايىن قىممەت بولۇپ، بىر تال ترانزىستور (transistor, 三极管) نىڭ باھاسى بىر سوم ئەتراپىدا ئىدى. ئۇ چاغدا ئاقسۇدا ھۆكۈمەتنىڭ كونا تۆمۈر ۋە سۆڭەككە ئوخشاش نەرسىلەرنى سېتىۋالىدىغان جايلىرى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ پروجېكتنىڭ خىراجىتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاكام بىلەن ئىككىمىز ئەخلەت دۆۋىلىرىنىڭ ئىچىدىن كونا تۆمۈر، سۆڭەك ۋە چىش سوپۇننىڭ ئالىيۇمىن قېپى قاتارلىق نەرسىلەرنى تېرىپ ساتتۇق. ياز كۈنلىرى تەتىل بولغاندا قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا قارا خىزمەتچى بولۇپ ئىشلىدۇق. لاي ئېتىشكە ئوخشاش ئېغىر ئىشلارنى قىلىپ، بىر كۈن 8 سائەت ئىشلىسەك، 80 پۇڭ پۇل تاپاتتۇق. ئەمما يۇقىرىدا دېگەندەك بىر ترانزىستورنى بىر سومغا ئالاتتۇق.

بىز رادىئو توك سخېمىسىغا قاراپ، زۆرۈر بولغان زاپچاسلارنى ھەر قېتىم يانچۇقىمىزغا پۇل كىرگەندە بىر تالدىن، بىر تالدىن سېتىۋېلىپ يىغدۇق. ئۇ چاغدا ھازىرقىدەك تەييار توك يولى تاختايلىرى (circuit boards) يوق بولغاچقا، بىز نېپىز تاختاينى ئۆزىمىز تېپىپ، ئۇنى مىخ بىلەن تېشىپ، تۆشۈكلەرگە زاپچاسلارنىڭ پۇتىنى تىقىدىغان كىچىك مىس ھالقىنى ئۆزىمىز ئورنىتىپ، ئاندىن زاپچاسلارنى سىم بىلەن ئۆزىمىز ئۇلاپ، بىر تال كىچىك يۇز سوپۇننىڭ پلاستىك قۇتىسىنىڭ ئىچىگە پەقەت بىرلا ترانزىستور ئىشلىتىدىغان (يەنى بىرلا كۈچەيتكۈچىسى بار)، بىرلا باتارېيە بىلەن ئىشلەيدىغان، سۆزلەيدىغان كانىيى يوق، پەقەت قۇلاققا تىقىپ قويىدىغان بىر تال تىڭشىغۇچ بىلەنلا ئاڭلىغىلى بولىدىغان رادىئودىن بىرنى قۇراشتۇردۇق. ئۇنى ياساپ، نورمال ئىشلەيدىغان قىلغۇچە كۈنلەپ-كۈنلەپ كېچىلىرى ئۇخلىمىدۇق. ئالغان ترانزىستورلاردىن بەزىلىرى كۆيۈپ كېتىپ، كۆپ قېتىم ئۇنى قايتا ئېلىشقا مەجبۇرى بولدۇق (ئۇ چاغدىكى زاپچاسلارنىڭ سۈپىتى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى). نورمال ئىشلەيدىغان رادىئودىن بىرى پۈتكەندە ئاكام بىلەن ئىككىمىزنىڭ نەقەدەر خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىمىزنى مەن سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. شۇ چاغدا ھاياجانلىنىپ، كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتكىنى ھازىرمۇ ئېسىمدە. شۇنىڭدىن كېيىن ئاكام بىلەن ئىككىمىز ئۇ رادىئونى نۆۋەتلىشىپ مەكتەپكە ئاپىرىپ، ساۋاقداشلىرىمىزغا كۆرسىتىپ يۈردۇق. مانا بۇ شۇ چاغدا ئاكام بىلەن ئىككىمىز ئۆيدە ئېلىپ بارغان «تەبىئي-پەن پروجېكتى» ئىدى.

مەن تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندا رادىئو ئىشلىرىدا بىر ئاز تەرەققىي قىلىپ، ئاكام بىلەن ئىككىمىز ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ بۇزۇلۇپ قالغان رادىئوسىنى ئوڭشاپ بېرىپ، بىر ئاز پۇلمۇ تاپتۇق. مەن رادىئوغا شۇ ۋاقىتتا قىزىققانچە، كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقى كەسپىگە كىردىم. ئۇنىڭدىن كېيىن شاڭخەي، ياپونىيە ۋە ئامېرىكىدا ئۆز كەسپىمنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرى ئامېرىكىدا ئېلېكتر ئىنژېنېرلىق كەسپىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل تۈردە ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقنىڭ بىر ساھەسى بولغان ئوپتىكا ساھەسىدە ئىشلەپ، ئۇنى بۈگۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. مېنىڭ ھازىرقى خىزمەت ئورنۇمغا ئېرىشىش ئۈچۈن قانداق يوللارنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىمنى بىلمەكچى بولغان قېرىنداشلار تۆۋەندىكى 2-مەنبەدە بېرىلگەن مېنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىمنى ئوقۇپ باقسا بولىدىغان بولۇپ، مەن بۇ يەردە ئۇ ھەقتە ئايرىم توختالمايمەن.

يۇقىرىقىدەك پروجېكتلەر ئادەمنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمايدىغان بولۇپ، ئاكام بىلەن ئىككىمىز ئەينى ۋاقىتتا

كۆرگەن خەنچە كىتاب، سېتىۋالغان زاپچاسلار، ۋە ياسىغان رادىئو قاتارلىق نەرسىلەر ۋە ئىشلار مېنىڭ ئېسىمدە ھازىرمۇ ناھايىتى ئېنىق بار. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىدا مۇشۇنداق پروجېكتلەرنى قىلىش ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇغان بىلىمنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىدىغانلىقى ھەممە ئادەمگە ئايان. ئەمما، ئۇنداق پروجېكت ئوقۇغۇچىلارغا ئېلىپ كېلىدىغان پايدىلارنىڭ ئىچىدە، يۇقىرىقىدىن نەچچە ھەسسە مۇھىم بولغان، باللار باشقا يول بىلەن ئاسانلىقچە ئېرىشەلمەيدىغان يەنە ئىككىسى بار. ئۇنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بىلەن تالانتىنى بايقاش. يەنە بىرى بولسا ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇش. مەندىكى، بىر ئادەم تىرىشسا ھەر قانداق ئىشنى قىلالايدىغانلىقى، باشقىلار قىلالىغان ئىشنى ئۆزىنىڭمۇ قىلالايدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىشەنچ مانا شۇ چاغدا تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، ئۇ ئىشەنچ مېنىڭ ھازىرغىچە بولغان پۈتۈن ھاياتىمدا ماڭا ئىزچىل تۈردە ھەمراھ بولۇپ كەلدى. شۇنداقلا ماڭا نۇرغۇن پايدىلارنى ئېلىپ كەلدى. ئاشۇنداق ئىشەنچنىڭ تۈرتكىسى ۋە ياردىمى بىلەن، مەن ھازىرغىچە ئۆزۈمنىڭ خىزمەت ئورنىدا بىر قانچە قېتىم ئىنتايىن مۇرەككەپ نەرسىلەرنى ياساپ چىقىشقا كۆكرىكىمنى كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتىم. ياساش ئىنتايىن قىيىن بولغان ئېلېكترونلۇق، ئوپتىكلىق، مېخانىكلىق ئەسۋاب ۋە زاپچاسلار، ھەمدە بىر قانچە ئىنتايىن قىيىن بولغان ماتېماتىكىلىق ئالگورىزم ۋە كۆپلىگەن يۇمشاق دېتال پروگراممىلىرىنى ئىشلەپ چىقتىم. تۆۋەندە مەن بۇ ھەقتىكى بىر قانچە مىسالنى سۆزلەپ بېرەي.

1997-يىلى مەن شىمالىي كالىفورنىيەدىكى ئىنگلىزچە «CVI Laser Corporation» دېگەن شىركەتتە ئىشلەۋاتقاندا، بىز ياساپ چىقماقچى بولغان بىر نەچچە ئون مىڭ دوللار قىممىتىدىكى ئوپتىكا ئۈسكۈنىسىگە ئىنگلىزچە «Lock-in Amplifier» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئېلېكترونلۇق ئەسۋاب كېرەك بولۇپ قالدى. بۇ ئەسۋاب ئوپتىكا بازىرىدا بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىرى تەخمىنەن 3000 دوللارغا سېتىلاتتى. ئەمما بازاردىكى ئەسۋابلار بىردىن ئايرىم ساندۇققا قاچىلانغان، ئايرىم ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەجمى چوڭ بولۇپ، بىز ياسىماقچى بولغان ئۈسكۈنىنىڭ ئىچىگە ئورناتقىلى بولمايتتى. شۇڭا شىركەت باشلىقى ئاشۇ ئېلېكترونلۇق ئەسۋابنى ئۆز ئالدىمىزغا ياساپ چىقىش ۋەزىپىسىنى ماڭا تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەن دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇغان مەكتىپىمنىڭ كۇتۇپخانىسىغا بېرىپ، ئاشۇ ئەسۋاب ھەققىدىكى بىر كىتابنى ئارىيەت ئېلىپ كەلدىم. ھەمدە شۇنىڭدىكى بىلىملەرگە ئاساسەن، زاپچاسلارنى ئۇ يەر بۇ يەرلەردىن ئېلىپ يىغىپ، بىر ئەسۋابنى 200 دوللاردەك پۇل بىلەن ياساپ چىقتىم. مېنىڭ بۇنداق ئاز پۇل خەجلىشىمدىكى سەۋەب، ئېلېكترونلۇق زاپچاسلارنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان شىركەتلەرنىڭ ھەممىسى تېلېفون قىلسىڭىز بىر قانچە زاپچاسنى بىكارغا بېرىدۇ. ئۇنى ئىنگلىزچە «sample» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، ئۇيغۇرچە «ئىشلىتىپ سىناپ باقىدىغان زاپچاس نۇسخىسى» دېگەنگە توغرا كېلىدۇ. مەن ياسىغان ئۇ ئەسۋابنى ئۆز شىركىتىمىزدە بىرەر ئاي سىناق قىلىپ، ئۇنىڭ ئىشلەش ئىقتىدارى ئۆلچەمگە يېتىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردۇق.

«CVI» شىركىتى ئۈچۈن مەن يەنە بىر ئىنگلىزچە «White-Light Interferometer» دەپ ئاتىلىدىغان ئەسۋابتىن بىرنى ياساپ بەرگەن بولۇپ، شىركەت باشلىقىنىڭ دېيىشىچە ئەينى ۋاقىتتا بۇنداق ئەسۋابتىن دۇنيا بويىچە پەقەت باشقا 3 ئورۇندىلا بار ئىكەندۇق. مېنىڭ ياسىغىنىم ئۇنىڭ تۆتىنچىسى ئىكەن. مەن بۇ ئەسۋابنىڭ ئوپتىكا، ئېلېكترونىكا، مېخانىكا قىسىملىرىنىڭ ھەممىسىنى، شۇنداقلا «LabView» دا يېزىلغان يۇمشاق دېتاللىنىمۇ ئۆزۈم ئىشلەپ چىقتىم.

2003 – 2000-يىللىرى ئىشلىگەن يەنە بىر يۇقىرى تېخنولوگىيە شىركىتىدە بىزگە ئۆزۈن يوللۇق نۇرلۇق تالا خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلارنىڭ ئىنگلىزچە «Polarization Mode Dispersion, PMD» دەپ ئاتىلىدىغان بىر پارامېتىرىنى ئۆلچەيدىغان بىر ئەسۋاب لازىم بولۇپ قالدى. سىرتتىن ئالساق بۇ ئەسۋابنىڭ باھاسى 160 مىڭ دوللار ئىكەن. مەن بىر ئاز ئىزدىنىپ، ئۇنىڭ ئىشلەش پرىنسىپىنى چۈشىنىۋالغاندىن كېيىن، شىركەتكە «ماڭا 6 ئاي ۋاقىت بېرىڭلار، ئۇنى مەن ئۆزۈم ياساپ چىقاي»، دېدىم. شىركەت ماڭا «بىز 6 ئاي ۋاقىت ساقلاپ تۇرالمايمىز»،

دەپ، ئۇ ئەسۋابتىن بىرنى سىرتتىن سېتىۋالدى.

مەن ھازىرغىچە خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىغا بارغاندا، ئېلېكترونىكا تېخنىكىسىنىڭ ئۆزۈم ھازىرغىچە شۇغۇللىنىپ باقمىغان ساھەلىرىدىكى بىر كۇنلۇك دەرسلەردىن بىر قانچىسىگە قاتنىشىپ باقتىم. ھەر قېتىم ئاشۇ بىر كۈنلۈك دەرسكە قاتناشقاندىن كېيىن، مەندە دەرستە سۆزلەنگەن ئاشۇ بىر ئەسۋابنى مەنمۇ لايىھەلەپ ياساپ چىقالايدىغان بىر خىل كۈچلۈك ئىشەنچ پەيدا بولىدۇ. مەن ئاشۇنداق دەرستىن بىرنى ئاڭلاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزۈم ئىشلىگەن بىر شىركەتكە «ئەگەر پوكۇنى ئەسۋابنى بىزمۇ ئىشلەپ چىقىرىمىز، دېسەڭلار، ئۇنى مەن لايىھەلەپ ياساپ بېرەلەيمەن»، دېگەن ۋاقتىم بار.

مەندە ھازىر ئوپتىكا ۋە ئېلېكتىر ساھەسىدىكى ئۆزۈم ئۇچۇن يېڭى بولغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى لايىھەلەپ ياساپ چىقالايدىغان بىر خىل ئىشەنچ بار بولۇپ، مەندىكى ئاشۇنداق ئۆز-ئۆزۈمگە بولغان كۈچلۈك ئىشەنچ ئەنە ئاشۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدىلا تۇرغۇزۇلغان ئىدى.

مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىلار جۇڭگونىڭ ھەممە يېرىدە «ئوقۇش ئەسقاتمايدۇ» دېگەن شوئار تەشۋىق قىلىنىۋاتقان، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىر قېتىملىق ئىمتىھاندا ئاق قەغەز تاپشۇرغان بىر دېھقاندىن ئۆگىنىشكە چاقىرىلىۋاتقان، ئوقۇتقۇچىلار «سېسىق توققۇزىنچى» دەپ ھەممە يەرلەردە كۆرەشكە تارتىلىۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا ئايال مۇئەللىملەر دەرسكە كىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپتا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، دەرسنى قەستەن بۇزۇشى تۈپەيلىدىن، تەييارلىغان دەرسنى ئۆتەلمەي، بىر قانچە ئون مىنۇتتىن كېيىن دەرسخانىدىن يىغلاپ چىقىپ كەتكەن ئەھۋاللار ئىسىمدە ھازىرمۇ ناھايىتى ئېنىق بار. مەن ئەنە شۇنداق شارائىتتا ئاكام بىلەن ئۆيدە «رادىئو پروجېكتى» قىلغان ئىدۇق. ئالدىنقى بىر ماقالەمدىمۇ تىلغا ئالغىنىمدەك، ئەنە شۇ ۋاقىتلاردا مەن سىنىپىمىزدا «بىلىم چوقۇم ئەسقاتىدۇ» دېگەن ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىپ، ساۋاقداشلىرىمدىن پۇل يىغىپ، بېيجىڭدىن چىققان ئۆيغۇرچە كىتابلارنى سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ، سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىمغا تارقىتىپ بەرگەن ئىدىم. ھازىر ئويلاپ باقسام، بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە بىزنىڭ سىنىپتا مۇئەللىمنىڭ دەرسنى دىققەت بىلەن ئاڭلايدىغان، ۋە مۇئەللىم بەرگەن تاپشۇرۇقلارنى ھەر قېتىم ئۆز ۋاقتىدا ۋە تولۇق ئىشلەيدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن يالغۇز مەن بىرلا ئادەم قالغان ئىكەنمەن. بىر يىلى فىزىكا مۇئەللىمىمىز يىللىق ئىمتىھاننى ئوچۇق ئېلىپ، چىقىرىلغان سوئاللارنىڭ جاۋابىنى تەييارلاپ ئەكېلىپ بېرىشكە 3 كۈن ۋاقىت بەردى. مەن ئۇ ئىمتىھان سوئاللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم ئىشلىدىم، ئەمما سىنىپتىكى قالغان 30 دەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ، ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىپ ئولتۇرۇپ، سوئاللارنىڭ جاۋابىنى مېنىڭكىدىن كۆچۈردى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى تاپشۇرغان قەغەز ئوپمۇ-ئوخشاش بولۇپ، مۇئەللىم ماڭا 100 نومۇر بېرىپ، قالغان ھەممە بالىلارغا 50 تىن نومۇر بەردى.

مەن ئۆزۈمنى ھازىرقى بالىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، پات-پات «ھازىرقى بالىلار نېمىدېگەن بەختلىك-ھە؟!» دەپ ئويلايمەن. ھازىرقى بالىلار يۇقىرىقىدەك بىرەر تەبىئىي-پەن پروجېكتى قىلماقچى بولىدىكەن، ئاتا-ئانىلار ئۇلارنى يېقىندىن قوللاپ، كېتىدىغان چىقىمنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈرۈپ بېرىدۇ. مېنىڭ ئوغلۇم دىلشات ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، ئۆزى بىر كومپيۇتېر قۇراشتۇرماقچى بولدى. ئۇ كومپيۇتېر شۇ ۋاقىتتىكى سۇ بىلەن سوۋۇتۇلىدىغان ئەڭ ئىلغار، سۈرئىتى ناھايىتى تېز كومپيۇتېر بولۇپ، ئۇنىڭغا 2600 دوللار پۇل كەتتى. بىز دەسلىپىدە ھەممە پۇلنى بەردۇق. كېيىن ئۇ يازلىق تەتىلدە ئىشلەپ، ئۇ پۇلنىڭ يېرىمىنى قايتۇرۇپ بەردى. بۇ 2005-يىلىدىكى ئىشلار بولۇپ، بىز ئاشۇ كومپيۇتېرنى تاكى يېقىنغىچە ئۆيدە ئىشلەتتۇق. بۇ ھېكايىنى مەن ئۆزۈمنىڭ «يازما سۆھبەت خاتىرىسى» نىڭ 2-قىسمى [2] دا تەپسىلىي بايان قىلغان بولۇپ، قىزىقىدىغان ئۇكىلار ئاشۇ يازما سۆھبەت خاتىرىسىنى ئوقۇپ باقسا بولىدۇ.

قىسقىسى، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەبىئىي-پەن پروجېكتلىرى ئىنتايىن مۇھىم.

## 2. يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسى پائالىيىتى

بىزنىڭ ئىدارە ھەر يىلى بىر قېتىم «يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسى» پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولۇپ، بۇ يىلقى پائالىيەت 2014-يىلى 5-دېكابىر كۈنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە ئىككى گۇرۇپپا ئادەملەر قاتناشتۇرۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى بىزنىڭ ئىدارىنىڭ خادىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ گۇرۇپپىدىكى كىشىلەرگە سان چەكلىمىسى قويۇلمايدۇ. يەنە بىر گۇرۇپپا بولسا تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قۇرغان ھەر خىل تەبىئىي-پەن كۇلۇبلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئامېرىكىدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە «ماتېماتىكا كۇلۇبى»، «رادىئو كۇلۇبى»، «ئاسترونومىيە كۇلۇبى» ۋە «ئاپتوموبىل كۇلۇبى» دېگەنگە ئوخشاش ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى قۇرۇۋالغان ھەر خىل گۇرۇپپىلار بار بولۇپ، مەزكۇر مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغانلار ئەنە شۇنداق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار كۇلۇبلىرىدۇر. بىزنىڭ ئىدارىدىكى مۇسابىقىدىن بۇرۇن، بىزنىڭ ئىدارىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلىس رايونى بويىچە 2 ئورۇندا «رايونلۇق يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوتتۇرا مەكتەپ ئەترەتلىرىدىن جەمئىي 80 ئەترەت قاتناشتۇرۇلغان. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشكەن 20 ئەترەت بىزنىڭ ئىدارىدىكى مۇسابىقىگە تاللانغان.



3-رەسىم: بۇ يىل 5-دېكابىر كۈنى NASA مەركىزى JPL دە ئۆتكۈزۈلگەن يىللىق «يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسى» پائالىيىتىدىن بىر كۆرۈنۈش.


بۇ مۇسابىقە ئۈچۈن ياسىلىدىغان نەرسىنى بىزنىڭ ئىدارە بېكىتىپ بېرىدىغان بولۇپ، بۇ يىلقى مۇسابىقە ئۈچۈن چىقىرىلغان تېما تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت:

سىز بىر قۇرۇلما ياسايسىز. ئۇ قۇرۇلما بىر بىليارت توپىنى كەم دېگەندە 5 مېتىر ئارىلىققا، كەم دېگەندە 3 خىل ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ قاتناش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ يۆتكەيدۇ. بىليارت توپى ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، قۇرۇلمىنىڭ بىر قىسمىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قۇرۇلمىدىن يىقىن ئەتراپتا تۇرغان كىشىلەر ئاڭلىيالايدىغان بىر خىل ئاۋاز چىقىپ، بۇ ئاۋاز توپتوغرا 20 سېكۇنت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن توختايدۇ.

ئۈچ خىل قاتناش ۋاستىسى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك: (1) يۇرژىنىدىن ھاسىل بولغان

ھەرىكەت. (2) تارتىش كۈچىدىن ھاسىل بولغان ھەرىكەت. (3) باشقا ئېنېرگىيە شەكلى، مەسىلەن، شامالدۇرغۇچ، قىسىلغان ھاۋا، ياكى ماتور.

بىليارت توپىنىڭ ھەرىكىتى 2 مېتىر كەڭلىك، كەم دېگەندە 5 مېتىر ئۇزۇنلۇق ئىچىدە بولۇشى، ھەمدە بىليارت توپى يۆتكىلىش جەريانىدا كۆزەتكۈچىلەرگە داۋاملىق كۆرۈنۈپ تۇرۇشى كېرەك.




4-رەسىم: بىزنىڭ ئىدارە تۈزۈپ بەرگەن شەرتلەرنىڭ بىر گرافىك ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلۈشى: «Starting point» باشلىنىش نۇقتىسى، ۋە «Ending point» بولسا توختاش نۇسخىسى دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

بۇ مۇسابىقىگە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى قاتنىشالايدۇ. مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىققانلارغا JPL خادىملىرى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن ئىبارەت ئىككى كاتېگورىيە بويىچە ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1-دەرىجىلىك، 2-دەرىجىلىك ۋە 3-دەرىجىلىك مۇكاپات بېرىلىدۇ.
مەن مەزكۇر ماقالىدا بىزنىڭ ئىدارىدىكى پائالىيەت ھەققىدە مۇشۇنچىلىك توختىلىدىغان بولۇپ، بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپرەك نەرسىلەرنى بىلىشنى ئىستەيدىغان ۋە ئىنگلىزچە بىلىدىغان تورداشلار تۆۋەندىكى 3-مەنبەدىن پايدىلانسا بولىدۇ. ماقالىنىڭ ئاخىرىغا مەن تارتقان بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ بىر قىسىم كۆرۈنۈشلىرىنى، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلار ياسىغان قۇرۇلمىلارنىڭ رەسىملىرىنى چىقىرىپ قويدۇم.

## 3. تەبىئىي-پەن پروجېكتلىرىنىڭ ئەھمىيىتى

ئامېرىكىدىكى شارائىتى بار بولغان باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ھەر يىلى تەبىئىي-پەن پروجېكت مۇسابىقىسى، يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسى، كەسىپ تاللاش كۈنى، ئوچۇق ئۆي، ۋە مۇھىم جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولۇپ، بۇ ئىشقا ھۆكۈمەت، جەمئىيەت، مەكتەپ ۋە ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئورتاق ھالدا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇنداق پائالىيەتلەرنى ھەممە ساھەلەر قوللايدۇ. مۇشۇنداق ئىشلار ئۈچۈن تەييارلانغان ماتېرىياللار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمىنى ئامېرىكا مەملىكەتلىك مۇھىتنى قوغداش ئىدارىسى [4] گە ئوخشاش دۆلەت ئورگانلىرى، بەزىلىرىنى ھۆكۈمەت تارمىقىدىكى

ئاممىۋى تەشكىلاتلار [5-6]، ۋە يەنە بەزىلىرىنى بولسا مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرى تۈزۈپ چىققان. مەن بۈگۈن دۇنيا بويىچە كىتاب سېتىشتا 1-ئورۇندا تۇرىدىغان www.amazon.com دېگەن تور بەتنىڭ كىتاب ئىزدەيدىغان يېرىگە «تەبىئىي-پەن پروجېكت مۇسابىقىسى ئىدىيلىرى» دەپ كىرگۈزۈپ باقسام، جەمئىي 846 نەتىجە چىقتى. تۆۋەندىكىسى ئاشۇ ئىزدەشتىن كېيىن تورنىڭ 1-بېتىدە كۆرۈنگەن 8 پارچە كىتابنىڭ رەسمى.




5-رەسىم: www.amazon.com تور بېتىنىڭ 2014-يىلى 15-دېكابىر كۈنى تېپىلغان، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەبىئىي-پەن پروجېكت مۇسابىقىسى ئۈچۈن تەۋسىيە قىلىنغان تېمىلارنى مەزمۇن قىلغان 8 پارچە ئىنگلىزچە كىتابنىڭ رەسىملىرى.

تەبىئىي-پەن پروجېكت مۇسابىقىسى ئامېرىكىدىكى مەكتەپلەردە مۇنداق ئۆتكۈزۈلىدۇ: ئەگەر بىر سىنىپتا 15 ئوقۇغۇچى بار بولىدىكەن، رەسمىي مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلۈشتىن بىر قانچە ئاي بۇرۇن، سىنىپ مۇدىرى ئوقۇغۇچىلارغا 20 دەك پروجېكت تېمىسى چىقىرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۇ تىزىملىكنى ئۆيىگە ئەكىلىپ، ئاتا-ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاشۇ تېمىلارنىڭ ئىچىدىن بىر تېما تاللايدۇ. ھەممە كېيىنكى بىرەر ئايدەك ۋاقىت ئىچىدە ياساپ چىقماقچى بولغان نەرسىنى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ياردىمىدە ياساپ چىقىدۇ. ئاندىن مەكتەپ بىر كۈنى ئاخشىمى مەكتەپ بويىچە «تەبىئىي-پەن پروجېكت كۆرگەزمىسى» ئۆتكۈزىدۇ. بۇ كۆرگەزمىگە ھەممە ئوقۇغۇچىلار، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى، ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرى تەكلىپ قىلىنىدۇ. بۇ كۆرگەزمە 2 سائەتتەك ۋاقىت داۋاملىشىپ، كۆرگەزمە ئاخىرلاشقاندا، ئالدىن تەيىنلەپ قويۇلغان بىر باھالاش كومىتېتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پروجېكتلىرىنى باھالايدۇ. ھەممە شۇ ئاساستا ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاپ، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلارغا گۇۋاھنامە بېرىدۇ. بۇ گۇۋاھنامە ئۇنىڭغا ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىنىڭ كېيىنچە ياخشىراق ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىش ۋە ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىش ئىشلىرىغا ياردەم قىلىدۇ.

مېنىڭ ئوغلۇم دىلشات باشلانغۇچتىكى ۋاقتىدا بىر قېتىم بىر باتارىيە بىلەن ئايلىنىدىغان ئېلېكتىر ماتورى ياسىغان بولۇپ، قىزىم دىلنارە تولۇقسىزدىكى ۋاقتىدا بىر قېتىم لازېر نۇرىدىن پايدىلىنىپ، كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئوخشاش ئىسسىقلىق مەنبەسىنىڭ ئاتموسفېراغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تەبىئىي-پەن پروجېكتى قىلىپ ئىشلىگەن ئىدى. مەن قىزىم ئىشلىتىدىغان لازېر نۇرىنى شىركىتىمدىن ئارىيەت ئېلىپ ئەكەلگەن ئىدىم.

ھەر بىر تەبىئىي-پەن پروجېكتى مۇنداق قەدەم-باسقۇچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
(1) بىر تېما تاللاش
(2) كۇتۇپخانا ۋە ئىنتېرنېتتىن پايدىلىنىپ، ئاشۇ پروجېكتنى ئىشلەشكە زۆرۈر بولغان ئاساسىي بىلىملەرنى توپلاپ، بىر پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇش
(3) بىر تەجرىبە لايىھەلەش
(4) بۇ پروجېكتنى قانداق ئېلىپ بارىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر دوكلات يېزىش
(5) تەجرىبىنى ئىشلەپ، ئۇنىڭدىن بىر يەكۈن چىقىرىش
(6) ئېرىشكەن نەتىجىسىنى سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىسىغا بىر چوڭ تاختايدا ياكى ئېغىزاكى نۇتۇق ئارقىلىق دوكلات قىلىش

ئامېرىكىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىدا يۇقىرىقى قەدەم-باسقۇچلار مۇنداق 3 چوڭ قەدەم-باسقۇچقا يىغىنچاقلانغان: (1) بىر پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇش. (2) مەخسۇس تەجرىبە ئىشلەپ، پەرەزنىڭ توغرا-خاتالىقىنى ئىسپاتلاش. (3) بىر ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش. مېنىڭ ئىككى بالام ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ بۇ 3 چوڭ باسقۇچىنى باشلانغۇچ مەكتەپتىلا ئۆگىنىپ بولغان ئىدى.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ئامېرىكا خەلقى بۇنداق پائالىيەتلەرگە نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئەھمىيەت بېرىدۇ؟ مەن بۇ سوئالغا مەزكۇر ماقالىنىڭ بېشىدا ۋە ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى بىر قانچە پارچە ماقالىلىرىدە ئازراقتىن جاۋاب بېرىپ ئۆتتۈم. ئوقۇرمەنلەرنى بۇ مەسىلە ئۈستىدە تېخىمۇ تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، مەن بۇ يەردە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە تەبىئىي-پەن پروجېكت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنىڭ ئەھمىيىتىنى قىسقىچە خۇلاسىلەپ بېرىمەن. بۇ يەردىكى مەزمۇننى تۆۋەندىكى 7-مەنبەگە ئاساسەن تەييارلىدىم.

(1) تەبىئىي-پەن پروجېكت مۇسابىقىسىدە ئوقۇغۇچىلار ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزىدىغان ئىشلار تەبىئىي-پەننىڭ ئۆزىدىن خېلىلا كۆپ. ئەگەر بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولىدىكەن، ئۇلار بىر پارچە تەتقىقات دوكلاتى يازىدۇ. بۇ دوكلات ئۇلار شۇ ۋاقىتقىچە يېزىپ باققان ئەڭ ئۇزۇن دوكلات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دوكلاتنى تەييارلاش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلار كومپيۇتېرنى ئىشلىتىش جەھەتتىمۇ خېلى زور دەرىجىدە ئالغا باسىدۇ. شۇنداقلا بۇنداق پروجېكتلار خېلى كۆپ ماتېماتىكىلىق ماھارەتنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىر گۇرۇپپا ئوقۇغۇچىلار بىر پروجېكتنى بىللە ئىشلەش جەريانىدا بىر قىسىم يېقىن كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىقتىدارلىرىنىمۇ ئۆگىنىۋالىدۇ.

(2) تەبىئىي-پەن پروجېكتىنى ئىشلەش مۇددىتى ئوقۇغۇچىلار ئىشلەيدىغان باشقا تاپشۇرۇقنىڭكىدىن كۆپ ئۇزۇن بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار بۇ ئىش ئارقىلىق 2-3 ئايلىق پىلان تۈزۈش ماھارىتىنى ئۆگىنىدىغان بولۇپ، بۇنداق ماھارەت ئۇلارنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا ناھايىتىمۇ بەك ئەسقاتىدۇ.

(3) بۇ پروجېكتلار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار كىشىلىك ئالاقە قابىلىيىتى (communications skills) نىمۇ ئۆستۈرىدۇ. كىشىلىك ئالاقە قابىلىيىتى ئۇيغۇر دىيارىدا ئانچە تەكىتلەنمەيدىغان بىر نەرسە بولۇپ، غەرب ئەللىرى ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ بۇ قابىلىيىتىگە ئىنتايىن بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ قابىلىيەتنىڭ بىر مەسىلى سىز ئۆزىڭىز بىلگەن نەرسىلەرنى باشقىلارغا توغرا ۋە تولۇق يەتكۈزۈپ بېرىش قابىلىيىتىدۇر. تەبىئىي-پەن پروجېكتى ئىشلىگەندە، ئوقۇغۇچىلار تېما تاللاش، ۋە زىيارەتچىلەرگە كۆرسىتىدىغان چوڭ تاختايدىكى مەزمۇنلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەييارلاش ۋە تەڭشەش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق ماھارەتلەر ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئۆمرىدە كۆپ ئەسقاتىدۇ.

(4) تەبىئىي-پەن پروجېكتى ئوقۇغۇچىلارنى كۆچۈرمىكەشلىك ۋە سانلىق قىممەتلەرنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە

ئوخشاش بىر قىسىم ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھازىرقىدەك ئىنتېرنېت دەۋرىدە ئوقۇغۇچىلاردا بىر قىسىم ساغلام كەسپىي ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم.

(5) مەن ئۆزۈمنىڭ يېقىنقى بىر قانچە ماقالىلىرىدە تەبىئىي-پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق ۋە ماتېماتىكىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ ئۆتتۈم. تەبىئىي-پەن پروجېكتلىرىدە ئىشلىتىدىغان ئاساسلىق بىلىم تەبىئىي-پەن بىلىمى بولغاچقا، مۇشۇنداق پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى كۆرۈۋاتقان دۇنيانىڭ ئىشلىرى قانداق يۈرۈشىدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يېتەلەيدۇ.

(6) تەبىئىي-پەن پروجېكتى ئىشلەش بىر خىل ئاكتىپ ئۆگىنىش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىش، ئەمەلىي ئىشلارنى ئۆگىنىش، ۋە ئۆز قوللىرىنى ئىشقا سېلىپ، بىر ئەمەلىي نەرسىنى ياساش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۈڭلاشقا ئۇ بىر ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەر ئۇنى تەبىئىي-پەن ئوقۇتۇشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئۇسۇل سۈپىتىدە تەۋسىيە قىلىدۇ. ئامېرىكىنىڭ بىر مەملىكەتلىك تەتقىقات ئورنىنىڭ قارىشىچە، تەبىئىي-پەن پروجېكتىغا ئوخشاش ئاكتىپ ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى قوللانماسلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرالماسلىقىغا ئېلىپ بارىدۇ.

يۇقىرىلاردىن باشقا، مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ بېشىدا تىلغا ئالغىنىمدەك، تەبىئىي-پەن پروجېكتى ئىشلەش ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بىلەن تالانتىنى بايقاش، ھەمدە ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇش جەھەتلەردىمۇ ئىنتايىن پايدىلىق.

## 4. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ماڭا كەلگەن خەت

مەن يېقىندا « ئامېرىكا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى كەسىپ تاللاش پائالىيىتى» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە يېزىپ، مەن ئۆزۈم قاتناشقان بىر قېتىملىق باشلانغۇچ مەكتەپ «كەسىپ تاللاش پائالىيىتى» نى تونۇشتۇرغان ئىدىم [8]. مەن ئۇ چاغدا 4-سىنىپتىن ئىككىسىگە، ۋە 6-سىنىپتىن بىرسىگە كىرىپ، ئۆزۈمنىڭ NASA دا قىلىدىغان ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم. ئۇ سىنىپلارنىڭ ھەر بىرسىدە 15 نەپەر ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، مەن بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا ماڭا ئاشۇ مەكتەپ ئەۋەتكەن بىر پارچە لېپاپىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇنىڭ ئىچىدە 7 ئوقۇغۇچىنىڭ رەھمەت خېتى بار ئىكەن. يەنى، ھېلىقى مەكتەپ بىز سىنىپلارغا كىرىپ سۆزلەپ، قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزى ياخشى كۆرگەن سۆزلىگۈچىلەرگە خەت يېزىپ رەھمەت ئېيتىشقا ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ماڭا جەمئىي 7 ئوقۇغۇچى خەت يېزىپتۇ. تۆۋەندىكىسى ئاشۇ 7 پارچە خەتنىڭ بىرسى:

*سۆيۈملۈك دوكتور سىدىق،*

*كەسىپ تاللاش كۈنى بىزگە سۆزلەپ بەرگىنىڭىزگە رەھمەت. مەن سىزنىڭ NASA، JPL، ۋە ئالەم تېلېسكوپى ھەققىدىكى ئۇتۇقىڭىزنى ئاڭلاپ، ناھايىتى ھوزۇرلاندىم. مەن JPL غا بىر قېتىم باردىم. ئۇلار بىزگە مارسنى تەكشۈرۈش ماشىنىسىنىڭ بىر مودېلىنى كۆرسەتتى، ھەمدە ئۇ ماشىنا مېنىڭ چېچىمنىڭ ئۈستىدىن مېڭىپ ئۆتۈپ كەتتى. چوڭ بولغاندا مېنىڭ بىر ئالەم ئۇچقۇچىسى بولغۇم بار. مەن داۋاملىق ئالەم بوشلۇقىنى تەكشۈرۈشنى ئىستەيمەن. ھەر قېتىم مەكتەپ كۇتۇپخانىسىغا بارغاندا، مەن پلانېتلار ھەققىدىكى كىتابتىن بىرنى ئارىيەت ئالىمەن. شۇنداقلا مەن بىر قېتىم ساۋاقداشلىرىمغا ساتۇرن ھەققىدە دوكلات بەردىم. مەن سىزنىڭ كەسىپ تاللاش كۈنىدىكى دوكلاتىڭىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆردۈم.*

*سەممىي ھالدا، رېبېككا*

## 5. ئاخىرقى سۆز

ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرىدىكى مائارىپقا مەسئۇل دۆلەت ئورگانلىرى مەكتەپتىكى باشقۇرغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى نۇرغۇن ئىشلاردا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئويلاشنى، ئۆزى مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىشنى، مائارىپ سىۈپىتى ۋە ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق بولغان چارە-تەدبىرلەرنى ئۆزى مۇستەقىل ئويلاپ تېپىشنى، سىناق قىلىشنى، ۋە ئۇلارنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ ئۆزلىرى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ۋە ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ھەر بىر مائارىپچىغا بېرىلگەن ھوقۇق ناھايىتى چوڭ بولۇپ، سىز ئۇلار بىلەن ئارىلاشسىڭىز، ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ ئۆز ئالدىغا خۇددى بىر پادىشاھتەك ئىش ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز. ھۆكۈمەت ئەربابلىرى بولسا مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرىنى ئىشقا سېلىپ، مەكتەپلەردىكى مائارىپچىلارنى زامانىۋى بىلىم ۋە يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەش، ۋە ئۇلارغا ھەر خىل ئىشلاردا تەكلىپ بېرىش خىزمەتلىرىنى قىلىدۇ.

مېنىڭ بىلىشىمچە ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئەھۋاللار يۇقىرىدىكىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. ئۇ يەردىكى دائىرىلەر باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى باشقۇرغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇلۇشقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرى سىزىپ قويغان سىزىقنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەي ياشاشقا كۆندۈرۈۋەتكەنلىكى، كۆندۈرۈۋاتقانلىقى، ياكى مەجبۇرلايدىغانلىقى، ئۇنداق قىلمىغانلارنى ھەر خىل جازاغا تارتىدىغانلىقى بىر پاكىت. شۇنداق بولسىمۇ، ئاشۇنداق ناچار شارائىت ئىچىدىمۇ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ قاتتىق تىرىشىپ، يېڭىلىق يارىتىۋاتقانلار بار. ئۇلارنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە يېقىندا تورلارغا «مېنىڭ كىتاب يېلىم» دېگەن بىر يازمىنى يوللاپ، 2015-يىلىنى ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب ئوقۇش يىلى قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان رۇزىمۇھەممەد تۇردى ئارتۇچ مۇئەللىم ۋە ئۇنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. رۇزىمۇھەممەد مۇئەللىم ھەممەيلەن ئۇچۇن ناھايىتى قىيىن بولغان شارائىت ئىچىدىمۇ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىزدىنىپ، يېڭى چارە-تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقىپ، ناھايىتى چوڭ ۋە ئىنتايىن مۇھىم ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئۇ مۇئەللىم مېنىڭ بىر شەخسىي قەھرىمانىم. مەن مەزكۇر ماقالىدا تىلغا ئالغان باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەبئىي-پەن پروجېكت پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇش ئۇچۇن بەك كۆپ قوشۇمچە مەبلەغ كەتمەيدۇ. ھەمدە ھازىر بار بولغان خىراجەتنى ئازراقلا باشقىدىن تەقسىم قىلىش ئارقىلىق ئۇ ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئۈنۈمى ۋە پايدىسى كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان دەرىجىدە ئۇستۈن ۋە كۆپ بولىدۇ. مەن بۇ نۇقتىنى ئۆزۈم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئاكام بىلەن ئۆيدە ئېلىپ بارغان بىر «رادىئو قۇراشتۇرۇش پروجېكتى» ئارقىلىق ئازراق چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇم. مەن ئىلگىرىكى بىر ماقالىدە ياپونلارنى تونۇشتۇرغاندا، ئۇلار ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان بىر ئىش پەقەت ئاقىلانە ئىشلارنى تاللاپ قىلىش ۋە ئىشلارنى ئەقىلنى تولۇق ئىشقا سېلىپ تۈرۈپ قىلىش ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالدىم. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار بەك كۆپ بولۇپ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئىشلاردىمۇ بىزنىڭ تەرەققىي قىلغان غەرب ئەللىرى ۋە ياپونلاردىن ئۆگىنىدىغان تەرەپلىرىمىز ناھايىتى كۆپ. ئۇنىڭ بىرى مۇددەتلىك ھالدا مەكتەپلەردە «تەبئىي-پەن پروجېكت مۇسابىقىسى»، «يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسى»، «ئېكسكۇرسىيە» ۋە «كەسىپ تاللاش كۈنى» قاتارلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. غەرب ئەللىرى مۇشۇنداق ئىشلارغا ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى زور ئۈنۈم ھاسىل قىلىۋاتىدۇ. بىزدە بولسا ئۈنۈم بەرمەيدىغان كونا رامكىلارغا چىڭ ئېسىلىۋېلىپ، باللارغا بىلىم ئېلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ قويۇشتا، ۋە باللارغا بىلىملەرنى نەدە ۋە قانداق شەكىلدە ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇشتىمۇ قېينىلىپ يۈرۈۋاتىمىز. شۇڭلاشقا مەن ھەر بىر مەكتەپ باشقۇرغۇچىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەقلىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، مائارىپ ساھەسىدە تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش بىر قىسىم ئاقىلانە ئىشلارنى قىلىش يولىدا ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ بىر قېتىم تىرىشىپ

بېقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

2015-يىلىنى ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب ئوقۇش يىلى قىلىش ھەققىدىكى تەشەببۇسنامە نۇرغۇن قېرىنداشلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ھازىر كۆپلىگەن يېڭى ئىدىيە ۋە ئىش-پائالىيەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال بولىۋاتىمەن. ھازىر ئېچىلىدىغان ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىمۇ بۇ جەھەتتە ھەرىكەتكە ئۆتكەن ئۆكىلار بار بولۇپ، مەن تورداشلارغا تۆۋەندىكى 3 پارچە قىسقا ئۇچۇرنى مىسال سۈپىتىدە تەۋسىيە قىلىمەن، ھەممىدە قولىدىن كېلىدىغان قېرىنداشلارنىڭ مۇشۇنداق ئىشلارنى يېقىندىن قوللىشنى ئۈمىد قىلىمەن:

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] بىلىمخۇمار: «مىكرو-باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭ زىيانلىرى»
http://bbs.izdinix.com/thread-60579-1-1.html

[2] مېنىڭ بۇرۇنقى سەرگۈزەشتىلىرىم بىر پارچە قىسقا «تەرجىمىھال» بىلەن ئىككى قىسىملىق «بىلۇال تور بېتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن يازما سۆھبەت» تە تەسۋىرلەنگەن. ئۇلارنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن تاپالايسىز: http://www.menzil.biz گە كىرىپ، «ئېلكىتاب ئامبىرى» نى چېكىڭ. ئاندىن «ماقالىلەر» غا كىرىپ، «ئەركىن سىدىق» نى تاللاڭ. ئاشۇ سەھىپىنىڭ 2-بېتىدە «ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى» دېگەن بىر ئېلكىتاب بار.

[3] JPL Annual Invention Challenge - 2014 Rules
http://www.jpl.nasa.gov/events/inventionchallenge/2014/index.cfm

[4] United States Environmental Protection Agency: Science Fair
http://www.epa.gov/students/sciencefair.html

[5] Science Fair Projects
http://www.need.org/sciencefair

[6] Science fair project resource guide
http://www.ipl.org/div/projectguide/choosingatopic.html

[7] The Value of a Science Fair Project
http://www.sciencebuddies.org/science-fair-projects/scifair_value.shtml

[8] ئامېرىكا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى «كەسىپ تاللاش» پائالىيىتى
http://bbs.izdinix.com/thread-58417-1-1.html

تۆۋەندىكىسى 2014-يىلى 5-دېكابىر كۈنى JPL دە ئۆتكۈزۈلگەن «يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسى» پائالىيىتىنىڭ بىر

قىسىم كۆرۈنۈشلىرى بولۇپ، ئۇ رەسىملەرنى شۇ كۈنى مەن ئۆزۈم تارتىۋالغان. مەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلغان قۇرۇلمىلارنىڭ ئادەتتىكى ماتېرىياللاردىن ياسالغانلىقىغا، ھېچكىم ئۇنىڭغا كۆپ پۇل خەجلىمىگەنلىكىگە، ھەمدە ئاشۇ قۇرۇلمىلارنى ياساشقا ئاتا-ئانىلارنىڭ يېقىندىن ياردەملىشىپ بەرگەنلىكىگە دىققەت قىلىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.



9-رەسىم: JPL دە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسى» دىن بىر كۆرۈنۈش.



10-رەسىم: JPL دە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسى» غا قاتناشتۇرۇلغان بىر قۇرۇلما.



11-رەسىم: JPL دە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسى» غا قاتناشتۇرۇلغان بىر قۇرۇلما.



12-رەسىم: JPL دە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسى» غا قاتناشتۇرۇلغان بىر قۇرۇلما.

# ناسادىكى «بالىنى ئىشقا ئاپىرىش كۈنى» پائالىيىتى

2015-يىلى 4-ئاينىڭ 23-كۈنى

ناسا مەركىزى ج پ ل (Jet Propulsion Laboratory, JPL) دە، يەنى مېنىڭ ئىدارەمدە، 2015-يىلى 23-ئاپرېل كۈنى (يەنى بۈگۈن) «بالىسىنى ئىش ئورنىغا ئاپىرىش كۈنى» (Take your kids to work day) بولدى. شۇڭلاشقا مەن بۈگۈن چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن يول مېڭىشقا چىققاندا ئىدارەمنىڭ ھەممە يېرىدە دادىسى ياكى ئاپىسى بىلەن بىللە يۈرگەن باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ياشلىرىدىكى بالىلارنى كۆردۈم. مېنىڭ ئوغلۇم دىلشات تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا، مەن ئۇنىمۇ مۇشۇنداق كۈن مۇناسىۋىتى بىلەن ئىدارەمگە ئەكىلىپ، ئۇنى پۈتۈن بىر كۈن ئۆزۈمگە ھەمرا قىلغان ئىدىم. شۇ كۈنى ئۇ مېنىڭ بىرلا ۋاقىتتا كۆپلىگەن يۇقىرى ئىقتىدارلىق كومپيۇتېر (work station) لارنى ماڭدۇرۇپ، ھېسابلاش ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن زېھنىم بىلەن قاتتىق ئىشلىگىنىمنى، ئىشخانامدا باشقىلار بىلەن خىزمەت ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بارغىنىمنى، بىر پروجېكت (تەتقىقات تۈرى) ئېلېمېنتىنىڭ ھەيئەتلىك مۇھاكىمە ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئۇ يىغىندا ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى بىر ھەپتە ئىچىدە ھاسىل قىلغان ئىلگىرىلەشلىرىمنى دوكلات قىلغانلىقىمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىدى. شۇنداقلا ئىدارىمىزدىكى سىرتتىن ئېكسكۇرسىيىگە كەلگەن مېھمانلارغا كۆرسەتسە بولىدىغان ئالەم ئۇچقۇرىنى قۇراشتۇرۇش تەجرىبە زالى، ئالەم ئۇچقۇرىنى كونترول قىلىش مەركىزى قاتارلىق 4 ئورۇننى مېنىڭ ھەمراھلىقىمدا كۆرگەن ئىدى (مېھمانلارغا كۆرسە بولىدىغان يەرلەرنى چوقۇم بىز بىللە ئاپىرىپ كۆرسىتىشىمىز شەرت). ئۇ كۈنى مەن ئىشقا كېلىش ۋە ئىشتىن قايتىشتا ئادەتتىكى بىلەن ئوخشاش قاتناش قوراللىنى ئىشلەتكەن ئىدىم. يەنى، ئۆيدىن ئوغلۇم بىلەن ئۆزۈمنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ يولغا چىقىپ، ماشىنىنى بىزنىڭ ئۆيگە 4 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر يىغىلىش ئورنىغا توختىتىپ قويۇپ، ئاندىن ئىدارىنىڭ 14-كىشىلىك ئاپتوبۇسىغا چىقىپ ئىشقا بارغان، ھەمدە ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئىشتىن قايتىپ كەلگەن ئىدىم.

بۈگۈن مەن ئىدارىمىزدىكى خاتىرە بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان كىچىك دۇكانغا كىرسەم، ئۇنىڭ ئىچى ئاتىلار، ئانىلار ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرى بىلەن لىق تولۇپ كېتىپتۇ. شۇ دۇكاننىڭ ئىچىدە ۋە سىرتىدا تارتقان بىر قانچە پارچە رەسىملەرنى مۇشۇ يازمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ قويدۇم.

بالا كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭغا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دادىسىنىڭ ۋە ئاپىسىنىڭ ئىش ئورنىنى بىر قېتىم تولۇق كۆرسىتىپ قويۇشنىڭ ناھايىتى كۆپ پايدىسى بار. سىز بالىڭىزنى ئىشقا ئەكەلگەن كۈنى ئۇنىڭغا، سىز ئۆيدە بالىڭىزغا قانداق تەربىيە قىلغان بولسىڭىز، خىزمەت ئورنىدا سىزمۇ شۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلاپ بېرىسىز:

--سىز خىزمەتداشلىرىڭىزغا سىلىق مۇئامىلە قىلامدىكەنسىز، ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت قىلامدىكەنسىز؟

--سىز باشقىلار بىلەن قولنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ كۆرۈشەمدىكەنسىز؟

--سىز باشقىلار بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇلارنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ گەپ قىلامدىكەنسىز؟

--سىز يىغىندا ئۆز پىكرىڭىزنى ئاكتىپ ھالدا ئوتتۇرىغا قويامدىكەنسىز؟

--سىزنىڭ ئىشخانىڭىز رەتلىك ۋە پاكىزمىكەن؟

ئۇنىڭدىن باشقا، شۇ كۈنى بالىگىز رېئال دۇنيانىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، «خىزمەت قىلىش» دېگەن قانداق بولىدىغانلىقىنى، دادىسى ياكى ئاپىسى بىر كۈننى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كەسپى ئۆزى ئۈچۈن قىزىقارلىق ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى، ۋە ئۆزى خەجلەۋاتقان پۇلنىڭ قانداق كېلىدىغانلىقىنى بىر قېتىم تونۇپ يېتەلەيدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭ قانچىلىك جاپادا ئىشلەيدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. شۇنداقلا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىشتىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھېچ كىمگە دەرد تۆكمەي، ئۆي ئىچىدە يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنىڭ قەدرىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ.

مېنىڭ پەرىزىمچە، بالا دادىسى ۋە ئاپىسى بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ بىر كۈن بالىنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ.

مۇشۇنداق «بالىسىنى ئىش ئورنىغا ئاپىرىش كۈنى» يالغۇز ناسادىلا ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت بولماستىن، ئۇنى ئامېرىكىدىكى باشقا نۇرغۇن ئورۇنلارمۇ ئېلىپ بارىدىغان بولۇپ، ئۇ ئامېرىكىدا بالا تەربىيىسىدىكى بىر مۇھىم ئىش ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ بۇ پائالىيەتنى ھۆكۈمەتكە تەۋە ھەر دەرىجىلىك ئىدارە-ئورگانلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئېلىپ بارىدۇ.

تۆۋەندىكىسى مەن بۈگۈن ئىدارەمنىڭ ئىچىدە تارتقان بىر قانچە كۆرۈنىشلەر.



1-رەسىم



2-رەسىم



3-رەسىم

# ناسادا ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا-مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «ئىلىم-پەن مۇسابىقىسى» پائالىيىتى

2015-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنى

مەن يېقىندا بىر قانچە پارچە ماقالە يېزىپ، بىزنىڭ ئىدارە ۋە باشقا ناسا مەركەزلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئامېرىكىدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۆۋەندىكىدەك پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم:

--باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خەلقئارا ئالەم پونكىتىدىكى خادىملار بىلەن نەق مەيداندا سۆزلىشىش پائالىيىتى (2014-9-5) [1]

-- ئامېرىكىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ «يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسى» پائالىيەتلىرى (2014-19-12) [2]

-- ناسادا ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئىلىم-پەن كۆرگەزمىسى (15-4-2015) [3]

-- ناسادىكى «بالىنى ئىشقا ئاپىرىش كۈنى» پائالىيىتى (2015-23-4) [4]

-- ئامېرىكا مائارىپىدىكى «ستېم» پروگراممىسى [5]

--ئوقۇغۇچىلارنىڭ ناسا مەركىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش پائالىيىتى (بۇ پائالىيەت ھەر كۈنى دېگىدەك بولۇپ تۇرىدۇ)

ناسا مەركىزى ج پ ل (Jet Propulsion Laboraty) دە، يەنى مەن ئىشلەيدىغان ئىدارىدە، 2015-يىلى 31-يانۋار كۈنى «رايونلۇق ئىلىم-پەن مۇسابىقىسى» (Regional Science Bowl) دېگەن يەنە بىر پائالىيەت ئۆتكۈزۈلۈپ، بۇ پائالىيەتتە 1-، 2- ۋە 3-بولغان مەكتەپلەر تاللاپ چىقىلدى.

بۇ پائالىيەت مۇنداق ئېلىپ بېرىلغان: جەنۇبىي كالىفورنىيەدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئىچىدىن دەسلەۋدە 23 مەكتەپ تاللاپ چىقىلغان. ھەر بىر مەكتەپنىڭ مۇسابىقە ئەترىتى 6 كىشىدىن تەركىپ تاپقان: بىر نەپەر يېتەكچى، 4 نەپەر مۇسابىقىچى، ۋە بىر نەپەر زاپاس مۇسابىقىچى. مۇسابىقىدە سوئالچى بىئولوگىيە ۋە ماتېماتىكا قاتارلىق تەبىئىي-پەنلەرگە ئائىت سوئالدىن بىرنى دەيدۇ. مۇسابىقىگە چۈشكەنلەر سوئالغا جاۋاب بېرىش تېزلىكى بىلەن بەرگەن جاۋابىنىڭ توغرىلىقىغا قاراپ نومۇرغا ئېرىشىدۇ. يەنى، ھەر بىر ئەترەتنىڭ ئالدىدا بىردىن باسما-كۇنۇپكا بار بولۇپ، سوئال ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئالدىدىكى كۇنۇپكىنى 1-بولۇپ باسقان ئوقۇغۇچى سوئالغا ئالدى بىلەن جاۋاب بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ جاۋابى توغرا بولمىسا، كۇنۇپكىنى 2-بولۇپ باسقان ئوقۇغۇچى جاۋاب بېرىدۇ. ھەر بىر سوئالغا جاۋاب بېرىش مۇشۇ تەرىقىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. گەرچە بۇ مۇسابىقىغا قاتنىشىدىغانلار ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولسىمۇ، چىقىرىلغان سوئاللار ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى سوئاللاردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. سوئاللارنىڭ ئاسان-قىيىنلىق دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئوخشىمىغان سوئاللار ئېرىشىدىغان نومۇرمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ھەر بىر سوئالغا بېرىلىدىغان نومۇر ئالدىن بېكىتىلگەن بولىدۇ. ئەڭ ئاخىردا ئالغان نومۇرى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئەترەت 1-بولۇپ تاللىنىدۇ.

بۇ قېتىم بىزنىڭ ئىدارىدىكى مۇسابىقىغا قاتناشقان 23 مەكتەپ پۈتۈن لوس ئانژېلىس رايونىدىكى تولۇق ئوتتۇرا

مەكتەپلەر ئىچىدىن تاللانغان بولۇپ، بۇ قېتىم 1-بولغان مەكتەپ ھەر يىلدا بىر قېتىم ئامېرىكىنىڭ پايتەختىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەملىكەتلىك مۇسابىقىغا قاتناشتۇرۇلىدۇ. بۇ قېتىم 1-بولۇپ تاللانغىنى بىزنىڭ ئىدارىگە 15 كىلومېتىر كېلىدىغان، ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئاسىيالىق مىللەتلەردىن تەركىپ تاپقان، ئىنگلىزچە «Arcadia» دەپ ئاتىلىدىغان شەھەردىكى بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىدىن قارىغاندا بۇ 4 ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممىسى خەنزۇ مىللىتىدەك قىلىدۇ (ئۇلارنىڭ ئىنگلىزچە ئىسمى Ray Fu, Kevin Wang, Chris Chi, Bruce Xi خۇ ئىكەن) [5].




1-رەسىم: بىزنىڭ ئىدارىدە ئۆتكۈزۈلگەن «ئىلىم-پەن مۇسابىقىسى» دە 1-ئورۇنغا ئېرىشكەن 4 نەپەر ئوقۇغۇچىلار.

ئامېرىكىنىڭ «مەملىكەتلىك ئىلىم-پەن مۇسابىقىسى» نى ئامېرىكىنىڭ ئېنېرگىيە مىنىستىرلىكى 1991-يىلى باشلىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ھازىر ھەر يىلى 20 مىڭدىن كۆپرەك ئوتتۇرا مەكتەپ قاتنىشىدۇ. بۇ پائالىيەتنىڭ مەقسىتى ئوقۇغۇچىلارنى كەلگۈسىدە تەبىئىي-پەن ۋە ماتېماتىكا ساھەسىدىكى كەسىپلەردە ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

مەن ئۆزۈمنىڭ 2014-يىلى 31-ئۆكتەبىر كۈنى ئېلان قىلغان «بۇيرۇلغان ياردەم ۋە تىرىشچانلىق--بەدرى ئۇرۇشىدىن ئۆيلىغانلىرىم» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق بىر بالا-تېما ئۈستىدە قىسقىچە توختالغان ئىدىم: «2. توغرا ئىشلارنى تاللاپ قىلىش: ئامېرىكا مائارىپىدىكى ستېم پروگراممىسى». بۇ يەردىكى «ستېم» دېگەن سۆز ئىنگلىزچە «تەبىئىي-پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق ۋە ماتېماتىكا» دېگەن سۆزلەرنىڭ باش ھەرپىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، مەن يۇقىرىدىكى ماقالىنى تېخى ئوقۇپ باقمىغان ئوقۇرمەنلەرگە ئۇنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى قاتتىق تەشەببۇس قىلىمەن. ناسا مۇ يېقىندىن بۇيان «ستېم پروگراممىسى» نى ئىنتايىن كۈچەپ يولغا قويۇۋاتىدۇ. يەنى، ھازىر ناسا باش-شتابى ھەممە ناسا مەركەزلىرىدىن ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ستېم كەسىپلىرى ساھەسىگە كىرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى زور دەرىجىدە كۆپەيتىش يولىدا جىددىي ئىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

مەن ئۇيغۇر دىيارىدا يېقىندىن بۇيان يۈز بېرىۋاتقان سەھنە سەنئىتى ساھەسىدىكى يېڭىلىقلارغا دىققەت قىلدىم. يەنى، ھازىر ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان سەنئەت پروگراملىرىدىن بىر قانچىسى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ پروگراممىلار يالغۇز ئۇيغۇر دىيارىدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىلا ئەمەس، چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ بارغانسېرى مۇھىم رول ئويناشقا باشلاپتۇ. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىر دۇنيانىڭ ئەڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىشقا ئازلا قاپتۇ. مەن بۇنىڭدىن خېلى خوشال بولدۇم.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر دىياردا «2015-يىلى ئۇيغۇر كىتاب ئوقۇش يىلى»، ۋە «23-ئاپرېل دۇنيا كىتاب ئوقۇش يىلى» مۇناسىۋىتى بىلەن كۆپلىگەن يېڭىلىقلار ۋۇجۇتقا كەلگىلى تۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر ساخاۋەتچىلەرنىڭ ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ھەقسىز كۇتۇبخانا سېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. مەن بۇ ئىشلاردىن قاتتىق ھاياجانلاندىم، تەسىرلەندىم، ھەم خوشاللاندىم. بۇ خىل ئەھۋاللاردىن بىز بىزنىڭ بىر قىسىم ئاۋانگارت كىشىلىرىمىز ئۇيغۇرلارنى بۇرۇن ئانچە قىلىپ باقمىغان توغرا ئىشلارنى قىلىشقا باشلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە يېتىشىپ بولالمىغان، ئەمما ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىشتىن يەنە بىرى بار. ئۇ بولسىمۇ «تەبئىي-پەن مۇسابىقىسى» دىن ئىبارەت. مەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئوت يۈرەك قېرىنداشلىرىمىزدىن مۇشۇ ئىش ئۈستىدىمۇ ناھايىتى قاتتىق ئىزدىنىپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇنداق ئىشلارنى دائىرىلەرنىڭ كىچىگە تايىنىپ قىلغىلى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ياخشى كۆڭۈللۈك ساخاۋەتچىلەر ۋە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ خالىسانە ئەجرىگە تايىنىپ بۇ ئىشنى قىلغىلى بولۇشى مۇمكىن. ھەپتىدە بىر قېتىم ياكى ئايدا بىر قېتىم قىلغىلى بولمىسىمۇ، يىلدا بىر قېتىم قىلغىلى بولۇشى مۇمكىن. ۋەتەندىكى خېلى كۆپ ساندىكى كەشپىياتچى ئۇكىلار بۇرۇن مەن بىلەن ئالاقىلاشقان. گەرچە ئۇلارنىڭ كەشپىياتلىرىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە، دېگىلى بولمىسىمۇ، ئاشۇنداق بىر ئۈچۈر كەمچىل ماكاندا ياشاۋېتىپمۇ ئاشۇنداق كەشپىياتلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئاسان ئىش ئەمەس. ئاشۇنداق ئۇكىلارنىڭ تالانتى كۆمۈلۈپ قالمىسا بولاتتى. ئاشۇنداق ئۇكىلار ئۈچۈنمۇ ئۆز تالانتلىرىنى كۆرسىتىدىغان بىر سورۇن ھازىرلاپ، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈرلىرى ئىچىدىكى كەلگۈسىدە ستېم كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ سانىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرسەك بولاتتى. جەمئىيەت ۋە مىللەت تەرەققىياتىدا بەزى ئىشلار ئۇنۇم بېرىدۇ. بەزى ئىشلار ئۇنۇم بەرمەيدۇ. بىز ئۈچۈن ئۇنۇم بېرىدىغان يېڭى ئىدىيىلەرنى يېڭىۋاشتىن كەشىپ قىلىش ھازىرچە بىر شەرت ئەمەس ئىدى. پەقەت ئامېرىكىدەك دۆلەتلەردە ئۇنۇم بېرىدىغانلىقى ئاللىقاچان ئىسپاتلىنىپ بولغان ستېم پروگراممىسىغا ئوخشاش پروگراممىلارنى ئازراقتىن بولسىمۇ يولغا قويۇپ تۇرغان بولساق ياخشى بولاتتى. چۈنكى، نوپۇسىمىزنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇ تىلى بىلەن ناخشا-ئۇسۇلدىن باشقىنى بىلمەيدىغان ھالەتتە قالسا، بىزمۇ ھازىرقى ئازگالدىن چىقالماي، ئۆز ئورنىمىزدا قېلىۋېرىمىز.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى خەلقئارا ئالەم پونكىتى بىلەن سۆزلەشتى

[2] ئامېرىكىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ «يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسى» پائالىيەتلىرى

[3] ناسادا ئۆكتۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئىلىم كۆرگەزمىسى

[4] ناسادىكى «بالىنى ئىشقا ئاپىرىش كۈنى» پائالىيىتى

[5] ئاركادىئا ھىغ سچوئول ۋىنس 2015 رەگىئونال سكئەنكە بوۋل ئات جپل ئىن پاسادەنا
http://www.sgvtribune.com/social-affairs/20150131/arcadia-high-school-wins-2015-regional-science-bowl-at-jpl-in-pasadena

[6] بۇيرۇلغان ياردەم ۋە تىرىشچانلىق--بەدرى ئۇرۇشىدىن ئويلىغانلىرىم



2-رەسىم: مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە پۇتۇن ناسا بويىچە «خاببۇل ئالەم تېلېسكوپى» (Hubble spake telescope) ئىشقا چۈشكەنلىكىنىڭ 25 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى. مەن بىزنىڭ ئىدارىدىكى بىر پائالىيەتكە بارسام، ئۇ يەرگە «خاببۇل» دا ئىشلىتىلگەن «كۆۋرۈك تېلېسكوپ» (Relay telescope) تىن بىرى بار ئىكەن. قولۇمدىكىسى ئەنە شۇ تېلېسكوپ. ئەينى ۋاقىتتا بىزنىڭ ئىدارە بۇ «كۆۋرۈك تېلېسكوپ» تىن 4 داننى ياسىغان بولۇپ، بۇ يەردىكىسى شۇلارنىڭ بىرى ئىكەن. ھازىر خاببۇلدا مۇشۇ ئەسۋاپتىن بىرى بار ئىكەن. خاببۇل كائىناتنى تەكشۈرۈشتە ھازىرغىچە ئەڭ زور رول ئوينىغان تېلېسكوپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.



3-رەسىم: خاببۇل ئالەم تېلېسكوپى

# ناسانىڭ يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى

2015-يىلى 5-ئاينىڭ 20-كۈنى

ئامېرىكا ۋە غەربتىكى باشقا تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ ھەممىسىدە كىشىلەرنى يېڭى نەرسە كەشىپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان بىر قىسىم مۇكەممەل سىستېم ياكى تەدبىرلىرى بار. مەن مەزكۇر يازمىدا ئاشۇنداق تەدبىرلەرنىڭ بىر مىسالىنى تونۇشتۇرىمەن. تۆۋەندىكى پروگراممىغا چەت ئەللىك كەشپىياتچىلارمۇ قاتنىشالايدىغان بولغاچقا، بۇ ئىشقا ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى كەشپىياتچىلارنىڭ يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىشىنى سورايمەن.

يەنى، مەن بۈگۈن «ناسا يېڭى تېخنولوگىيە ژورنىلى» دىن بىر پارچە ئېلخەت تاپشۇرۇپ ئالغان بولۇپ، ئۇ ئېلخەتنىڭ تولۇق تېكىستىنى مەن بىر رەسىم شەكلىدە يوللاپ قويدۇم (ماقالىنىڭ ئەڭ ئاستىغا قاراڭ). مەزكۇر ئېلخەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

بۇ يىل 13-قېتىملىق «كەلگۈسىنى بەرپا قىلىش لاھىيە مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، ئەگەر سىز ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنىڭ بىرەر كەشپىياتىنى قاتناشتۇرسىڭىز، سىز تۆۋەندىكىدەك مۇكاپاتلارغا ئېرىشىشىڭىز مۇمكىن: 20مىڭ دوللار پۇل، بىر يۇقىرى سۈرئەتلىك كومپيۇتېر، ۋە پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئېتىراپ قىلىنىش شەرىپى. بۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىش سىزدىن ھېچ قانداق خىراجەت تەلەپ قىلمايدۇ.

ئايرىم شەخسلەر ۋە گۇرۇپپىلار تۆۋەندىكى 7 كاتېگورىيە بويىچە ئۆز كەشپىياتلىرىنى يوللىسا بولىدۇ:

--1) ئالەم بوشلۇقى ۋە دولەت مۇداپىيەسى تېخنىكىسى

--2) ئاپتوماتلاشتۇرۇش ۋە قاتناش

--3) ئىستىمالچىلار مەھسۇلاتلىرى

--4) ئېلېكترونىكا

--5) ماشىنىسازلىق، ئاپتوماتلاشتۇرۇش، ۋە ماشىنا ئادەم

--6) تېببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى

--7) ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ قېلىنىدىغان تېخنولوگىيىلەر

ئۇقۇم ۋە سىناق باسقۇچىدىكى لايىھىلەردىن باشقا، بازارغا سېلىنغان ۋاقتى 12 ئايدىن ئېشىپ كەتمىگەن سودا بۇيۇملىرى بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

بۇرۇنقى يىللاردىكى پروگراممىلارغا 100 دىن ئارتۇق دۆلەتتىكى ئىنژېنېرلار، كارخانىچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار قاتناشقان بولۇپ، ئۇلار جەمئىي 10000 دىن ئارتۇق يېڭى لاھىيە ئىدىيىلىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. مەزكۇر پروگراممىنىڭ تور بېتىنى زىيارەت قىلىدىغانلار مىليون بىلەن سانىلىدىغان بولۇپ، بۇ پروگرامما مېدىيە تاراتقۇلىرىدىمۇ كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىنىدى. شۇڭلاشقا ئۇ كۆپلىگەن يېڭى ئىدىيىلەرنى يورۇققا چىقىرىپ، ئاشۇ ئىدىيىلەرنى مەبلەغقە، ھەمكارلاشقۇچىلارغا ۋە ئىشلەپ-چىقارغۇچىلارغا ئىگە قىلدۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك سودا مەھسۇلاتلىرى بولۇپ چىقىشىغا تۈرتكە بولدى. سىزنىڭ ئىدىيىڭىزمۇ شۇنداق بولالىشى مۇمكىن!

ئەسكەرتىش: يۇقىرىدىكى مەزمۇنغا ئاساسلانغاندا، بۇ پروگراممىغا قايسى دۆلەتتىن قاتناشسا بولىدىغانلىقى يېزىلمىغان. بۇ پروگراممىنىڭ تور بېتى:

http://contest.techbriefs.com/

ئۇنىڭ بىر سىن ھوججىتىمۇ بار ئىكەن:

http://www.techbriefs.tv/video/Create-the-Future-2015-Design-C;

ئەگەر يۇقارقى ئۇلىنىشلار ئىشلىمەي قالسا، گۇگۇلغا «www.createthefuturecontest.com» نى كىرگۈزۈپ ئىزدەپ، سىناپ بېقىڭ.

مەن ئىمكانىيىتى بار قېرىنداشلارنىڭ، بولۇپمۇ ياش ئۇكىلارنىڭ، بۇ ئىشنى بىر سىناپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.



Tue 5/19/2015 12:54 PM
NASA Tech Briefs <ntb@gaius.abpi.net>
SIDICK, what's your big idea?
To Sidick, Erkin (383E)

TECH BRIEFS
Create the Future
DESIGN CONTEST 2015
COMSOL MOUSER ELECTRONICS
ANALOG DEVICES intel

Dear SIDICK,

Do you have an idea for a new product that could create jobs, save lives, help the environment, or benefit society in other ways? Enter the 13th annual Create the Future Design Contest for a chance to win $20,000, a workstation computer, and global recognition for your idea. Visit www.createthefuturecontest.com today. There is no cost to enter.

Individual and team entries are invited in seven categories:

- Aerospace & Defense
- Automotive/Transportation
- Consumer Products
- Electronics
- Machinery/Automation/Robotics
- Medical
- Sustainable Technologies

In addition to designs at the concept or prototype stage, commercial products that have been introduced to the market within the last 12 months are eligible.

Past contests have generated over 10,000 design ideas from engineers, entrepreneurs, and students in more than 100 countries. With millions of visitors to the contest web site and tremendous media coverage, the contest has helped shine the light on many ideas that attracted funding, partners and manufacturers to become commercial success stories. Your design could be next!

To get started, visit www.createthefuturecontest.com today. Watch this video to learn more.

NASA Tech Briefs

1-رەسىم: مەن بۇگۈن «ناسا يېڭى تېخنولوگىيە ژورنىلى» دىن تاپشۇرۇپ ئالغان ئېلخەتنىڭ تولۇق مەزمۇنى.


# بىر ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى كەشپىيات مەركىزى --«ئويلاش ساندۇقى»

2015-يىلى 5-ئاينىڭ 23-كۈنى

نۇرغۇن قېرىنداشلار «بىز قانداق قىلساق ئامېرىكىدەك تەرەققىي قىلغان ئەللەرگە يېتىشۋالالارمىز؟» دەپ ئويلايدۇ. مەنمۇ شۇنداق. مەن ھەر قېتىم بىرەر يېڭىلىقنى ئۇچراتقىنىمدا، دەرھاللا ئۆزىمىزنى ئويلايمەن. ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشۇ يېڭىلىققا ئائىت ئىشلاردىكى ھازىرقى ئەھۋالىنى ئويلايمەن. نەتىجىدە كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ. كۆڭلۈمنىڭ يېرىم بولۇشى بىزنىڭ ئامېرىكىلىقلار قىلغاننى قىلىش ئىقتىدارىمىزنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس—ئەمەلىيەتتە ئۇلار قىلالىغاننى بىزمۇ قىلالايمىز. كۆڭلۈمنىڭ يېرىم بولۇشى بىزدە، يەنى ئۇيغۇرلاردا، ئاشۇنداق شارائىتنىڭ تېخىچە ئازراق بولسىمۇ ھازىرلانمىغانلىقىدىن.




1-رەسىم: ئىيان دوكلات بېرىۋاتقان بىر كۆرۈنۈش.





2-رەسىم: مەزكۇر ئالىي مەكتەپنىڭ بۇ يىل 8-ئايدا ئىشقا چۈشىدىغان 7 قەۋەتلىك «يېڭىلىق يارىتىش مەركىزى».

ناسا مەركىزى ج پ ل دە تۈنۈگۈن، يەنى 2015-يىلى 21-ماي كۈنى، بىر سېمىنار (ياكى دوكلات) ئويۇشتۇرۇلدى. ئۇنىڭ تېمىسى «ئىشنى نۆلدىن باشلاپ، بىر قانچە ھەپتىدە بىر يېڭى تېخنولوگىيىنى تەييار قىلىش» بولۇپ، ئۇنىڭدا ئامېرىكىدىكى «Case Western Reserwe Universitiy» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ «يېڭىلىق يارىتىش مەركىزى» (Innovation Center) نىڭ باشلىقى ئىيان چارناس (Ian Charnas) ئاشۇ مەركەزنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. بۇ مەركەزنىڭ تور بېتىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرەلەيسىز:
https://éngineering.case.edu/thinkbox/about




3-رەسىم: «يېڭىلىق يارىتىش مەركىزى» نىڭ ئىچىنىڭ بىر كۆرۈنىشى.

بۇ ئۇنىۋېرسىتېت 1826-يىلى قۇرۇلغان خۇسۇسىي ئالىي مەكتەپ بولۇپ، ئۇ ئامېرىكا بويىچە ئومۇمىي باھالاشتا 38-ئورۇندا تۇرىدىكەن. بۇ مەكتەپنىڭ 64 پىرسەنت سىنىپلىرىدا بىر سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 20 كىشىدىن ئاشمايدىكەن. ھەمدە ھەر 10 ئوقۇغۇچىغا بىردىن ئوقۇتقۇچى توغرا كېلىدىكەن.




4-رەسىم: مەزكۇر مەركەزدە قىلغىلى بولىدىغان ئىشلارنىڭ تىزىملىكى.

مەن بۇ قېتىم كۆرگەن يېڭىلىق مۇنداق: بۇ مەكتەپ 2012-يىلى بىر «يېڭىلىق يارىتىش مەركىزى» قۇرغان بولۇپ، ئۇ «ئويلاش ساندۇقى» ( Think[box]) دەپ ئاتىلىدىكەن.  بۇ مەركەز هازىرقى زامان ئىلغار يۇمشاق دېتاللىرى ۋە هەر خىل ئېلېكترونىكا، ئوپتىكا، مېخانىكا، ئۈچ ئۆلچەملىك باسما ماشىنىسى ( 3D printing machines ) قاتارلىقلار بىلەن جابدۇلغان بولۇپ، هەر قانداق ئادەم بۇ مەركەزگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ شارائىتتىن ھەقسىز ھالدا خالىغانچە پايدىلىنالايدىكەن.  شۇڭلاشقا بۇ مەركەز ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ناھايىتىمۇ قولايلىق بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار بۇ يەردە نۇرغۇن يېڭى تېخنولوگىيە ۋە يېڭى نەرسىلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا پاتېنت ھوقۇقى ئېلىپتۇ.  ھەممە 2 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە 2.5 مىليون دوللارلىق مەبلەغقە ئېرىشىپتۇ.



5-رەسىم: مەزكۇر مەركەزنىڭ مۇلازىمەت تۈرلىرى.




6-رەسىم: مەزكۇر مەركەزدە كەشىپ قىلىنغان بىر يېڭى تېخنولوگىيە.

ئىيان تۇنۇگۇنكى سېمىناردا بىزگە ئوقۇغۇچىلار 2-3 ھەپتە ئىچىدە ياساپ چىققان بىر كىچىك تىپتىكى تەكشۈرگۈچى ئايروپىلان قاتارلىق بىر قىسىم نەرسىلەرنى كۆرسەتتى. بىر قىز ئوقۇغۇچى قىزلار ئۈچۈن كومپيۇتېر مەخپىي نومۇرلىرىنى ساقلايدىغان بىر بىلەزۈك ياسىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئوقۇغۇچى بىر پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىپتۇ. ھەمدە بىر شىركەت ئاشۇ بىلەزۈكنى رەسمىي مەھسۇلات قىلىپ ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن بىر مىليون دوللار مەبلەغ سېلىپتۇ. ئامېرىكىدىكى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭمۇ 5 تىن ئارتۇق كومپيۇتېر مەخپىي نومۇرلىرى بار. مۇھىم ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان خادىملارنىڭ مەخپىي نومۇرلىرى بولسا ئاسانلا 10 دىن ئېشىپ كېتىدۇ. ھەمدە ئۇلارنى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندىمۇ ھەر 3 ئايدا بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ تۇرمىسا بولمايدۇ. مەزكۇر بىلەزۈك ئاشۇنداق نومۇرلارنى ساقلاشقا ئىشلىتىلىدىكەن.




7-رەسىم: «ھەممە نەرسە ئاچقۇچى» (Everykey) دەپ ئاتىلىدىغان، كومپيۇتېر مەخپىي نومۇرلىرىنى ساقلايدىغان بىلەزۈك.

مەزكۇر مەركەز 2012-يىلى قۇرۇلۇپ، ھازىرغىچە بۇ يەردىن پايدىلانغانلارنىڭ سانى 100 مىڭ كىشىدىن ئېشىپتۇ.

ئامېرىكىدىكى دوكتورلۇق ئوقۇشىنى بېرەلەيدىغان ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ھەممىسىدە دېگىدەك بىرەردىن مېخانىكا ئۇسكۇنىلىرى ئۆيلىرى بار بولۇپ، ئۇ ئۆي ئۆز مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. 1993-يىلى مەن كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى داۋىس (Davis) شۆبىسىدە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، ئايالىمنىڭ ئاتا-ئانىسى بىزنىڭ 4 ييرىم ياشلىق ئوغلىمىزنى ئېلىپ، ئامېرىكىغا كەلدى. ئائىلىمىزدىكى 6 جان ئادەمنىڭ ئۇ يەر بۇ يەرلەرگە بارالىشى ئۈچۈن مەن ۋاقىتلىق 6-كىشىلىك 2-قول ماشىنىدىن بىرنى 1500 دوللارغا سېتىۋالدىم. بىر قانچە ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى مەن ئۇ ماشىنىنىڭ ئاستىدىن بېنزىن ئېقىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. ماشىنىنىڭ ئاستىغا كىرىپ تەكشۈرسەم، ئۇنىڭ ماتورغا بېنزىن يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بىر مىس تۇرۇبىسى يېرىلىپ كېتىپتۇ. بۇ ماشىنا ئەسلىدە بىر قېتىم قاتتىق ۋەقەگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇ تۇرۇبا شۇ ۋەقەدە زەخىملەنگەن ئىكەن. مەن بۇ ماشىنىنى سېتىۋالغاندا ئۇ ئەھۋالنى بىلمەپتىمەن. ماشىنا زاپچاسلىرىنى ساتىدىغان دۇكانلارغا بارسام، ئۇنداق تۇرۇبا سېتىلمايدىكەن. شۇ چاغدا مېنىڭ بىزنىڭ مەكتەپنىڭ مېخانىكا ئىنژېنېرلىقى كەسپىدە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان بىر ئاق تەنلىك دوستۇم بار ئىدى. ئۇ ماڭا بازاردىن توملىقى ئوخشاش ئادەتتىكى مىس تۇرۇبىدىن ئازراق سېتىۋېلىپ ئېلىپ كېلىشنى بۇيرىدى. مەن شۇنداق قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ماشىنىنىڭ كونا تۇرۇبىسىنى چىقىرىپ، مەكتىپىمىزنىڭ مېخانىكا ئۇسكۇنىلىرى ئۆيىگە كىرىپ، يېڭى تۇرۇبىنى كونا تۇرۇبىنىڭ شەكلى بىلەن ئوخشاش قىلىپ ئەگدۇق. ئاندىن ئۇنى ماشىنامغا سالدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئىنتايىن ئاز پۇل بىلەن مېنىڭ مەسىلەم ھەل بولدى.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرغان «يېڭىلىق يارىتىش مەركىزى» نىڭ پەرقى، بۇ مەركەزدە يالغۇز مېخانىكىلىق ئىشلارلا ئەمەس، يۇمشاق دېتال ۋە قاتتىق دېتال بولۇپ كۆپلىگەن ھازىرقى زامان تېخنولوگىيىسىنى تەلەپ قىلىدىغان ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىكەن.





8-رەسىم: خۇسۇسىي شىركەتلەر مەبلەغ سالغان يېڭىلىقلارنىڭ مىساللىرى.

ئىيانىنىڭ دېيىشىچە بۇنداق «يېڭىلىق يارىتىش مەركىزى» ھازىر خارۋارد ۋە MIT قاتارلىق كۆپلىگەن ئالىي مەكتەپتە قۇرۇلۇشقا باشلاپتۇ. گۇگىل (Google) بىلەن فېيىسبۇك (Facebook) نىڭمۇ ئاشۇنداق مەركەزلىرى بار بولۇپ، ئۇلار «گۇگىل گاراژى» ۋە «فېيىسبۇك گارىژى» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئامېرىكىدا كۆپلىگەن كىشىلەر يېڭى شىركەتنى ئالدى بىلەن ئۆز ئۆيىنىڭ گاراژىدا قۇرۇپ چىقىدۇ. گۇگىل شىركىتىمۇ ئەڭ دەسلەپتە بىر گاراژدا قۇرۇلغان ئىكەن (تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراڭ). مېنىڭچە بۇ يەردىكى «گاراژ» دېگەن سۆز شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. كۆپىنچە ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ گاراژلىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭغا 2-3 ماشىنا قويغىلى بولىدۇ. ئامېرىكىدا ئەمگەكنىڭ باھاسى قورال-سايمانلارنىڭكىدىن كۆپ قىممەت بولغاچقا، نۇرغۇنلىغان ئامېرىكىلىقلار كۆپلىگەن قورال-سايمانلارنى سېتىۋېلىپ، ئۆيىنىڭ ئىچى-سىرتىدىكى كۆپلىگەن ئىشلارنى ئۆزلىرى قىلىدۇ. مەنمۇ شۇنداق. مەنمۇ ئۆيگە ئائىت نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزۈم قىلىمەن. ئامېرىكىلىقلارنىڭ مۇشۇنداق بولىشى ئامېرىكىدىكى مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.




9-رەسىم: گۇگىل شىركىتى ئەڭ دەسلەپتە مۇشۇ گاراژدا قۇرۇلغان ئىكەن.




10-رەسىم: ئامېرىكىدىكى بىر شەخسىي ئۆيىنىڭ گاراج ئىچى.

قىسقىسى، ئامېرىكىلىقلارنىڭ قولىدىن ناھايىتى كۆپ ئىشلار كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىچىدە 34 پىرسەنت كىشىلەرنىڭ ئۇرۇش قوراللىرى بار بولۇپ، ئۇلار قورال ئاتالايدۇ. يەنى ئۇلار داۋاملىق قورال ئېتىشنى مەشىق قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ دېگەنلىك، ئەگەر بىرەر دۆلەت ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلىپ قالسا، ھەربىي قوشۇننىڭ سىرتىدىكى ئاشۇ 34 پىرسەنت ئادەم شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا مەشىق قىلدۇرۇلغان ئەسكەرلەرگە ئوخشاش ئۇرۇش قىلالايدۇ، دېگەنلىكتۇر.

مەن بۈگۈن ئىدارىمىزنىڭ ئىچىدىكى باشقا بىر بىناغا يىغىنغا بارغىنىمدا تۆۋەندىكى ماشىنىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئېنىقلىكىنى سۈرۈشتۈرسەم، ئۇ كېلەر يىلى (2016-يىلى) 3-ئايدا مارسقا چىقىرىلىدىغان بىر يېڭى تەكشۈرۈش ماشىنىسىنىڭ مودېلى ئىكەن. بۇ ماشىنا ھازىر بىزنىڭ ئىدارىدە ياسىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ مارسقا چىقىرىلغاندىن كېيىن، مارسنىڭ يۈزىنى بىرەر مېتىردەك تېشىپ، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ماددىلارنى تەكشۈرۈپ ئانالىز قىلىدىكەن.




11-رەسىم: JPL دىكى ئىنگلىزچە «InSight» (ئىچكىي كۆرۈنۈش) دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېڭى تىپتىكى مارسنى تەكشۈرۈش ماشىنىسىنىڭ مودېلى. بۇ رەسىم 2015-5-21-كۈنى تارتىلغان.




12-رەسىم: «InSight» دېگەن ماشىنىنىڭ مارس يۈزىدىكى كۆرۈنۈشى (سىزىلغان رەسىم).

# ناسا خادىملىرىغا ئۆتۈلگەن لىدېرلىق دەرسلىرى

2015-يىلى 6-ئاينىڭ 5-كۈنى

ئامېرىكىنىڭ 1809-يىلدىن 1865-يىلىغىچە ياشىغان 16-پرېزىدېنتى ئەيبرخەم لىنكولن ( Abraham Lincoln) مۇنداق دېگەن [1]:

--ئەگەر ماڭا بىر دەرەخنى ئۆرۈشكە 8 سائەت ۋاقىت بېرىلىدىكەن، مەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى 6 سائەت ۋاقىتنى پالتامنى بىلەشكە ئىشلىتىمەن.

--ئاساسەن ھەممە ئادەم ئۆڭۈشسىزلىققا چىدىيالايدۇ. ئەمما، ئەگەر سىز بىر ئادەمنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىنى سىنىماقچى بولىدىكەنسىز، ئۇنىڭغا ھوقۇق بېرىپ بېقىڭ.

ئىنگلىزچىدە «كۈچ، قۇدرەت، ھوقۇق» دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە «power» دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ، ھەمدە ئاشۇنداق «power» بىلىمدىن كېلىدۇ، دېيىلىدۇ. يۇقىرىدىكى 2-جۈملە سۆزدە لىنكولن مۇشۇ «power» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن بولۇپ، مەن ئۇنى بۇ يەردە «ھوقۇق»، دەپ ئالدىم.

ئامېرىكىدىكى ئىدارە-كارخانىلار نۇرغۇن مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئۆز خادىملىرىنى تەربىيىلەشكە ناھايىتىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. ناسامۇ ھەم شۇنداق. ئۇنداق قىلىشتىن مەقسەت ئۆز خادىملىرىنىڭ ئىش ئۈنۈمىنى مۇمكىن بولىدىغان ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈش. مەن ھازىرغىچە ئوقۇرمەنلەرگە بىزنىڭ ئىدارىمىزدا ئۆتۈلگەن خېلى كۆپ دەرسلەر ياكى سۆزلەنگەن خېلى كۆپ لېكسىيىلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋاقىتنى توغرا باشقۇرۇش، مېڭىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، ئۇخلاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي نەزەرىيىلەر، ۋە بىر لىدېردا چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر، دېگەنلەر بار. مەن يېقىندا بىزنىڭ ئىدارىنىڭ «تەلىم-تەربىيە ئىشخانىسى» دىن بىر پارچە ئېلخەت تاپشۇرۇپ ئالغان بولۇپ [2]، ئۇنىڭدا بۇ يىل ئۆتۈلىدىغان «لىدېرلىق» قا ئائىت دەرسلەرنىڭ ئىسىملىرى، مەزمۇنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋاقىتلىرى چۈشەندۈرۈلۈپتۇ. ئۇيغۇر دىياردا تاكى يەقىنقى ۋاقىتلارغا كەلگىچە كىشىلىك تەرەققىياتنى توپ مەقسەت قىلغان تەلىم-تەربىيە، ۋە لىدېرلەرنى ھازىرقى زامان ئىلمىي نەزەرىيىلەر بىلەن قوراللاندۇرۇش جەھەتتىكى ئىشلار ئانچە ياخشى ئېلىپ بېرىلماي كەلدى. مەن ئۇنى 2006-يىلى بىلەن 2009-يىلىنىڭ ئارىلىقىدا يۇرتقا 3 قېتىم بارغاندا چوڭقۇر ھەس قىلدىم. ئىدارە-كارخانىلاردىكى لىدېرلەرنىڭ تەربىيىلىنىش ئەھۋالى ماڭا ئانچە ئايدىڭ ئەمەس، ئەمما ھەر كۈنى خېرىدارلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىدىغان خادىملارنىڭ ساپاسىدا ئېغىر مەسىلىلەر بار ئىكەن. مەسىلەن، دۇكانلاردىكى خىزمەتچىلەرنىڭ خېرىدارلارغا بولغان مۇئامىلىسى بىلەن ئۆز خىزمىتى دائىرىسىدىكى ئىشلار ھەققىدىكى بىلىملىرى، ۋە ئۇيغۇر رېستورانلاردىكى كۈتكۈچىلەرنىڭ ساپاسى قاتارلىقلار مېنىڭ يۇقىرىقىدەك بىر يەكۈننى چىقىرىشىمغا سەۋەبچى بولدى.

لىنكولنىنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزلىرى بىر ئادەمنىڭ ئىش ئۈنۈمىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزۈشتە، بىرسى ئۇنىڭ كاللىسىنى زۆرۈر بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرۇش كېرەكلىكىنى، يەنە بىرسى ئۇنىڭغا قولىغا توغرا ياكى مۇۋاپىق قوراللارنى تۇتقۇزۇش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مېنىڭچە بۇ ئۇقۇمنى كۆپۈنچە قېرىنداشلىرىمىز بىلىدۇ. ئەمما، بۇ ئۇقۇمنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە كۆپىنچە كىشىلىرىمىز ھازىرغىچە تەخى يەتەرلىك دەرىجىدىكى ياخشى ئىدىيىلەرگە ئېرىشەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا مەن مەزكۇر

ماقالىدە بىزنىڭ ئىدارىدە بۇ يىل ئۆتۈلىدىغان لىدېرلىققا ئائىت دەرسلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.




1-رەسىم: بىزنىڭ ئىدارىدە ئۆتۈلگەن دەرسلەردىن بىر كۆرۈنۈش.

مەن 2009-يىلى يۇرتقا تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن بارغاندا، بىر قىسىم ياشلارغا كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە ئۇيغۇر دىيارىنىڭ خۇسۇسىي-كارخانىچىلىق ئىشلىرىدا زور دەرىجىدە يۈكسىلىش بارلىققا كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى پەرەزلىرىمنى ئەيتقان ئىدىم. كېيىن دائىرىلەر ئۈچۈن ئىشلەيدىغان بەزى كىشىلەر مەنىڭ ئاشۇ گەپىمنى باشقىچە «تەرجىمە قىلىپ»، ئۇنى ماڭا ئارتىلغان «گۇناھلار» نىڭ بىرى قىلىۋېلىشتى. ھازىر ئۇنىڭغا 6 يىل بولدى. ئۇيغۇر دىيارىدا يۈز بەرگەن بۇ جەھەتتىكى ئۆزگىرىش ھەققەتەنمۇ ناھايىتى زور. ئاشۇنداق خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرى ئۆتۈپ چىقالاش-چىقالماسلىقىدا ئۇلارنىڭ لىدېرلىرى، جۈملىدىن ئاشۇ لىدېرلەرنىڭ لىدېرلىق ئىقتىدارى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەن ھازىرغىچە ئامېرىكىدا ئىشلەپ باققان ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە شىركەتلەرنىڭ ئۆزىدىكى تايانچلىق روللارنى ئەلىشۋاتقان خادىملارنى تەربىيىلەشكە ناھايىتىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، شىركەتتە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بار بولغان، ئەمما تېخى يۈز بەرمىگەن مەسىلىلەرگە قارىتا شىركەت باشلىقلىرى تونۇلغان مۇتەخەسسىسلەرنى يالالاپ ئەكىلىپ، لەكسىيە سۆزلىتىدىغانلىقىنى، ياكى بولمىسا قىسقا مۇددەتلىك دەرسلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ كەلدىم. مەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى كارخانىلارنىڭ باشلىقلىرىنىڭمۇ بۇ جەھەتتىكى ئىشلارغا بارغانسەرى بەكراق ئەھمىيەت بېرىپ مېڭىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىشتا بۇ قىلماسا بولمايدىغان ئىشلارنىڭ بىرى. مەنچە شىركەت-كارخانىلاردا باشلىق بولۇپ ئىشلەۋاتقان قېرىنداشلار مەزكۇر يازمىنى ئوقۇش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ لىدېرلىق بىلىمى ۋە قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتە يەنە قايسى جەھەتلەردە ئىزدەنسە بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ.

مەن باشلىق ئەمەس ئۆكىلاردىن بۇ يازمىنى بىر قېتىم ئوقۇپ، ھازىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ساھەسىدىكى ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلىپ، قانداق بىر پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە ئازراق چۈشەنچە ھاسىل قىلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىلىم ساھەسىدىكى يېڭىلىقلارغا قىزىقىپ، ماڭا ئىمكانىيەت يارىتىلغان ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆز كەسپىم بىلەن ھەچ بىر مۇناسىۋىتى يوق پەننىي لەكسىيە، ئىلمىي دوكلات ۋە دەرسلەرگە قاتنىشىپ كەلدىم. شۇنداق قىلساممۇ ماڭا ئۆزۈم بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان پەنلەر داۋاملىق تۇردە ئۇچراپ تۇرىۋاتىدۇ. مەن تۆۋەندە تونۇشتۇرىدىغان لىدېرلىق ھەققىدىكى دەرسلەر ئەنە شۇنداق پەنلەر—ئۇلارنى مەنمۇ بۇ قېتىم تۇنجى قېتىم ئاڭلىدىم.

مېنىڭچە ئوقۇرمەنلەر تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇش ئارقىلىق ناسانىڭ ئىش ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلى جەھەتتىكى بەزى يېڭى ئۇچۇرلارغىمۇ ئىگە بولالايدۇ.

مەن ھازىرغىچە لىدېرلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى ماقالىلەرنى يازدىم:

- --ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ 7 ئادىتى
- --ۋاقىتنى مۇۋاپىق باشقۇرۇش
- --شىركەت قۇرۇشقا قانداق ئىقتىدار كېرەك؟
- --شىركەتنى ئۇگۇشلۇق ماڭدۇرۇش ئىقتىدارى
- --ئوڭ مېڭە بىلەن سول مېڭە
- --زىيالىي، يېتەكلىگۈچى، ۋە باشقىلارنى ئىلھاملاندۇرۇش
- --ئويلاشنىڭ 6 قالپىقى
- --داھىي ۋە لىدېرلىق نەزەرىيىسى توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە
- --ھونلارنىڭ داھىسى ئاتتىلا ۋە ئاتتىلائىزم
- --ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ سىرلىق قانۇنىيىتى
- --بىر لىدېردە چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك 21 سۈپەت
- --مىكرو باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭ زىيانلىرى
- --يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ 9 خىل ئۇسۇلى

مەن بىر پارچە داڭلىق ئىنگلىزچە كىتابنى ئوقۇپ، شۇ ئاساستا «بىر لىدېردە چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك 21 سۈپەت» دېگەن ماقالىنى يازدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى بىر داڭلىق لىدېر ھەساپلايدىغان، ھەمدە مەن ئۆزۈم ئوبدان بىلىدىغان بەزى كىشىلەرنى شۇ بويىچە باھالاپ بەقىپ، ئۇلاردا ھەلىقى 21 سۈپەتنىڭ پەقەت بىر قانچىسىلا بارلىقىنى بايقىدىم. «قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈشكە شۇ چىقىدۇ.» بىز ئالدى بىلەن بارلىقىمىزنى ئاتاپ، ئۆزىمىز قىلىشقا تەگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق، توغرا ۋە ياخشى قىلىشىمىز، ئاندىن قالغىنىنى ئاللاغا تەۋەككۇل قىلىشىمىز كېرەك. تەقدىرىمىزنى ياخشىلاشتا ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق.

مەن يەقىنقى بىر قانچە ماقالەمدە ئامېرىكىدىكى دۇنياغا داڭلىق لىدېرلىق نەزەرىيىسى مۇتەخەسسىسى جون ماكسۋېل (John C. Maxwell) نى تىلغا ئالدىم. بۇ يازغۇچىنىڭ ھازىرغىچە ئېلان قىلغان لىدېرلىققا ئائىت 60 پارچىدىن ئارتۇق كىتابى بار بولۇپ، 2007-يىلى ئېلان قىلىنغان بىر ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ كىتابلىرىدىن جەمئىي 13 مىليوندىن كۆپرەكى سېتىلىپتۇ. ھەمدە ئۇ جەمئىي ئىككى مىليوندىن كۆپرەك ساندىكى لىدېرلارنى ھەر خىل كۇرسلاردا تەربىيەلەپتۇ. لىدېرلىققا ئائىت ئۇيغۇرچە كىتابلارمۇ بارمۇ؟ بولسا، قانچىسى بار؟ بىلىدىغان قېرىنداشلار ئاشۇ ئۇچۇرلارنى مۇشۇ يازمىنىڭ ئاستىغا ئىنكاس شەكلىدە يېزىپ قويىغان بولساڭلار. رەھمەت!

تۆۋەندە مەن بىزنىڭ ئىدارىدە بۇ يىل ئۆتتۇلگەن ۋە ئۆتۈلىدىغان لىدېرلىققا ئائىت دەرسلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمەن.

## 1. تەسىرچى ياكى تەسىرلەمچى (Influencer)

سىز ئېھتىمال ھازىرغىچە بولغان ھاياتىڭىزدا بىر قانچە قېتىم بىر ياخشىراق «تەسىر كۆرسەتكۈچى»، «تەسىرچى» ياكى «تەسىرلەمچى» بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ باققان بولۇشىڭىز مۇمكىن. بىر نەچچە قېتىم ئۆزىڭىز كۆيىدىغان بىر قانچە ئادەمگە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىشنى ئويلاپ، تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، ئەمما تىرىشچانلىقىڭىز

ئانچە ياخشى ئۈنۈم بەرمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆزىمىزگە ياكى باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۈنىڭدىن بىر يېڭى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئىستەيمىز. شۇنداق قىلىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇ پۈتۈنلەي مۇمكىن.

دۇنيادىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى مۇتەخەسسىسلەر 50 يىلدىن بۇيان ئېلىپ بارغان ئىجتىمائىي-پەن ساھەسىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىسىنى يەكۈنلەپ، باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىپادىسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە ناھايىتى ئەمەلىي مودېلىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. ئاشۇ مودېل «تەسىر كۆرسەتكۈچى» دەپ ئاتىلىدۇ. «تەسىر كۆرسەتكۈچى» دېگەن دەرس 2-كۈنلۈك لىدېرلىق دەرسى بولۇپ، ئۇ لىدېرلار ۋە ئىنتىۋىدۇئال تۆھپىكارلارنىڭ باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىشنىڭ بىر ئۈنۈملۈك ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، شۇ ئاساستا باشقىلارنىڭ ئىپادىسىدە ئۇزۇن-مۇددەتلىك ئۆزگىرىش ياسىشىغا ياردەم قىلىدۇ.

ئىلاۋە: ئىنگلىزچە «Influencer» دېگەن سۆزنى مەن ئەسلىدە «تەسىر كۆرسەتكۈچى» دەپ ئالغان بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى ساھەسىدىكى بىر بىلىمدار ئۆكىمىز بىلەن مەسلىھەتلىشىش نەتىجىسىدە ھازىرچە ئۇنى «تەسىرلەمچى» دەپ ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىغا مەسئۇل بولغان قېرىنداشلارنىڭ مۇشۇنىڭغا بىر مۇۋاپىق سۆز ياساپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 2. ماسلاشقان لىدېرلىق (Situational Leadership)

ئەھۋالغا ماسلاشقان لىدېرلىق 30 يىلدىن بۇيان دۇنيادا ئەڭ قىيىن سانىلىپ كەلگەن لىدېرلىق مودېلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مودېل لىدېرلارغا بىر ئادەم ياكى بىر گۇرۇپپىنىڭ ئېھتىياجىنى ئىنىقلاپ بېرىپ، ئاندىن مۇۋاپىق لىدېرلىق ئۇسۇلى بىلەن ئاشۇ ئادەم، ئاشۇ گۇرۇپپا ياكى ئاشۇ ئەھۋالنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ 2-كۈنلۈك دەرس بولۇپ، ئۇ لىدېرلارنى بىر يۇقىرى سەۋىيىدىكى بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرىدۇ. ئۇ لىدېرلارنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى، تەسىر كۈچىنى ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش ئىرادىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ياخشى نىيەتلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇشنى، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئۆزلىرىگە تەۋە بولغان خىزمەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇشنى ئۆگىتىدۇ.

## 3. كۆپكە ماھىر لىدېر (Versatile Leader)

كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئۈنۈمدارلىق ۋە ھەسسىيات جەھەتتىكى ئاقلانىلىق ساھەسىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، كۆپكە ماھىر لىدېرلارنىڭ تۆھپىسى ئازغا ماھىر لىدېرلارنىڭكىدىن جىق ياخشى بولىدۇ. كۆپكە ماھىر لىدېرلىق دېگىنىمىز بىر خىل لىدېرلىق جەريانى بولۇپ، ئۇنىڭدا سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىجتىمائىي مېتودى (Social Style) غا ئائىت بىلىملىرىنى ئىشقا سالىسىز. شۇنداقلا سىز بىللە ئىشلەيدىغان باشقا ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي مېتودىغا ئائىت بىلىملىرىڭىزنىمۇ ئىشقا سالىسىز. ئاندىن شۇ ئارقىلىق ئۆزىڭىز بىلەن باشقىلارنىڭ ئورتاق نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلەرنى ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغان ئاساستا يېتەكلەيسىز. ئىجتىمائىي مېتود ۋە كۆپكە ماھىرلىق (Versatility) ئۇقۇملىرى ۋە ئىقتىدارلىرى سىزنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىشلارنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشىڭىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ: ۋەزىپىنى باشقىلارغا تارقىتىپ بېرىپ ئورۇنلاش، خاتالىقلارنى تۈزىتىش ھەققىدە تەكلىپ پىكىرلەرنى بېرىش، دوكلاتچىلار، پېشقەدەملەر، باشلىقلار ۋە باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش، شۇنداقلا كىشىلەر ئارىسىدىكى سۈركىلىشتىن كېلىپ چىققان، ئىش ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش.

بۇ دەرس بىر كۈنلۈك دەرس بولۇپ، ئۇنى ئوقۇغان كىشىلەر ئىجتىمائىي مېتود ۋە كۆپكە ماھىرلىق ئۇقۇمى بىلەن تونۇشۇپ چىقىدۇ. ھەممە ئۆزىنىڭ كېيىنكى باشقۇرۇش جەريانلىرىدا ئاشۇ ئۇقۇملاردىن پايدىلىنىپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى

مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئۇنۇمىنى ئۆستۈرەلەيدۇ. باشقىلار بىلەن بولغان كىشىلىك ئالاقىنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلار بىلەن ئۈنۈملۈك ھەمكارلىشالايدۇ.

## 4. ھەل قىلغۇچ سۆھبەتلەر (Crucial Conversations)

«ھەل قىلغۇچ سوھبەت» دېگىنىمىز ئىككى نەپەر ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇزاكىرە بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئېرىشىدىغان مەنپەئەت كۆپ بولىدىغان، ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا چۈشىدىغان پىكىرلەر ھەر خىل بولىدىغان، ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى يۇقىرى ئۆرلەپ كەتىدىغان سۆھبەت «ھالقىلىق سوھبەت» بولىدۇ. ئەگەر بۇنداق سۆھبەت ياكى مۇزاكىرىلەر مۇۋاپىق يوسۇندا ئېلىپ بېرىلمايدىكەن، ئۇنىڭ قاتناشقۇچىلىرى تەۋە بولغان گۇرۇپپا ياكى ئورۇن ئەرىشىدىغان نەتىجىلەرمۇ كۈتكەندىن كۆپ تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر مەزكۇر دەرسنى ئالسىڭىز، ئۇ سىزنى، سىزنىڭ گۇرۇپپىڭىزنى، ۋە سىزنىڭ تەشكىلاتىڭىزنى ئۆزگەرتىپ، ھەممە ئىشلارنى ياخشى تەرەپكە بۇرايدۇ. ئۇ سىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىڭىزدىكى ئىشلارنىمۇ ئۆزگەرتىشى مۇمكىن.

بۇ ئىككى-كۈنلۈك دەرس بولۇپ، ئۇنىڭدا سىز قانداق قىلغاندا ئۆز ئىدارىڭىزدىكى ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى كىشىلەر بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بارالايدىغانلىقىڭىزنى ئۆگىنىسىز. مەزكۇر دەرسنى ئالغاندىن كېيىن، سىز ئەڭ ياخشى ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا، ئەڭ يۇقىرى سۈپەتلىك قارارلارنى ئېلىشقا، ئاندىن ھەممەيلەننىڭ ھەمكارلىقى ۋە بارلىقنى ئاتىغان تىرىشچانلىقى ئاساسىدا سىز ئاشۇ قارارلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا باشلايسىز.

## 5. ئالاھىدە لىدېر (Extraordinary Leader)

ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى لىدېرلار نەتىجە قازىنىشقا ماھىر كېلىدۇ. ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، بىر ئىدارە-كارخانىنىڭ باشلىقلىرىنىڭ ئىش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى بولۇش-بولماسلىقى ئاشۇ ئورۇندىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئۈنۈمى، ئۆز ئىدارە-شىركىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، ۋە يېڭىلىق يارىتىشىغا، شۇنداقلا خېرىدارلارنى رازى قىلالاش-قىلالماسلىقىغا ناھايىتى زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. «ئالاھىدە لىدېر» دەرسى ھەر بىر ئادەمنىڭ لىدېرلىق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشتە ئۇنىڭ ئۆز ئارتۇقچىلىقى ياكى ئۆز كۈچلۈكلىكى (strength) نى ئاساس قىلىپ، باشلىقلارنىڭ ياخشىراق لىدېرلەردىن بولۇشىغا ياردەم قىلىدۇ. بۇ بىر كۈنلۈك دەرستە قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللاردىن مۇنداقلىرى بار:

--لىدېرلىق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشنى ھەر خىل ساھەلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش

--ھەر بىر ئادەمنىڭ ھالقىلىق ئارتۇقچىلىقلىرىنى تېپىپ چىقىش

--ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەتلەرنى ئاساس قىلغان پىلاندىن بىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق نىشان تىكلەش ۋە ئاشۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش

--لىدېرلىق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش جەريانىنى ئىش ئورنىدىكى كۈنلۈك خىزمەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى ئۆگىتىش

## 6. ئىشەنچ سۈرئىتىدە يېتەكلەش (Leading at the speed of trust)

ئىدارە-كارخانىلاردا ئۆز-ئارا ئىشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىققان بىر قىسىم ئەھۋاللار مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلار بىر ئىشنى ئارتۇق قىلىۋېتىش، بيۇروكراتلىق، ساختىپەزلىك، خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپ ئالمىشىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاشۇنداق مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشى سەۋەبىدىن ئىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، مەبلەغلەرنىڭ ئىسراپ بولۇشى، پۇرسەتلەرنىڭ قولدىن كەتىپ قېلىشى، ۋە شىركەتنىڭ ئوبرازىغا داغ كەلتۈرۈلۈشى

قاتارلىق ناچار ئىشلار يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، خىزمەت ئورنىدا ئۆز-ئارا ئىشەنچ ھاسىل قىلىشنى ئۆزلىرى ئۇچۇن بىر ئېنىق نىشان قىلىپ بەكىتكەن لىدېرلەر ئۆز-ئارا ئىشەنچ تۇرغۇزۇشنى بىر ئىستراتېگىيىلىك پايدىغا ئايلاندۇرالايدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆستۈرۈش، يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۆز-ئارا ھەمكارلىقنى ياخشىلاش، ۋە پىلانلارنى تولۇق ئورۇنلاش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

«ئىشەنچ سۈرئىتىدە يېتەكلەش» دېگەن بىر كۇنلۇك دەرسنى ئوقۇش ئارقىلىق، سىز ئۆز ئىدارىڭىزدە ساقلىنىۋاتقان ئۆز-ئارا ئىشىنىش جەھەتتىكى بوشلۇقلارنى بايقاپ، ئۇلارنى تولدۇرالايسىز. شۇ ئارقىلىق چىقىمنى ئازايتىپ، نەتىجىگە ئەرىشىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، پايدا بىلەن تەسىر-دائىرىسىنى ئۆستۈرەلەيسىز.

## 7. ئاخىرقى سۆز

مەن يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان دەرسلەرنىڭ بەزىلىرىنى مەن ھازىرغىچە ئوقۇپ بولدۇم. بەزىلىرىنى بۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇيمەن. ھەممە بۇنىڭدىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ، ئۆزۈم ئوقۇغان ۋە مۇۋاپىق كۆرگەن دەرسلەرنىڭ مەزمۇنلىرىنىمۇ ئايرىم-ئايرىم يازما قىلىپ تەييارلاپ، ئوقۇرمەنلەرگە سۇنىمەن.

مەن ھازىرغىچە تەييارلاپ كېلىۋاتقان «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» دېگەن كۆپ قىسىملىق ماقالە تېخى ئاخىرلاشمىدى. مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلغان ئۇكىلار يەنە خېلى كۆپ بار بولۇپ، مەن ھازىر ئۇلارنىڭ ماتەرىياللىرىنى ساقلاۋاتىمەن. مەن تېخى تەكلىپ قىلىپ بولالمىغان ۋەتەن ئىچى -سىرتىدىكى نەتىجىلىك ئۇكىلار يەنە ناھايىتى كۆپ. مېنىڭ مۆلچەرىمچە پەقەت چەت ئەللەردىكى «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» شەرتىگە توشىدىغان قېرىنداشلارنىڭ سانى 1000 كىشىدىن ئاشىدۇ. شۇڭلاشقا ئىمكانىيىتى بار قېرىنداشلارنىڭ بۇ جەھەتتە ماڭا داۋاملىق ياردەمدە بولۇشىنى سورايمەن. رەھمەت!

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] Favorite Quotes of Abraham Lincoln, A Favorite Hero
http://whatwillmatter.com/2015/02/favorite-quotes-abraham-lincoln-favorite-hero/

[2]Manga J P L din 2015-yili 10-Mart küni kelgen bir parche élxet

# ئامېرىكىدىكى يېڭى ئىگىلىك پىلانى مۇسابىقىسى

2015-يىلى 6-ئاينىڭ 19-كۈنى

مەن ئۆزۈمنىڭ «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (1)» دېگەن ماقالىسىدە ئامېرىكىنىڭ تېكساس شتاتىدىكى ئىنىمىز شاكىر شەمشىنى تونۇشتۇرۇپ، مۇنداق دېگەن ئىدىم:

«شاكىر 2003-يىلىنىڭ بېشىدا ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپ، يەرشارى فىزىكا كەسپى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئامېرىكىنىڭ ئىككىنچى چوڭ نېفىت شىركىتى شېۋرون (Chevron) گورۇھىنىڭ نيۇ ئورلىنز (New Orleans) شەھرىدىكى تارماق شىركىتىدە يەرشارى ئىلمى مۇتەخەسسىسى (Earth Scientist) بولۇپ خىزمەتكە كىرىپ، بىر نېفىتلىكنىڭ تېخنىكا يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەشنى باشلىدى. 2005-يىلى شاكىر شېۋرون گورۇھىنىڭ تېكساس شتاتى خيۇستون (Houston) شەھىرىدىكى شېۋرون شىمالىي ئامېرىكا باش شىركىتىگە يۆتكىلىپ، بىر قانچە نېفىتلىككە يەرشارى فىزىكا مۇتەخەسسىسى ۋە پروگىرامما يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلىدى. شاكىرنىڭ ياراتقان تېخنىكىلىق نەتىجىلىرى، ۋە ئۇنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى قابىلىيىتىنى كۆرگەن شىركەت رەھبەرلىكى 2008-يىلى ئۇنى شېۋرون گورۇھىنىڭ ئىستراتېگىيە ۋە پىلان بۆلۈمىگە يۆتكەپ، شىركەت لىدېرلىرىنىڭ «قارار ئېلىش مەسلىھەتچىسى» دېگەن خىزمەت ئورنىغا تەيىنلىدى. بۇ جەرياندا شېۋرون شىركىتى شاكىرنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش قابىلىيىتىنى تېخىمۇ تېز ئۆستۈرۈشى ئۈچۈن ئۇنى ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرى بولغان رايىس (Rice) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىنىڭ «يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرۇش خادىملىرى ئىگىلىك باشقۇرۇش ماگىستىرلىقى» (EMBA) پروگىراممىسىغا ئەۋەتتى. 2011-يىلى شاكىر بۇ ئىگىلىك باشقۇرۇش ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى يۇقىرى نەتىجە بىلەن ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى شېۋروننىڭ يېڭى تېخنىكىلارغا مەبلەغ سېلىش بۆلۈمىگە يۆتكىدى. شاكىر ھازىر ئاشۇ بۆلۈمنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى يېڭى تېخنولوگىيىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنىڭ لىدېرى (باشلىقى) بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.»

يېقىندا ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوندا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ «ئەۋلاتلار ئارا» دېگەن پائالىيىتىدە ئىنىمىز شاكىر شەمشى تەكلىپ بىلەن «كارخانىچىلىق ۋە تەۋەككۇل كاپىتالى ھەققىدە چۈشەنچە» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىدى. ئاشۇ نۇتۇق جەريانىدا شاكىر رايىس ئۇنىۋېرسىتېتى ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆتكۈزىدىغان «ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭى ئىگىلىك پىلانى مۇسابىقىسى» ئۈستىدىمۇ بىر ئاز توختالدى. مەزكۇر پائالىيەتتە رايىس ئۇنىۋېرسىتېتى ئامېرىكا، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، مەزكۇر پائالىيەت مەن يېقىندا تونۇشتۇرغان «ئويلاش ساندۇقى» غا ئوخشاش ھازىرقى زاماندىكى يېڭىلىق يارىتىش ئىشلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئىلغار ئىشلارنىڭ بىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا مەن مەزكۇر ماقالىدە ئاشۇ پائالىيەت ھەققىدە ئازراق چۈشەنچە بېرىپ ئۆتمەن. ئىنىمىز شاكىر بەزى يىللىرى ئۆز خىزمىتىنىڭ سىرتىدا ئاشۇ «ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭى ئىگىلىك پىلانى مۇسابىقىسى» نىڭ بىر باھالىغۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ بەرگەن بولۇپ، ئەگەر ئۇيغۇرلار كەلگۈسىدە ياشلارنى يېڭى ئىگىلىك يارىتىشقا يېتەكلەش ۋە ئۇلارغا بۇ جەھەتتە ياردەمدە بولۇش جەھەتتە بەزى يېڭى ئىشلارنى قىلىپ قالسا، بۇ ئىنىمىز ئۇ ئىشلاردا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىيالايدۇ. مەزكۇر ماقالىدە مەن ئاشۇ مەسىلە ئۈستىدىمۇ ئازراق توختىلىمەن.

## 1. رايىس ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسپرانت ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭى ئىگىلىك پىلانى مۇسابىقىسى

يۇقىرىدىكى پائالىيەت قىسقارتىلىپ «رايىس ئىگىلىك پىلانى مۇسابىقىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ دۇنيا بويىچە مەزمۇنى ئەڭ مول ۋە دائىرىسى ئەڭ كەڭ ئاسپرانت ئوقۇغۇچىلار سەۋىيىسىدىكى يېڭى ئىگىلىك مۇسابىقىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ پائالىيەت 2001-يىلى باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ھازىر 15 يىل بولغان. 2001-يىلى بۇ پائالىيەتكە 9 گۇرۇپپا قاتناشقان بولۇپ، ئۇ چاغدىكى مۇكاپات پۇلىنىڭ قىممىتى 10000 دوللار بولغان. 2015-يىلى بۇ پائالىيەتكە پۈتۈن دۇنيا بويىچە يېڭى ئىگىلىك تىكلىگۈچى ياكى يېڭى شىركەت قۇرغۇچى 1200 گۇرۇپپا ئىلتىماس قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 42 گۇرۇپپا مۇكاپاتقا تاللانغان، ھەممە ئۇلار 1.5 مىليون دوللاردىن كۆپرەك پۇل مۇكاپىتىغا ئېرىشكەن. جەمئىي 170 كارخانا ۋە شەخسلەر مەركىزى پائالىيەتنى پۇل چىقىرىپ قوللىغان. بۇ مۇسابىقىدە ئۆتۈپ چىققانلارنى تاللايدىغان باھالاش گۇرۇپپىسى 275 تىن كۆپرەك كىشىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇلار «تەۋەككۇلچى كاپىتالىستلار» (Venture capitalists) ۋە باشقا مەبلەغ سالغۇچىلاردىن تەركىپ تاپقان. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكۈنىمدەك، ئىنىمىز شاكىرمۇ ھازىرغىچە ئاشۇ باھالىغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ خىزمەت قىلىپ كەلگەن.




1-رەسىم: ئىنىمىز شاكىر شەمشى «ئەۋلاتلار ئارا» پائالىيىتى مۇنبىرىدە. 2016-يىلى 7-ئىيۇن.

ھەر يىللىق مۇسابىقە جەمئىي 3 كۈن داۋاملىشىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تاللانغان گۇرۇپپىلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىك پىلانلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ. ئاندىن باھالىغۇچىلار ئۆزلىرى ياقتۇرغان ئىگىلىك پىلانلىرىغا مەبلەغ سالىدۇ، ياكى بولمىسا ئۇنى باشقا بىر مەبلەغ سالغۇچىغا تەۋسىيە قىلىدۇ.

بۇ مۇسابىقىگە قاتناشقانلار يەنە تۆۋەندىكىدەك پايدىلارغىمۇ ئېرىشىدۇ:

--بىر يېڭى ئىگىلىكنى غەلىبىلىك باشلاش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلەر ھەققىدە ئەمەلىي بىلىملەرگە ئىگە بولۇش

--مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە تەجرىبىلىك كارخانىچىلارنىڭ باھاسىغا ئىگە بولۇش

--ئۆزىنىڭ يېڭى ئىگىلىكىگە مەبلەغ سېلىش ئېھتىمالى بار تەۋەككۇلچى كاپىتالىستلار ۋە باشقا مەبلەغ سالغۇچىلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش

--ئۆزىنىڭ ئىگىلىك پىلانىنى باھالىغۇچىلار، ئالىي دەرىجىلىك مەبلەغ سالغۇچىلار، كارخانىچىلار ۋە ئۆز كەسپىي ساھەسىدىكى ساناقەت لىدېرلىرىغا باھالىتىۋېلىش

مەزكۇر مۇسابىقىگە 2014-يىلى قاتنىشىپ ئۇتۇپ چىققان گۇرۇپپىلار جەمئىي 2.9 مىليون دوللار مۇكاپات ۋە مەبلەغ پۇلىغا ئېرىشكەن. ئالدىنقى 14 يىل جەريانىدا ئۇتۇپ چىققان گۇرۇپپىلارنىڭ ئىچىدىكى 155 گۇرۇپپا ئۆز ئىگىلىكلىرىنى ھازىرغىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ماڭدۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىگىلىكلىرىگە سېلىنغان مەبلەغنىڭ قىممىتى 844 مىليون دوللاردىن ئاشىدۇ.

بۇ پائالىيەتكە دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدىن ئىلتىماس قىلىپ قاتناشسا بولىدىكەن. شۇڭلاشقا مەن كەلگۈسىدىكى بىر كۈنده بۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان گۇرۇپپىلار ئىچىده بىرەر ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىنىڭمۇ بار بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. تۆۋەندىكى 1-مەنبەدە بېرىلگىنى مەزكۇر مۇسابىقىنىڭ تور بېتىنىڭ ئادرېسى.




2-رەسىم: ئىنىمىز شاكىر 2014-يىلدىكى «يېڭى ئىگىلىك پىلانى مۇسابىقىسى» دە 1-بولغان گېرمانىيەدىن كەلگەن گۇرۇپپا ياكى شىركەت لىدېرلىرى بىلەن بىللە. ئۇ شىركەتنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن 2015-يىللىق باھالاشقا قاتنىشالماي قالغان.

## 2. مەبلەغ سېلىشنىڭ پايدا-زىيانلىرى ھەققىدىكى ئاددىي ماتېماتىكا

ئىنىمىز شاكىرنىڭ «ئەۋلاتلار ئارا» يىغىلىشىدىكى نۇتقىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىدىكى 11 پىرسەنت كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكى بار ئىكەن. ئامېرىكىدا ھەر ئايدا 465000 (465 مىڭ) يېڭى ئىگىلىك مەيدانغا كېلىدىكەن. ئامېرىكىدا 100 ئەتراپىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ كارخانىچىلىق كەسپى ۋە پروگراممىسى بار ئىكەن.

ھەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، قۇرۇلغان يېڭى ئىگىلىكلەرنىڭ بىر قىسمى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، يەنە بىر قىسمى مەغلۇپ بولىدۇ. مەن 1996-يىلدىن باشلاپ جەمئىي 4 قېتىم باشقا-باشقا يېڭى ئىگىلىك باشلاش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك پىلانلىرىنى تەييارلاپ چىقىشقا تۆھپە قوشتۇم. مېنىڭ ئۇ شىركەتلەردىكى ۋەزىپەم «ئىنژېنېرلىققا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىس» بولۇپ، شىركەت قۇرۇشقا قاتناشقان باشقا شېرىكلىرىم بىلەن بىللە كۆپلىگەن تەۋەككۇلچى كاپىتالىستلارنىمۇ زىيارەت قىلدىم. بىزنىڭ مەقسىتىمىز قۇرماقچى بولغان ئوپتىكا ساھەسىدىكى يۇقىرى تېخنولوگىيە شىركىتىمىزگە بىر مىليون دوللاردىن 5 مىليون دوللارغىچە «ئۇرۇقلۇق مەبلەغ» (seed-funding) ھەل

قىلىش ئىدى. ئەمما بىز ئۇ چاغدا ئۈېتكا سانائىتىنىڭ ناچار ۋاقتىغا دۇچ كېلىپ، ئۆزىمىزگە كېرەكلىك بولغان مەبلەغنى ھەل قىلالمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن شىركىتىمىز ماڭمىدى. 1996-يىلى قۇرۇلغان بىر شىركىتىمىز 2013-يىلى تاقىۋېتىلدى. بۇ مەن شېرىك بولغان شىركەتلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئىدى.

دېمەك، تەۋەككۇلچى كاپىتالىستلار يېڭى شىركەتلەرگە مەبلەغ سالغاندا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىدىن پۇل تاپىدۇ. يەنە بىر قىسمىدىن زىيان تارتىدۇ. مەن ھازىرغىچە ئىگىلىگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، ئەگەر بىر تەۋەككۇلچى كاپىتالىست 10 يېڭى شىركەتكە مەبلەغ سېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى، ئىككىسى، ياكى ئۈچى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا، ئۇ مەبلەغچى كۆپۈنچە ئەھۋالدا يەنىلا پۇل تاپىدۇ. چۈنكى بۇنداق كاپىتالىستلارنىڭ مەبلىغى ئادەتتە نەچچە 10 پىرسەنت ئەمەس، نەچچە 10 ھەسسە قايتىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، سىز 10 شىركەتكە ئىككى مىليون دوللاردىن پۇل مەبلەغ سالدىڭىز. يەنى، جەمئىي 20 مىليون دوللار مەبلەغ سالدىڭىز. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر شىركەتتىن سىزگە 10 ھەسسە پۇل قايتىپ كەلسە، قالغانلىرى مەغلۇپ بولسا، يانچۇقىڭىزغا 20 مىليون دوللار پۇل كىرىدۇ. يەنى، سىز سالغان مەبلەغ تولۇق قايتىپ كېلىدۇ. ئەگەر 3 شىركەتتىن 10 ھەسسىدىن پۇل قايتىپ كەلسە، سىزگە 60 مىليون دوللار قايتىپ كېلىدۇ. ئەگەر بىر شىركەتتىن سىزگە 50 ھەسسە قايتىپ كەلسە، سىزگە 100 مىليون دوللار قايتىپ كېلىدۇ.

مەن بۇرۇن ئۇچراتقان تەۋەككۇلچى كاپىتالىستلار ئىچىدە ئۈېتكا كەسپى ساھەسىدە ئالىي مەكتەپ باكالاۋۇرلۇق، ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغىچە ئوقۇپ، بىرەر يېڭى قۇرۇلغان شىركەتتە ئىشلەپ، ئۇ شىركەتنىڭ پاي چېكى بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن بىراقلا باي بولۇپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى خىزمىتىنى تاشلاپ، تەۋەككۇلچى كاپىتالىست بولۇۋالغانلار خېلى كۆپ ئىدى. يەنى، تەۋەككۇلچى كاپىتالىستلارنىڭ كۆپۈنچىسى مەلۇم بىر كەسپىي ساھەنىڭ مول تەجرىبىلىك مۇتەخەسسىسلىرى بولۇپ، ئۇلار پەقەت ئۆزىنىڭ كەسپىي ساھەسىدىكى يېڭى ئىگىلىك پىلانلىرىغىلا مەبلەغ سالىدۇ. ناساغا ئىشقا ئورۇنلىشىشتىن بۇرۇن مەنمۇ ئاشۇنداق بىر ئارزۇدا بولغان ئىدىم. ئەمما ئۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمىدى.

## 3. ۋاشىنگتوندىكى «ئەۋلاتلار ئارا» پائالىيىتى ھەققىدە

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمدەك، 2015-يىلى 7-ئىيۇن كۈنى ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتوندا ئۇيغۇرلارنىڭ بىر كۈنلۈك «ئەۋلاتلار ئارا» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. «ئەۋلاتلار ئارا» پائالىيىتىنىڭ فېيسبۇكتىكى تېمىغا بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ مەقسىتى مۇنداق دەپ يېزىلغان: «ياشلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ، چەت ئەلدە ئوقۇش ۋە ياشاش جەريانىدا چوقۇم ھەر خىل قىيىن ئۆتكەللەرگە دۇچ كېلىدۇ. ياشلارنىڭ ئۆزلىرىنى كۈچلەندۈرۈپ، ئاشۇنداق قىيىن ئۆتكەللەرنى يېڭەلىشى توغرىسىدا چوڭلارنىڭ ئۇلارغا قانداق تەكلىپلىرى بار؟ بىزنىڭ بۇ پائالىيىتىمىزدە ئامېرىكىغا ئۇيغۇر دىيارىدىن كەلگەن بىر قىسىم چوڭلار ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ھېكايىلىرىنى، ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋاللىرىنى سۆزلەپ بېرىدىغان بولۇپ، بىز شۇ ئارقىلىق مەزكۇر پائالىيەتكە قاتناشقان ياشلارنىڭ ئۆزلىرىگە نىسبەتەن ئىشەنچ تۇرغۇزۇشى، ئۆزلىرى ئۈچۈن توغرا يول تېپىشى، ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇۋاپىق نىشان تۇرغۇزۇشىغا ياردەم قىلىمىز. بۇ پائالىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى بىزنىڭ ياش ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇش، ئۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى بىر خىل قوزغاتقۇچى كۈچ ۋە يېتەكچى ئىدىيەلەر بىلەن تەمىن ئېتىشتىن ئىبارەت.» (ئەسكەرتىش: ئەسلىدىكى مەزمۇن ئىنگلىزچە يېزىلغان بولۇپ، بۇ يەردىكىسى مەن قىلغان تەرجىمىدىنلا ئىبارەت)

بۇ پائالىيەت ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بولۇپ، مەن ئۇنىڭ تۆھپىكارلىرىنى تۆۋەندىكى رەسىمنىڭ ئاستىدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ قويىدۇم. بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە نۇتۇق سۆزلىگەن 4 نەپەر قىز دوكتورلار بىلەن ئىنىمىز شاكىر

شەمشى مەن بۇرۇن «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» تېمىسى ئاستىدا تونۇشتۇرغان ئۇكىلىرىمىز بولىدۇ. مەن قالغانلىرىنى كېيىنچە تونۇشتۇرۇشقا تىرىشىمەن.

## 4. ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى ئىگىلىك پىلانلىرىغا ياردەم قىلىش ھەققىدىكى تەكلىپ

ھازىر چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە يېڭى ئىگىلىك پىلانلىرىنى باھالاش ۋە ئۇلارغا مەبلەغ سېلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزمۇ بار. ئۇنىڭ بىرى ئىنىمىز شاكىر شەمشىدىن ئىبارەت. مەن مەزكۇر پائالىيەتنىڭ ئاخىرىدا تەشكىللىگۈچىلەرگە كېيىنچە ئۇيغۇرلار ھازىرلىغان يېڭى ئىگىلىك پىلانلىرىنى باھالاش ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىشنى مەقسەت قىلغان پائالىيەتلەرنىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇش تەكلىپىنى بەردىم. بۇنىڭغا نىسبەتەن پائالىيەت تەشكىللىگۈچىلىرى بۇ ئىش ئۈستىدىمۇ ئويلىنىشنى باشلىغانلىقىنى، ئاللا بۇيرىسا كەلگۈسىدە ئاشۇنداق پائالىيەتنىمۇ ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھازىر چەت ئەلدە يېڭى ئىگىلىك تىكلىگەن، ئاشۇ يولدا ئويلىنىۋاتقان، ياكى بولمىسا يېڭى ئىگىلىك پىلانلىرىنى تۈزۈۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ئاز ئەمەس. مەن ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق بىر پائالىيەتنىڭ تۆرتكىسىدە تەشكىللىنىپ، ۋە ئۆز-ئارا ياردەملىشىپ ئىش ئېلىپ بېرىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن.




3-رەسىم: «ئەۋلاتلار ئارا» پائالىيىتىنىڭ تۆھپىكارلىرى. 1-قۇر سولدىن: تەشكىللىگۈچىلەر (مۇتەللىپ ئابلىمىت، دىلمۇرات سۇلايمان، قەيسەر سېيىت)، سۆزگە چىققان قىز دوكتۇرلار (نۇرشىدە پولات، دىلارە جاپپار، بەرنا ئىبراھىم، ئايىنۇر ئابدۇرازىق، شاخناز قەمبىرى)، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار (ئەركىن سىدىق، رىشات ئابباس، شاكىر شەمشى، مۇختەر ئابدۇكېرىم). ئىككىنچى قۇردىكىلەر بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ خىزمەتچى ۋە ياردەمچىلىرى. سىڭلىمىز دىلرابا ئىبراھىممۇ بۇ قېتىم سۆزگە چىققانلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ تويۇقسىز يۈز بەرگەن خىزمەت سەپىرى تۈپەيلىدىن ۋاشىنگتونغا ئۆزى كېلەلمىدى، ئەمما نەق مەيدان ۋىدېئو كۆرۈنۈشى ئارقىلىق ئېكراندا نۇتۇق سۆزلىدى. مۇختەر ئابدۇكېرىم ئۇكىمىز شۋېتسىيەدىن كەلدى.




4-رەسىم: مەن سىڭلىمىز بەرنانىڭ نۇتقىغا قوشۇمچە قىلىۋاتقان ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش.




5-رەسىم: «ئەۋلاتلار ئارا» پائالىيىتى فېيسبۇك تېمىنىڭ بۇگۈنكى كۆرۈنۈشى (17-6-2015).

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1]Rice Business Plan Competition
http://alliance.rice.edu/rbpc.aspx

[2] «ئەۋلاتلار ئارا» پائالىيىتىنىڭ فېيىسبۇك تېمى
https://www.facebook.com/ewlatlarara?fref=ts

# ئامېرىكىدىكى «ئوقۇغۇچى خىزمەتچى» دەپ ئاتىلىدىغان خىزمەت ئورۇنلىرى ھەققىدە

2015-يىلى 8-ئاينىڭ 14-كۈنى

بۇ يىل 4-ئاۋغۇست كۈنى بىزنىڭ ئىدارە (ناسا مەركىزى ج پ ل) دە بىر «ئوقۇغۇچى ئىلمىي-تەتقىقات كۆرگەزمىسى» (Student Poster Day) ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتتە بىزنىڭ ئىدارىدە بۇ يىل يازلىق تەتىل مەزگىلىدە «ئوقۇغۇچى خىزمەتچى» (student intern) بولۇپ ئىشلىگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئىلغار شەخسلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بىر «تام گېزىتى» (poster) شەكلىدە كۆرگەزمە قىلدى. ھەممە ئىدارىمىزدىكى خادىملار مەزكۇر كۆرگەزمىنى كۆرۈپ چىقىپ، ئۆزلىرىگە بىرەر ئوقۇغۇچى ياراپ قالسا، ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۇنى رەسمىي خىزمەتكە ئېلىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشكە چاقىرىلدى. بىزنىڭ ئىدارىدىمۇ كەم بېرىپ، كىمنى ئىشقا ئالىمەن، دېسە بولۇۋەرمەيدۇ. ئەمما، ئىدارىدىكى بىر خادىم ئۆزىمىزگە ناھايىتى لازىم بولۇۋاتقان ماھارەتلىرى بار بىر ئوقۇغۇچىنى بايقاپ قالسا، ئىدارىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنغا ئۇ ئوقۇغۇچىنى خىزمەتكە ئېلىش ئىلتىماسىنى سۇنسا بولۇۋېرىدۇ. ھەمدە ھەممە ئىشلار شەرتكە چۈشسە، ئىدارىدىكىلەر ئۇ ئوقۇغۇچىنى رەسمىي ئىشقا ئالىدۇ. بىزنىڭ ئىدارىنىڭ مانا مۇشۇنداق «ياش قانالارنى سەپلەش پروگراممىسى»، ھەمدە ئىلمىي تەتقىقاتتا باشقا ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ھەمكارلىشىش پروگراممىسىمۇ بار بولۇپ، بەزىدە باشقا مەكتەپلەردە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بىزنىڭ ئىدارىگە كېلىپ، بىر مەزگىل ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كېتىدۇ.

مەن چۈشلۈك دەم ئېلىشتا ئاشۇ كۆرگەزمە بولۇۋاتقان يەرگە بارسام، بىزنىڭ ئىدارىنىڭ 1-قول باشلىقى، ج پ ل نىڭ دىرېكتورى دوكتور چارلېس ئېلاچى (Charles Elachi) مۇ ئاشۇ كۆرگەزمىدە ئوقۇغۇچىلار بىلەن پاراڭلىشىپ يۈرۈۋېتىپتۇ. دوكتور ئەلاچى ئەسلىدە لىۋان (Lebanon) لىق بولۇپ، 1971-يىلى كالىفورنىيە تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىن بىر يىل بۇرۇن ج پ ل گە خىزمەتكە كىرگەن [1]. ئۇ 2001-يىلى ج پ ل غا دىرېكتور بولغان بولۇپ، ئۇ ھازىر كالىفورنىيە تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتىغا مۇئاۋىن رەئىس بولۇش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەۋاتىدۇ. ئامېرىكا مانا مۇشۇنداق بىر «پۇرسەتلەر ماكانى» (Land of Opportunities). قابىلىيەتلىك كىشىلەر ئۆز كەسپىدە قانچىلىك يۇقىرىغىچە ئۆرلەيمەن، دېسە، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا شۇنىڭغا چۈشلۇق پۇرسەت چىقىدۇ. مەنمۇ ئامېرىكىغا 30 ياشقا كىرگەندە كېلىپ، ماگىستىرلىق ئوقۇشنى ئوقۇش بىلەن ئىش باشلىغان ئىدىم. ھازىر ئامېرىكىغا كەلگىنىمگە 27 يىل، ج پ ل دە ئىشلەۋاتقىنىمغا 11 يىل بولدى [2].

بىزنىڭ ئىدارىدە جەمئىي 5000 دەك خىزمەتچى خادىملار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 1700 دەك ئادەمنىڭ (يەنى 3 دەن بىر خادىملارنىڭ) دوكتورلۇق ئۇنۋانى، 1700 دەك ئادەمنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى، قالغان ئادەملەرنىڭ بولسا باكالاۋۇرلۇق ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنۋانلىرى بار. بىزنىڭ ئىدارە بۇ يىل 700 نەپەر ئەتراپىدا «ئوقۇغۇچى خىزمەتچىلەر» قوبۇل قىلىپتۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىدارىدىكى ماشىنا قويىدىغان ئورۇنلار سەل يېتىشمەي قېلىپ، ھەمدە ئاشخانىلار سەل قىستا-قىستاڭ بولۇپ كېتىپ، ئىدارىمىز يازلىق تەتىل جەريانىدا ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن بىر ھەپتىدە 2 كۈن ئۆيدە ئىشلەش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئۇ ئىشقا مەنمۇ تىزىملاتقان بولۇپ، مەنمۇ 8-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ھەر

ھەپتىسى 2 كۈن ئۆيدە ئىشلەيدىغان بولۇپ، ھازىر شۇنداق قىلىۋاتىمەن.

يېقىنقى ئەھۋالدىن ئامېرىكىنىڭ «ئوقۇغۇچى خىزمەتچىلەر» دېگەن ئىشقا نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئامېرىكىدا ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يازلىق تەتىل ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، كەم دېگەندىمۇ 2 ئايلىق يازلىق تەتىل ۋاقتى بار. شۇنىڭغا توغرىلاپ مەكتەپ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، ئىدارە ۋە چوڭ كارخانىلارنىڭ كۆپىنچىسى تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يازلىق تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئىشلىۋېلىشى ئۈچۈن، «ئوقۇغۇچى خىزمەتچىلەر» خىزمەت ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىدۇ. يازلىق تەتىلدىن بۇرۇن ئوقۇغۇچىلار ئاشۇنداق خىزمەتلەرنى ئىزدەپ، تەتىل بۆلىشى بىلەنلا ئىشقا چۈشۈپ كېتىدۇ. مېنىڭ بىر ئۇيغۇر دوستۇمنىڭ ئالىي مەكتەپ 2-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان بىر ئوغلى بىر ئاينىڭ ئالدىدا بىر چوڭ شىركەتتىن سائىتىگە 40 دوللاردىن مائاش بېرىدىغان «ئوقۇغۇچى خىزمەتچى» ئىش ئورنى تاپتى. ئۇنىڭ كەسپى كومپيۇتېر ئىنژېنېرلىقى ئىدى.



1-رەسىم: ناسا مەركىزى ج پ ل نىڭ دىرېكتورى (1-قول باشلىقى) دوكتۇر چارلېس ئېلاچى بىلەن  بىللە.




2-رەسىم: دوكتۇر ئېلاچى بىزنىڭ ئىدارىدىكى «ئوقۇغۇچىلار ئىلمىي-تەتقىقات كۆرگەزمىسى» پائالىيىتىدە. بۇ رەسىم 2015-يىلى 4-ئاۋغۇست كۈنى تارتىلغان.

مېنىڭ ئوغلۇم دىلشات تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدىكى بىر يىلدا بىر خېرىدارلارنىڭ تەلپى بويىچە ئالاھىدە تىپتىكى كومپيۇتېرلارنى قۇراشتۇرۇپ ساتىدىغان، كومپيۇتېر رېمونت قىلىدىغان، ۋە كومپيۇتېر قاتتىق دېتاللىرىنى ساتىدىغان بىر شىركەتتە ئىشلىدى. ئۇنىڭ ئۇ چاغدىكى پىلانى ئالىي مەكتەپنى «كومپيۇتېر ئىنژېنېرلىقى» كەسپىدە ئوقۇش ئىدى. يەنە بىر يىلى بىز تۇرۇۋاتقان شەھەرنىڭ شەھەر باشلىقى ئىشخانىسىدا ئىشلىدى. شۇ چاغدا ئۇ بىر ئىنژېنېر بولغانغا قارىغاندا، شەھەر باشلىقىغا ئوخشاش بىر مەمۇرى كادىر بولسا ئۇنىڭ مائاشى كۆپ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى قىزىقىشى بويىچە دەسلەپدە كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بېركېلېي شۆبىسى (UC Berkeley) نىڭ «كومپيۇتېر ئىنژېنېرلىقى» كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن بولسىمۇ، بىر يىلدىن كېيىن «ئىگىلىك باشقۇرۇش» كەسپىگە يۆتكىلىپ كەتتى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىركەت سېتىۋېلىپ، ئۇنى قايتىدىن بازارغا سېلىش، شىركەتلەرنى قوشۇۋېتىش، بىر شىركەتنى ئىككىگە ئايرىۋېتىش، شىركەت پايچېكىنى بازارغا چىقىرىش، ۋە شىركەتلەرگە مەبلەغ سېلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدىغان بانكىلاردا خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.




3-رەسىم: ئوغلۇم دىلشاتنىڭ كالىفورنىيەنىڭ «مەنلو پارك» شەھىرىدىكى «مورگان ستانلېي» (Morgan Stanley) بانكىسىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقتىدىكى بىر كۆرۈنۈش. بۇ شەھەر سان فرانشىسكو شەھىرىگە يېقىن بولۇپ، مورگان ستانلېي بانكىسى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بانكىلارنىڭ بىرى. بۇ رەسىم 2011-10-8-كۈنى تارتىلغان.

مېنىڭ قىزىم دىلنارە ئالىي مەكتەپنىڭ 3-يىللىقىغا چىقىدىغان يازلىق تەتىلدە بىزنىڭ ئىدارىگە «ئوقۇغۇچى خىزمەتچى» بولۇپ كىرگەن بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىنكى دەسلەپكى 2 يىل ئىچىدە ئۇ بىر تەرەپتىن ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن بىزنىڭ ئىدارىدە يېرىم كۈندىن ئىشلىدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىدارىمىزگە رەسمىي خىزمەتچى بولۇپ كىردى. ئۇنىڭ ئوقۇغان كەسپى «ئىقتىساد» بولۇپ، بىزنىڭ ئىدارىدە مالىيە ۋە ئىدارىمىزدىكى چوڭ تۈرلەرگە لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئەمما، بىزنىڭ ئىدارىدە جەمئىي 4 يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىن زېرىكىپ، خىزمىتىگە ئىستېپا بېرىپ، باشقا شىركەتكە ئالمىشىپ كەتتى. گەرچە مەن بىزنىڭ ئىدارىدىكى ئەڭ جىددىي ئىشلەيدىغان ئورۇندا خىزمەت قىلىدىغان بولساممۇ، دىلنارە تەۋە بولغان ئورۇننىڭ خىزمىتى ئانچە جىددىي ئەمەس بولۇپ، ئۇنداق ئاستا ئىشلەيدىغان خىزمەت ئورنىنى دىلنارە ئاخىرىغا كەلگەندە ياقتۇرماي قالدى.



4-رەسىم: قىزىم دىلنارە ۋە مەن 2006-يىلى فىزىكا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئالىم، ناسانىڭ «گوددارد ئالەمگە ئۇچۇش مەركىزى» (Goddard Space Flight Center) دىكى دوكتۇر جون ماسېر (John Mather) ئەپەندىم بىلەن بىرگە. بۇ رەسىم 2007-يىلى 1-ئاينىڭ 24-كۈنى، جوھن ماتھەر ئەپەندىم ج پ ل گە «چوڭ پارتلاشتىن نوبېل مۇكاپاتىغىچە» دېگەن ماۋزۇدا بىر ئىلمىي دوكلات بېرىشكە كەلگەندە تارتىلغان بولۇپ، ئۇ چاغدا دىلنارە ج پ ل نىڭ بىر رەسمىي خادىمى ئىدى.

ئامېرىكىدىن باشقا دۆلەتلەردىكى تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئامېرىكىغا كېلىپ «ئوقۇغۇچى خىزمەتچى» بولالمايدۇ. ئەمما، مېنىڭ بىلىشىمچە، ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوخشاش ھالدا «ئوقۇغۇچى خىزمەتچى» بولالايدۇ.

مەن ھازىرغىچە «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» دېگەن تېما ئاستىدا تونۇشتۇرغان، ئامېرىكىدا ماگىستىرلىق ياكى دوكتورلۇق ئۇنۋانلىرىغا ئېرىشىپ، ئاندىن ئامېرىكىدا ئىشلەشكە باشلىغان ئىنى-سىڭىللارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىمۇ دەسلىپىدە «ئوقۇغۇچى خىزمەتچى» بولۇپ ئىش باشلىغان. ئۇلارنىڭ تېپىك مىسالى سۈپىتىدە ھازىر فېيىسبۇئوكتا ئىشلەۋاتقان دىلرەبا ئىبراھىم سىڭلىمىز بىلەن ھازىر گۇگۇلدا ئىشلەۋاتقان بەرنا ئىبراھىم سىڭلىمىزنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

دېمەك، ئامېرىكىدىكى «ئوقۇغۇچى خىزمەتچىلەر» ئىش ئورنى ئامېرىكا ئىقتىسادىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغان بولۇپ، ئۇ ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ كېيىن قايسى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ياشىشىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنداق بولغاچقا «ئوقۇغۇچى خىزمەتچىلەر» ئۇچۇن ئىش ئورنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇلارنى ماڭدۇرۇش پۈتۈن ئامېرىكا جەمئىيىتىگە كەڭ دائىرىدە تارقالغان بولۇپ، ئۇ ھازىر بىر مۇنتىزىم تۈزۈمگە ئوخشاش بىر نەرسىگە ئايلانغان.

يۇقىرىدىكى مەزمۇندىن بىز ئوقۇغۇچى خىزمەتچى ئىشىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ۋە خىزمەتكە ئادەم ئالىدىغان ئورۇنلارغا قانداق پايدىلىرى بارلىقىنى بىر ئاز بىلىۋالالايمىز. شۇنداق بولسىمۇ تۆۋەندە مەن بۇ ئىشنىڭ ئوقۇغۇچىلار ۋە

شىركەتلەرگە بولغان پايدىسىنى قىسقىچە خۇلاسىلەپ ئۆتىمەن [3].

## 1.«ئوقۇغۇچى خىزمەتچى» بولۇشنىڭ ئۆزىگە بولغان پايدىلىرى

--ئۆزىگە ماس كېلىدىغان كەسىپنى بايقىۋېلىش. سىز بۇرۇن ئارزۇ ياكى غايە قىلغان كەسىپ سىز ئەمەلىيەتتە قىزىقىدىغان ياكى ياخشى قىلالايدىغان كەسىپ بولۇشى ناتايىن.

--مۇناسىۋەت تورلىرىنى بەرپا قىلىش. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ھەممە پۇقرالىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش ياكى ئادىل مۇئامىلە قىلىشتا دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرسىمۇ، خىزمەت تېپىش ۋە خىزمەت ئورنىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە كىشىلىك مۇناسىۋەت جانغا ئەس قېتىپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بار. بەزى شىركەتلەر ئۆز خادىملىرىدىن شىركەتكە يېڭى خىزمەتچى تونۇشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاشۇنداق ۋاقىتلاردا تونۇشى بار بولۇشنىڭ خېلى پايدىسى بار.

--ئۆزى ئۇچۇن ئۇستاز تېپىش. سىز بىر ئورۇندا «ئوقۇغۇچى خىزمەتچى» بولۇپ ئىشلەپ، باشلىقىڭىز ياكى بىرەر تېخنىكىلىق لىدېر (باشلىق ياكى يېتەكچى) بىلەن ئوبدان چىقىشىپ قالسىڭىز، سىز ئاشۇ شىركەت ياكى ئىدارىگە رەسمىي خىزمەتچى بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، ھېلىقى ئادەم سىزگە ئۇزۇن مۇددەتكىچە بىر ئۇستاز بولۇش رولىنى ئۆتەپ بېرىدۇ.

--بەزى ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلار «ئوقۇغۇچى خىزمەتچى» بولۇپ قىلغان ئىشلارغا ئۆتۈلگەن دەرس ئورنىدا مۇئامىلە قىلىپ، ئاشۇنداق ئىشلارغا ئوقۇش نومۇرى بېرىدۇ. بۇنداق نومۇر ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغان ئومۇمىي ئوقۇش نومۇرىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

--شىركەت ياكى ئىدارىنىڭ «خىزمەت مەدەنىيىتى، شىركەت مەدەنىيىتى» بىلەن تونۇشۇپ چىقىش. ھەر بىر شىركەت ياكى ھەر بىر ئىدارىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەلۇم بىر خىل «شىركەت مەدەنىيىتى» بار بولىدۇ. ئەگەر سىز ئاشۇ شىركەتتە ئىشلەپ باقمايدىكەنسىز، ئۇ مەدەنىيەتنىڭ قانداق مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى ئاساسىي جەھەتتىن مەڭگۈ بىلەلمەيمىز. سىز خىزمەتكە كىرمەكچى بولغان بىر ئورۇننىڭ شىركەت مەدەنىيىتىنى ئالدىن بىلىۋېلىش سىزنىڭ ئاشۇ خىزمەت ئورنىغا بېرىش-بارماسلىقنى قارار قىلىشىڭىزدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

--يېڭى ماھارەت ئىگىلەش. مېنىڭچە بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

--ئۆزى كىرمەكچى بولغان كەسىپنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش. مەكتەپ بىلەن جەمئىيەت، مەكتەپ بىلەن ئىدارە-شىركەتلەر بىر-بىرىگە بەك ئوخشاپ كەتمەيدۇ. سىز ئوقۇغۇچى خىزمەتچى بولۇش ئارقىلىق ھەقىقىي دۇنيانىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىر قىسىم مۇھىم چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولالايسىز.

--سىز كىرمەكچى بولغان كەسىپكە يەنە قانداق دەرسلەر ياكى قانداق بىلىملەر لازىم بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بايقاپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىن بۇرۇن ئاشۇ دەرسلەرنى تولۇقلاپ ئوقۇۋېلىش. بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈشنىڭمۇ ھېچ بىر ھاجىتى يوق.

## 2. «ئوقۇغۇچى خىزمەتچى» ئېلىشنىڭ شىركەتكە بولىدىغان پايدىلىرى

ئامېرىكىدا سىز بىر يېڭى ئورۇنغا خىزمەتكە كىرمەكچى بولغاندا، ئالدى بىلەن سىز ئۇلارغا بىر پارچە «قىزىقىش خېتى» (كوۋېر لەتتەر) بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ قىسقىچە خىزمەت تارىخى (رەسۇمە) نى ماڭدۇرۇپ بېرىسىز. شىركەت كىملەرنى تەكلىپ قىلىپ، كىملەر بىلەن مەخسۇس ۋە ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى ئاشۇ ئىككى پارچە ھۆججەتكە ئاساسەن قارار قىلىدۇ. ئۇ ئىككى پارچە ھۆججەتلەر ناھايىتى مۇھىم بولغاچقا، ئامېرىكىدا مەخسۇس ئاشۇنداق ھۆججەتلەرنى تەييارلاپ بېرىدىغان، ھەمدە ئىشقا ئالىدىغان شىركەت ئۆزى بىلەن ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، ئىشنى قانداق ئېلىپ بېرىشنى ئۆگىتىدىغان شىركەتلەر بار. بىر قىسىم مەكتەپلەرنىڭمۇ مۇشۇ جەھەتتە بەلگىلىك مۇلازىمىتى بار.

سىز بىر ئادەمنى ئىشقا ئېلىشتا ئاشۇ 2 پارچە ھۆججەتكە ئاساسلىنىشقا قارىغاندا، سىز ئىشقا ئالماقچى بولغان ئادەمنى شىركىتىڭىزدە بىر-ئىككى ئاي ئىشلىتىپ كۆرۈپ باقسىڭىز، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ۋە پايدىسى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. «ئوقۇغۇچى خىزمەتچى» لىك پائالىيىتى ئەنە شۇنداق بىر بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ. يەنى، كۆپلىگەن چوڭ شىركەتلەر ئۆزىگە يېڭى خادىملارنى تاللاپ ئېلىشتا، ئالدى بىلەن ئۆزىدە «ئوقۇغۇچى خىزمەتچى» بولۇپ ئىشلەپ باققان ئوقۇغۇچىلارنى ئويلىشىدۇ. شىركەتلەرنىڭ «ئوقۇغۇچى خىزمەتچىلەر» خىزمەت ئورۇنلىرىنى بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەر يىلى مەلۇم ساندىكى ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەبمۇ ئەنە شۇ. يەنى، ئۇلار بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى يازدا بىر-ئىككى ئاي ئىشلىتىش جەريانىنى كەلگۈسىدىكى خىزمەتچىلىككە شەرتى توشىدىغانلارنى بايقاش جەريانى قىلىۋالىدۇ.

ئامېرىكىدىكى كۆپلىگەن ئىدارە-شىركەتلەر يېڭى خادىم قوبۇل قىلىشتا ئۇلارنىڭ ئۇنۋانلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسىگە ئوخشاش دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. مائاش بەلگىلەشتە، بەزى كەسىپلەر ئۇنۋانغا قارىغاندا خىزمەت تەجرىبىسنى مۇھىمراق ئورۇنغا قويىدۇ. مەسىلەن، مەن بىلىدىغان 30 – 40 ياشلار ئارىلىقىدىكى، پەقەت باكلاۋۇر ئۇنۋانىلا بار بىر ئۆكىمىز بار. ئۇ كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرقى يىللىق مائاشى 120 مىڭ دوللاردىن ئاشىدۇ. جۇڭگودا ئالغان باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانى بىلەن ئەنە شۇنداق مائاش ئېلىپ ئىشلەيدىغانلارمۇ بار.

روشەنكى، شىركەتلەر «خىزمەت تەجرىبىسى بار» كىشىلەرنى خىزمەتكە ئېلىشقا قارىغاندا، «ئۆز شىركىتىدىكى خىزمەتلەردە تەجرىبىسى بار» كىشىلەرنى خىزمەتكە ئېلىشنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. «ئوقۇغۇچى خىزمەتچىلەر» ئەنە شۇنداق شەرتلەرنىمۇ ھازىرلىغانلار ھېسابلىنىدۇ.

شىركەتلەرنىڭ «ئوقۇغۇچى خىزمەتچىلەر» پۇرسەتلىرىگە مۇۋاپىق ئادەم تېپىش، ئۇلارنى تاللاش، ۋە ئۇلارنى تەربىيلەش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشى، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە مەبلەغ سېلىش جەريانى بولۇپ، ئۇلار ئاشۇنداق تەييارلانغان خىزمەتچىلەرنى ئىشقا قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، ئۆزلىرى سالغان مەبلەغ ئۈچۈن قىممەت يارىتىشقا تىرىشىدۇ.

## 3. ئاخىرقى سۆز

مەن ھەر قېتىم ئامېرىكىدىكى مۇشۇنداق «ئوقۇغۇچى خىزمەتچىلەر ئىش ئورنى» دېگەندەك ئىلغار نەرسىلەر ئۈستىدە ئويلانغاندا، مەن ئۇلارنى ۋەتەندىكىلەرگە تونۇشتۇرۇش-تونۇشتۇرماسلىق ھەققىدىمۇ كۆپ ئويلىنىمەن. ئۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، ھازىر ۋەتەندىكى ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كەسىپنى تاللاش، ئۆزى ياخشى قىلالايدىغان كەسىپنى تاللاش، ۋە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىدارە ياكى شىركەتنى تاللاش دېگەندەك «ئالىي دەرىجىلىك پۇرسەتلەر» ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس. كۆپلىگەن ياشلار مائاش بېرىدىغان بىر خىزمەتنى تېپىپ، ئاتا-ئانىسىنى ئۆزىنى بېقىش يولىدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىدىن ئازاد قىلىشنىڭ ئۆزىنىلا بىر چوڭ بەختلىك ئىش، دەپ ھېسابلايدۇ. مەن 1976-يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، يېزىغا «قايتا تەربىيە» ئېلىش ئۈچۈن بارغاندا، مەنمۇ ئاشۇنداق ھېسسىياتتا بولغان ئىدىم. شۇڭلاشقا مەن ۋەتەندىكى خىزمەت تېپىش يولىدا قىينىلىۋاتقان ئىنى-سىڭىللارنىڭ كۆڭلىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىمەن. ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆز ئىرادىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان تەقدىرى ئۈچۈن ئېچىنىمەن ۋە ئازابلىنىمەن. مەن يۇقىرىدا تونۇشتۇرغان ئىشلار ۋەتەندىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئەينەن ماس كېلىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما شارائىتى بار بىر قىسىم ئۇيغۇر شىركەت-كارخانىلىرى يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى يولغا قويۇش ھەققىدە بىر ئاز ئىزدىنىپ باقسا بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن. ئاخىرقى ھېسابتا بىز باشقىلارنىڭ ئىلغار نەرسىلىرىنى ئۆزىمىز قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ھالىدىن ئۆزىمىز خەۋەر ئېلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئەنە شۇنداق يۈرۈشىدۇ.

مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاخىرىغا بىزنىڭ ئىدارىدە 2015-يىلى 4-ئاۋغۇست كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن «ئوقۇغۇچىلار ئىلمىي-تەتقىقات كۆرگەزمىسى» پائالىيىتىنىڭ يەنە بىر قىسىم كۆرۈنۈشلىرىنى قوشۇپ قويدۇم.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] دր. چارلەس ئەلاچى، دىرەكتور ئوف جپل

http://www.jpl.nasa.gov/about/bio_elachi.php


[2] چارلەس ئەلاچى


https://en.wikipedia.org/wiki/Charles_Elachi


[3] ۋھي ئارە ئىنتەرنشىپس سو ئىمپورتانت؟

http://www.cnn.com/2010/LIVING/worklife/04/14/cb.why.internships.important/



# ناسادىكى «دوكتۇر-ئاشتى تەتقىقات كۈنى»

2015-يىلى 8-ئاينىڭ 28-كۈنى

بۇ يىل 18-ئاۋغۇست كۈنى (يەنى ئالدىنقى  سەيشەنبە كۈنى) ناسا مەركىزى ج پ ل دە «ج پ ل دىكى دوكتۇر-ئاشتى خادىملارنىڭ تەتقىقات كۈنى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر پائالىيتى ئۆتكۈزۈلدى.  بۇ پائالىيەتتە ھازىر ج پ ل دە دوكتۇر-ئاشتى بولۇپ ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان 50 نەپەرگە يېقىن تەتقىقاتچىلار ئۆزلىرى ئالدىنقى بىر يىل ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تام گېزىتى (poster) شەكلىدە كۆرگەزمىگە قويۇپ، ج پ ل دىكى باشقا خادىملارنىڭ كۆزدىن كەچۈرىشىگە سۇندى.  بەش سائەت داۋاملاشقان بۇ پائالىيەتتىن كېيىن، بىزنىڭ ئىدارىدىكى بىر گۇرۇپپا مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىپ تاپقان بىر باھالاش كومىتېتى بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاپ، ھەر بىر كاتېگورىيەنىڭ ئىچىدىن بىردىن ئەڭ ياخشى تەتقىقات نەتىجىسىنى تاللاپ، ئاشۇ تەتقىقاتنىڭ ئىگىلىرىنى نەق مەيداندا مۇكاپاتلىدى.

بۇ قېتىمقى تەتقىقات كۆرگەزمىسى تۆۋەندىكى كاتېگورىيەلەردىن تەركىپ تاپقان:

--ئاسترونومىيىلىك فىزىكا ۋە كائىنات ئىلمى

--يەر شارى ئىلمى

--پلانېتا ئىلمى ۋە تاشقىي پلانېتىدىكى ھاياتلىقلارنى ئىزدەش

--يېڭى تېخنولوگىيە، ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەر، ۋە ئىنژېنېرلىق

بۇ قېتىم 50 نەپەر ئەتىراپىدىكى دوكتۇر-ئاشتىلار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كۆرگەزمىگە قويدى.


ناسا ھەر يىلى خېلى كۆپ مىقتاردىكى تەتقىقات خىراجىتىنى ناھايىتى كۈچلۈك رىقابەت ئاساسىدا ئالىي مەكتەپ پروفېسسورلىرى ۋە ناسادىن باشقا تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى تەتقىقاتچىلارغا «تەتقىقات پۇلى» (research grant) سۈپىتىدە تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ.  شۇنداقلا بىر قىسىم پروفېسسورلارنى ج پ ل غا كېلىپ، بىر مەزگىل ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.  بەزىدە ئاشۇنداق پروفېسسورلارنىڭ قولىدا ئوقۇۋاتقان دوكتۇرلۇق ئوقۇغۇچىلىرى بىزنىڭ ئىدارىگە كېلىپ، بىزنىڭ ئىدارىدىكى بىرەر خادىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر مەزگىل ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.  ئۇنىڭدىن باشقا ھەر يىلى خېلى كۆپ ساندىكى يېڭىدىن دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ياشلار دوكتۇر-ئاشتى سالاھىيىتى بىلەن بىزنىڭ ئىدارىگە كېلىپ، بىر-ئىككى يىل ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تەتقىقات مەزگىلى توشقاندا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىزنىڭ ئىدارىدە ئىشلەشكە شەرتى توشىدىغان (مەسىلەن، ئامېرىكا گراژدانلىقى بار بولغان) بىر قىسمىنى بىزنىڭ ئىدارە خىزمەتكە ئالىدۇ.  بۇرۇن ئاشۇنداق بىر ياش تۈركىيەدىن بىزنىڭ ئىدارىگە كەلگەن بولۇپ، ئىككىمىز پات-پات چۈشلۈك تاماقنى بىللە يىگەچ پاراڭلىشىپ تۇرغان ئىدۇق.  ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇ تەتقىقاتنى تاماملاپ، كالىفورنىيەدىكى بىر ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورلۇقىغا ئىلتىماس قىلدى  (ئامېرىكا يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋانىغا ئىگە بىر قىسىم چەت ئەللىكلەرنىڭ «ئالاھىدە مۇتەخەسسىس» كاتېگورىيىسى بويىچە ئامېرىكىغا گراژدان بولىشىغا يول قويىدۇ).  مەن بۇ ئىش ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغان 3 مۇتەخەسسىسنىڭ بىرى بولۇپ، ھەلىقى تۈركىيەلىك ياش ئۈچۈن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە «تەشەببۇس خېتى» يېزىپ بەرگەن.  ئۇ ياش ئاخىرى ئاشۇ يول


بىلەن ئامېرىكىدا پروفېسسور بولۇپ قېلىپ قالدى.  مەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇنىڭ بىلەن چۈشلۈك تاماقنى بىللە يەپ ئۆتكۈزگەن كۈنلەرنى تولىمۇ سېغىندىم.  مەن ھازىر ج پ ل گە يەنە بىرەر ئۇيغۇرنىڭ خىزمەتكە كىرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىۋاتىمەن.  بىزنىڭ ئىدارىگە كىرىپ ئىشلەشكە شەرتى توشىدىغان قېرىنداشلار بار بولسا، ئۇلارنىڭ مەن بىلەن ئالاقىلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئامېرىكا بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ گراژدانلىرىنىڭ ناسادەك ئورۇنلاردا دوكتۇر-ئاشتى ياكى رەسمىي خىزمەتچى بولۇپ ئىشلىشىگە يول قويمايدۇ.  جۇڭگو گراژدانلىرى ناساغا رەسمىي خىزمەتچى بولۇپ كىرەلمەيدۇ.  ئەمما دوكتۇر-ئاشتى بولالامدۇ-يوق، مەن ئۇنى بىلمەيدىكەنمەن. ئەگەر دوكتۇر-ئاشتى بولۇپ ئىشلەشكە شەرتى توشىدىغان قېرىنداشلار (مەسىلەن، جۇڭگودىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ گراژدانى بولغان ياكى ئامېرىكا نوپۇسىغا ئۆتكەن) بار بولسا، تۆۋەندىكى تور بېتى ئارقىلىق مۇشۇ پروگراممىغا ئىلتىماس قىلىپ باقسا بولىدۇ:

https://postdocs.jpl.nasa.gov/

مەن بۇ قېتىمقى تەتقىقات كۆرگەزمىسىنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقتىم.  ئۇنىڭدا «قاراڭغۇ ماددا» ۋە «قارا ئۆڭكۈر» ھەققىدىكى تەتقىقاتلار خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدىكەن.  تۆۋەندىكىسى ئاشۇ كۈندىكى دوكتۇر-ئاشتى تەتقىقات كۆرگەزمىسىنىڭ مەن يانفۇن بىلەن تارتىۋالغان بىر قىسىم كۆرۈنۈشلىرى.





# ستىۋىن خاۋكىڭغا ياردەم قىلغۇاتقان يېڭى تېخنىكىلار

2015-يىلى 8-ئاينىڭ 21-كۈنى

ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى كرېمنىي جىلغىسىدا ئىنگلىزچە «Intel» دەپ ئاتىلىدىغان بىر چوڭ شىركەت بار بولۇپ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق مەھسۇلات ئىنگلىزچە «CPU» دەپ ئاتىلىدىغان «كومپيۇتېر مېڭىسى» ( مەركىزىي بىرتەرەپ قىلغۇچ (中央处理器, Central Processing Unit دىن ئىبارەت. مېنىڭ بىلىشىمچە ھازىر پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئىشلىتىلىۋاتقان كومپيۇتېر «CPU» سىنىڭ 70 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى مۇشۇ شىركەت ئىشلەپ چىقىرىدۇ.

بۈگۈن (2015-يىلى 20-ئاۋغۇست كۈنى) ئاشۇ شىركەتتىكى «پەرەز بويىچە ھېسابلاش تەجرىبىخانىسى» نىڭ دىرېكتورى، باش ئىنژېنېر، دوكتور لاما ناچمان ناسا مەركىزى ج پ ل غا كېلىپ، ئۇلار 10 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان دۇنياغا داڭلىق فىزىكا ئالىمى ستىۋىن خاۋكىڭغا قانداق ياردەم قىلغۇاتقانلىقى ھەققىدە بىر مەيدان دوكلات بەردى.

بۇ ئىشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى مۇنداق ئىكەن: ج پ ل دىكى فىزىكاشۇناس، دوكتور شولەھ نىكزاد (Shouleh Nikzad) بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئامېرىكا «مېڭە خەرىتىسىنى ئىشلەپ چىقىش ۋە مېڭىنى داۋالاش جەمئىيىتى» (Society of brain mapping and therapeutics) نىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان بولۇپ، بۇ جەمئىيەت 2014-يىلى «جاسارەت ۋە خىزمەتكە ئۆزىنى ئاتاش نەمۇنىسى مۇكاپىتى» نى ستىۋىن خاۋكىڭغا بېرىدۇ. شۇ چاغدا دوكتور نىكزاد ئىنتېلدىكى دوكتور ناچمان قاتارلىق بىر گۇرۇپپا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ستىۋىن خاۋكىڭغا ياردەم قىلىدىغان بىر قىسىم يېڭى تېخنولوگىيىلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش يولىدا تىرىشۋاتقانلىقىنى ئاڭلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ج پ ل دىكى نىكزاد ئىنتېلدىكى ناچماننى بۈگۈن بىزنىڭ ئىدارىدە ئۆزلىرى قىلغۇاتقان يېڭىلىقلار ھەققىدە بىر مەيدان دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ.

ستىۋىن خاۋكىڭ 1963-يىلى «ھەرىكەت نېۋرون كېسىلى» (Motor neurone disease) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، دوختۇرلار ئەسلىدە ئۇنى يەنە 2 يىللا ياشيالايدۇ، دەپ پەرەز قىلغان. ئەمما ئۇ ھازىرغىچە ياشاپلا قالماي، كائىنات فىزىكاشۇناسلىقى جەھەتتە ھازىرقى زاماندىكى بىر ئەڭ داڭلىق ئالىمغا ئايلاندى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئاساسىي جەھەتتىن پالەچ بولىسمۇ، پەقەت قول بارماقلىرىنىڭ ئازىراق ھەرىكى، يۈز تېرىسىنىڭ ھەرىكىتى، ۋە كۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە تايىنىپ، كومپيۇتېردىكى ھۆججەتلەرنى ئېچىش، خەت ئۇرۇپ ئۇتۇق تەييارلاش، ۋە ئالاھىدە ياسالغان ئەسۋابلارغا تايىنىپ سۆزلەش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىپ كېلىۋېتىپتۇ. دوكتور ناچماننىڭ دېيىشىچە، ئۇ قاراپ تۇرغاندا ستىۋىن خاۋكىڭنىڭ كومپيۇتېردىكى بىر پارچە ھۆججەتنى ئېچىشى ئۈچۈن 3.5 مىنۇتتىن 5.4 مىنۇتقىچە ۋاقىت كېتىپتۇ. ھازىر ئىنتېلدىكى ناچمان قاتارلىق بىر گۇرۇپپا مۇتەخەسسىسلەر ستىۋىننىڭ بارماق ھەرىكىتىنى ئازلىتىپ، كومپيۇتېردىكى ھۆججەتلەرنى ئېچىش ۋە خەت ئۇرۇش قاتارلىق مەشغۇلاتنى يۈز تېرىسى ۋە كۆز ھەرىكىتىگە ئوخشاش باشقا نەرسىلەرگە تايىنىپ ئېلىپ بارىدىغان يېڭى تېخنىكىلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش يولىدا تىرىشىۋېتىپتۇ.




Click to play video

From Left to Right:
**Shouleh Nikzad** (President of Society for Brain Mapping and Therapeutics-2014-15-NASA/JPL Physicist), [Holding the award] **Babak Kateb** (Chairman of the Board, CEO and Scientific Director of Society for Brain Mapping and Therapeutics and President of Brain Mapping foundation-Neuroscientist), Professor Stephen Hawking, **Harry Kloor** (Member of the Gala Committee-Chemist and Physicist), **Evgeny Tsimerinov** (Member of the Board of Society for Brain Mapping and Therapeutics and Co-Chair of the Award Committee-Neurologist), **Vicky Yamamoto** (Member of the Board of Society for Brain Mapping and Therapeutics and Co-Chair of the Award Committee- Cancer Scientist) - not in attendance

1-رەسىم: ج پ ل دىكى فىزىكاشۇناس، دوكتور نىكزاد خانىم (ئالدىنقى قۇر سولدىن 1-كىشى) 2014-يىلى ستىۋىن خاۋكىڭغا مۇكاپات بەرگەن ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش.

ئىنتېل «CPU» ئىشلەپچىقىرىشتىن باشقا « پەرەز بويىچە ھېسابلاش» تېخنىكىسىغا ئائىت تۆۋەندىكى ساھەلەردە ئىلمي تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ:

- -ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق سەزگۈچ
- -چوڭقۇرلۇق كامېراسى
- -سۆزنى ئالدىن پەرەز قىلىش
- -يۈزدىكى ئىپادىلەرنى تونۇش
- -سۆز تونۇش
- -بىرىكمە سۆز ياساش
- -تىكىلىپ قاراشقا ئەگىشىش
- -مېڭە كومپيۇتېرى بىلەن تۇتاشتۇرغۇچى





2-رەسىم: يۇقىرىدىكى تېزىملىكنىڭ ئىنگلىزچىسى.



3-رەسىم: ج پ ل دىكى نىكزاد خانىم بۇگۈنكى دوكلات ئۈچۈن كىرىش سۆز سۆزلەۋاتقان كۆرۈنۈش.

مەن بۇگۈن ناھايىتى كۆپ ئويلاندىم. ھەممە ۋەتەندىكى بىر ئىنىمىز ماڭا يېقىندا يازغان تۆۋەندىكى خەتنى ئەسلىدىم. ھازىر دۇنيا ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. سىتۇن خاۋكىڭدەك بەزى پالەچ ئادەملەر داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن يېڭى تېخنولوگىيىگە تايىنىپ ئىش ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ. ئەمما بىزنىڭ بىر قىسىم ياش ئەۋلاتلىرىمىز تېخىچە ئاقىلانە ئىش بىلەن ھاماقەتلىكنىمۇ پەرقلەندۈرەلمەي، ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزگىلى تۇرۇپتۇ. ۋاقىت بىر تال


ئاتقان ئوققا ئوخشايدۇ. ئۇ بىر كەتكەنچە ئىككىنچى قايتىپ كەلمەيدۇ. مەن بۇرۇنقى يازمىلىرىدا ئۆزۈم باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى، يېزىدا قايتا تەربىيە ئالغان ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى، ۋە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقىتتىكى ئەھۋاللىرىمنى سۆزلەپ بەردىم. مەن ھازىر ئوپتىكا ئىلمى ۋە ئوپتىكا ئىنژېنېرلىقى بىلەن شۇغۇللىنىمەن. ئوپتىكا ئىلمىنىڭ ئاساسى «ئېلېكترو-ماگنېت مەيدانى ۋە دولقۇنى» ۋە «ماكسۋېل تەڭلىمىسى» دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدە رادىئو-ئېلېكترونىكا كەسپىدە ئوقۇغان ۋاقتىمدا يۇقىرىدىكى دەرسلەرنى ئۆتەلەيدىغان ئوقۇتقۇچى مەۋجۇت بولمىغان. شۇڭلاشقا بىر ئوقۇتقۇچى بىزگە ماكسۋېل تەڭلىمىسىنى يادلاتقۇزۇپ، شۇنىڭدىن ئىمتىھان ئېلىپ، ئاشۇ دەرسلەرنى تاماملىغان ئىدۇق. مەن كېيىن شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىگە بېرىپ، ئېلېكترو-ماگنېت مەيدانى كەسپىدە بىر يىل بىلىم ئاشۇردۇم. ياپونىيە ۋە ئامېرىكىدىكى ئوقۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىنى ئاشۇ ئاساسىمغا تايىنىپ ئېلىپ باردىم. ھازىرمۇ ئاشۇ ئاساسقا تايىنىپ ئىشلەۋاتىمەن. ناچار مائارىپ شارائىتىدا سەۋىيىسى تۆۋەن دەرسلەرنى پۇختا ئۆگىنىپ مېڭىش ۋاقىتنى ھېچ نېمە ئۆگەنمەي بىكار ئۆتكۈزىۋېتىشتىن مىڭ ھەسسە ياخشى. مەن بىزنىڭ ياش ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بىر ئاز ئويغىنىشىنى، ھاماقەتلىك قىلماي، ئاقىلانە ئىش قىلىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا مىللەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئۈمىد تۇغۇلىدۇ.




4-رەسىم: ئىنتېلدىن كەلگەن ناچمان خانىم دوكلات بېرىۋاتقان بىر كۆرۈنۈش.




5-رەسىم: ئىنتېلدىكى مۇتەخەسسىسلەر ستىۋىن خاۋكىڭ بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش.




6-رەسىم: ئىنتېلدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بىر تەتقىقات ھەققىدىكى مەزمۇن.

تۆۋەندىكىسى ماڭا ۋەتەندىن كەلگەن بىر پارچە خەت:

ئەركىنكا، مۇشۇ باللارنىڭ بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىشى توغرىسىدا تېما يوللىسىڭىز بولاتتى. ھازىر باللارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ناھايىتى تۆۋەن، ئۇلار بۇنىڭ سەۋەبىنى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ مائارىپىغا ئارتىپ قويىدۇ. ئاز بولمىغان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇلارنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىكى، ياخشى ئۆگىنەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى تىرىشماسلىقىدا ئەمەس، بەلكى جۇڭگونىڭ مائارىپىدا، ئۇلارچە ئۇلار ئامېرىكىدا بولسا ئۆزى قىزىقىدىغان ئىشنى قىلىپ (بىراق ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ) غايەت زور ئىشلارنى قىلىۋېتەمىش. ھەتتا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىكنى، ئۆگەنمەسلىكنى ئۆزىنىڭ دانالىقى ھېسابلايدۇ، تېخى ئۆگىنىشى ياخشى كىشلەرنى بولسا كاللىسى يۇيۇلۇپ كەتكەن دەپ زاڭلىق قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە جۇڭگو مائارىپىدا كەمچىللىك بار، لېكىن بىرگە بىرنى قوشسا جۇڭگودىمۇ ئامېرىكىدىمۇ ئىككى بولىدۇ، ئىنتېگرال بىلەن دىففېرېنسىيال جۇڭگودىمۇ ، ئامېرىكىدىمۇ ئوخشاش. نيۇتوننىڭ قانۇنى جۇڭگودىمۇ، ئامېرىكىدىمۇ ئوخشاشلا كۈچكە ئىگە. جۇڭگودىمۇ ، ئامېرىكىدىمۇ پروگرامما تۈزۈش ئۈچۈن C تىل، JAVA، PHP قاتارلىقلارنى ئۆگىنىش كېرەك. پەقەت بىزنىڭ ماركىسىزمنى ئارتۇق ئۆگىنىدىغانلا يېرىمىز بار، باشقا بىلىملەر ھەممىسىلا ئوخشاش. بىراق بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە جۇڭگونىڭ ھەممە نېمىسىلا بولمايدۇ.

بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرمەكچى بولغان بىر نەچچە مەكتەپداش ئىنىم ئوقۇش پۈتتۈرەلمىدى، ئەيىبلىسەم قايىل بولماي گۇناھىنىڭ مائارىپتا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، مەن گۇناھىنىڭ مائارىپتا ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۈندە تورخانىغا كىرىپ «英雄联盟» ئوينىغانلىقىدا ئىكەنلىكىنى دېسەم، تورلاردا ئوقۇۋالغان جۇڭگونىڭ مائارىپىنىڭ ناچارلىقى، چەتئەلنىڭ مائارىپىنىڭ ئېسىللىكى توغرىسىدا دەرس سۆزلىدى. بۇ خىل ئەھۋال خىللا ئەۋج ئېلىپ قالدى، دىققەت قىلدىڭىزمىكىن، تورلاردىمۇ ھەدېسىلا ئوقۇمىغانلار يازغان ئوقۇغانلارنى ئەيىپلەيدىغان تىما كۆپ، ئىنكاسلاردىمۇ پات-پاتلا ئوقۇمىغان دانالىقىنى پەش قىلىپ ئوقۇغانلارنى زاڭلىق قىلىپ قويىدۇ.

دۇنيادا مۇكەممەللىك مەۋجۇت ئەمەس، جۇڭگو مائارىپىدا كەمچىللىك بار، چەتئەل مائارىپمۇ ھەم شۇنداق. جۇڭگونىڭ مائارىپىنى ئىمتىھان مائارىپى دەپ ئەيىبلىگەن بىلەن، خاتالاشمىسام چەتئەلدىمۇ ئىمتىھانغا ئېتىبار بېرىدۇ، خارۋارد، ماسسا چۇستىس، ئوكسفورد قاتارلىق داڭلىق مەكتەپلەرمۇ ئىمتىھان نەتىجىسى يۇقىرى ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىدۇ، ھەرگىز ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەرنى ئەمەس. تاشپولاتكامۇ بىر تېمىدا ئامېرىكىدا ئۆگىنىشى ياخشى ئوقۇغۇچىلار بەك كۆپ بولغانلىقتىن، تېخىمۇ ياخشىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن نومۇرى يۇقىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيىتىنى سېلىشتۇرىدۇ دېگەن، دېمەك ئەڭ ئاۋۋال نەتىجە، يەنى ئۆگىنىش نەتىجىسى مۇھىم.

چەتئەلگە چىققانلار دامدام قىلىمەن دەپ ھەددىدىن ئارتۇق ماختاپ، بۇ يەردىكىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىپ قويىۋاتىدۇ. شۇڭا مائارىپ ئۆگىنىش توغرىسىدا ماقالە يازسىڭىز بولاتتى.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] http://www.worldbrainmapping.org/about-sbmt

[2] Welcome to the Society for Brain Mapping and Therapeutics
http://www.worldbrainmapping.org/

[3] Stephen Hawking
http://www.hawking.org.uk/

[4] Society for Brain Mapping & Therapeutics Announces "Beacon of Courage and Dedication Award" to Professor Stephen Hawking at Black Tie Gala on Saturday, March 7
http://www.prnewswire.com/news-releases/society-for-brain-mapping--therapeutics-announces-beacon-of-courage-and-dedication-award-to-professor-stephen-hawking-at-black-tie-gala-on-saturday-march-7-300045701.html

# تېز كىتاب ئوقۇش ماھارىتى ھەققىدە


2016-يىلى 1-ئاينىڭ 8-كۈنى

بىر قانچە ئاينىڭ ئالدىدا ۋەتەندىكى بىر ئىنىمىز توردىكى مەن يوللىغان بىر پارچە ماقالىنىڭ ئاستىغا تۆۋەندىكى ئىلتىماسنى ئىنكاس شەكلىدە يېزىپ قالدۇرۇپتۇ [1]:

«رەھمەت سىزگە بىلمەخۇمار ئاكا. سىزنىڭ ماقالىڭىزنى كۆرمەي قالمايمەن. سىزدىن سورايدىغان بىر سوئالىم بار ئىدى: مەن تورلارنى ئارىلاۋېتىپ، تېز سۈرئەتتە كىتاب ئوقۇش (快速阅读) دېگەن بىر مەزمۇننى كۆردۈم. كىتابنى تېز ئوقۇيدىغانلارنىڭ ئىچىدىكى سۈرئىتى ئاستا كىشىلەر مىنۇتىغا 5 - 6 بەت ئوقۇيدىكەن، ۋە تېز ئوقۇيدىغىنى بىر مىنۇتتا بىر كىتابنى ئوقۇپ بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇنداق ئوقۇيدىغانلار ئىچىدە ئوقۇماي كۆرۈپلا چۈشىنىدىغان كىشىلەر بار ئىكەن. ئۇ ماتېرىياللاردا دېيىلىشىچە، بۇنداق ئىش 70–يىللاردىن كېيىن باشلىنىپتۇ. سىز مۇشۇ ئىشنى بىلەمسىز؟ بۇ راستمىدۇ؟ مەن بۇنىڭغا ئىشەنمىدىم، ‹نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن؟› دەپ ئويلىدىم. لېكىن بۇ مەزمۇندىكى ماتېرىياللار ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. توردا.تېخى ئىككى خەنزۇچە ئېلكىتابمۇ بار ئىكەن. ئۇنى چۈشۈرۈپ كۆرۈپ باقتىم. بىرسىنى ياپونىيىلىك 加古德茨 دېگەن كىشى 1984-يىلى يېزىپتىكەن. مۇشۇ توغرىسىدا ئىزدىنىپ باقسىڭىز. ئەگەر راست بولسا، بىزمۇ سىناپ باقساق. باشقىلار قىلالىغاننى بىزمۇ قىلالايمىز. ئەگەر يالغان بولسا، ۋاقتىدا قول ئۈزۈپ، ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىمىساق.»

مەن يېقىندا كىتابنى تېز ئوقۇش ماھارىتى ھەققىدە بىر ئاز ئىزدىنىپ باقتىم. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كىتاب ساتىدىغان تور بېتى «www.amazon.com» غا «تېز كىتاب ئوقۇش» (speed reading) دەپ كىرگۈزۈپ باقسام، جەمئىي 9790 نەتىجە چىقتى. يەنى، بۇ ھەقتە يېزىلغان ئىنگلىزچە كىتابلار خېلى كۆپ ئىكەن. تۆۋەندىكىسى مەن ئاشۇ تور بېتىدىن تاپقان بىر قىسىم كىتابلار:

مۇشۇ تېما ئۈستىدە يېزىلغان ئىنگلىزچە ماقالىلەرمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى بۇ ماھارەتنى كىشىلەرگە تەۋسىيە قىلىدىكەن. بەزىلىرىنىڭ بولسا بۇ ئۇسۇلغا بولغان قىزغىنلىقى ئانچە بەك يۇقىرى ئەمەس ئىكەن. مەن ئوقۇرمەنلەرنى تولۇق مەلۇمات بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، مەزكۇر يازمىدا تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن 2 پارچە ماقالىنى تاللىدىم. ئۇنىڭ بىرى بۇ ئۇسۇلنى تەۋسىيە قىلىدۇ [2]. يەنە بىرى بولسا بۇ ئۇسۇلنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ [3]. مەن ئوقۇرمەنلەردىن بۇ ئىككى خىل كۆز-قاراشتىن جانلىق پايدىلىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن.



1-رەسىم: Amazon.com تور بېتىدىن تاپقان «تېز كىتاب ئوقۇش» ماھارىتى ھەققىدىكى بىر قىسىم كىتابلار.

## 1. تېز كىتاب ئوقۇشقا توسالغۇ بولىدىغان ئامىللار

ئامېرىكىدا كىشىلەرنىڭ خىزمەت قىلىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، كەسپىتە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان بىلىملەر بىلەن تەمىنلەيدىغان «كۆڭۈل قورالىرى» (mind tools) دېگەن بىر تور بېتى بار بولۇپ، ئۇ 1996-يىلى قۇرۇلغان. ئۇ ھازىر ھەر يىلى 25 مىليوندىن ئارتۇق كىشىلەرگە ياردەم قىلىدۇ. ئاشۇ تور بەتتە ئېلان قىلىنغان «كىتابنى تېز ئوقۇش» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە بار بولۇپ، تۆۋەندىكىسى ئاشۇ ماقالىنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرى [2].

كىتابنى تېز ئوقۇش ماھارىتى بىز ياخشىلىيالايدىغان ۋە ياخشىلاشقا تېگىشلىك ماھارەتلەرنىڭ بىرى. بۇ ماھارەتنى ئۆستۈرۈش دېگىنىمىز ئۆزىمىز ئوقۇغان مەزمۇنلارنى چۈشىنىپ مېڭىش شەرتى ئاستىدا، كىتابنى تېزرەك ۋە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئوقۇش، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

كىتاب ئوقۇش ماھارىتى بىر ناھايىتى مۇرەككەپ ماھارەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئالىملار بۇرۇن بىر ئادەم كىتاب ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ ھەر ئىككى كۆزى بىر سۆزدىكى بىر ھەرپكە مەركەزلىشىدۇ، دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى. ئەمما ئۇلار ھازىر ئادەمنىڭ ئىككى كۆزى بىر سۆزدىكى ئارىلىقى 2 ھەرپ كېلىدىغان باشقا-باشقا ھەرپلەرگە (مەسىلەن، بىر سۆزدىكى 1- ۋە 4- ھەرپكە) مەركەزلىشىدۇ، دەپ قارىماقتا. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئادەمنىڭ مېڭىسى ئاشۇ 2 ھەرپنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر سۆزنى قۇراشتۇرۇپ چىقىدىكەن.

كىشىلەر ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر مىنۇتتا 250 سۆزنى ئوقۇيدۇ. شۇنداق بولغاندا بىر ۋاراق كىتاب ياكى ھۆججەتنى ئوقۇشقا 1 – 2 مىنۇت ۋاقىت كېتىدۇ.

ئىلاۋە: مەن http://www.readingsoft.com دىكى ئىنتېرنېت ئىمتىھانى ئارقىلىق ئۆزۈمنى سىناپ بېقىپ، بىر قېتىم بىر مىنۇتتا 193 سۆز، يەنە بىر قېتىم بىر مىنۇتتا 215 سۆز ئوقۇيدىغان نەتىجىگە ئېرىشتىم.

ئەگەر سىز مىنۇتتا 500 سۆز ئوقۇيدىغان بولالىسىڭىز، سىز كىتاب ئوقۇش ۋاقتىڭىزنىڭ يېرىمىنى ئىقتىساد

قىلالايسىز.

كىتابنى تېز ئوقۇشنىڭ يەنە بىر پايدىسى ئوقۇغان نەرسىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى ئادەتتىكىدىن ياخشىراق چۈشىنىشتۇر.

كىتاب ئوقۇشتا يېڭى ئادەت يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم كونا ئادەتنى تاشلاش كېرەك. كىتاب ئوقۇشنىڭ تۆۋەندىكىدەك يامان ئادەتلىرى ۋە ئۇلارنى تۈزىتىش ئۇسۇللىرى بار:

(1) كاللىدا سۆزنىڭ ئاۋازىنى چىقىرىپ تۇرۇپ ئوقۇش (sub-vocalization)

سىز ئاۋازىڭىزنى سىرتقا چىقارمايسىز. ئەمما، كىتاب ئوقۇۋېتىپ، ھەر بىر سۆزنىڭ ئاۋازىنى كاللىڭىزنىڭ ئىچىدە چىقىرىسىز. شۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ كىتاب ئوقۇش سۈرئىتىڭىز ئاستىلاپ كېتىدۇ. شۇڭا ئىچىڭىزدە ئاۋاز چىقىرىشنى توختىتىڭ.

(2) سۆزمۇ-سۆز ئوقۇش (Reading word-by-word)

كىتابنى سۆزمۇ-سۆز ئوقۇش يالغۇز كىتاب ئوقۇش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپلا قالماستىن، جۈملىلەردە ئىپادىلەنگەن ئومۇمىي ئۇقۇملارنى چۈشىنىش ئۇنۇمىگىمۇ سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. كىتابنى سۆزمۇ-سۆز ئوقۇيدىغان كىشىلەر ئوقۇغان مەزمۇندىكى سۆزلەرنى توپى بىلەن ئوقۇيدىغان كىشىلەردەك ياخشى چۈشىنەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا ھەر قېتىم ئوقۇيدىغان سۆزلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە تىرىشىپ بېقىڭ. سىز ھەر قېتىم ئوقۇيدىغان سۆزلەرنىڭ سانى قانچە كۆپ بولسا، سىزنىڭ ئوقۇش سۈرئىتىڭىزمۇ شۇنچە تېز بولىدۇ.

(3) كۆز ھەرىكىتىدىكى ئۈنۈمسىزلىك (Inefficient eye motion)

كىتابنى ئاستا ئوقۇيدىغان كىشىلەر زېھنىنى ھەر بىر سۆزگە بىردىن-بىردىن يىغىپ، بىر قۇرنى ئوقۇپ تۈگىتىپ، ئاندىن كۆزىنى كېيىنكى قۇرغا يۆتكەيدۇ. ئادەمنىڭ كۆزى ئادەتتە بىرلا ۋاقىتتا 3.8 سانتىمېتىر كەڭلىكنى كۆرەلەيدۇ. بۇ كەڭلىك 4 – 5 سۆزگە توغرا كېلىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر كۆزىنىڭ قىرغىقىدا كۆرۈنىدىغان سۆزلەرنى ئوقۇمايدۇ. بۇ ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يۈزىڭىزنى ئىختىيارىي قويۇۋېتىپ ياكى بوشاشتۇرۇپ، كۆرۈش دائىرىڭىزنى كېڭەيتىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز بىر ۋاقىتتا پەقەت بىرلا سۆزنى كۆرۈشتىن بىر توپ سۆزنى كۆرىدىغان بولىسىز. مۇشۇنداق ماھارىتىڭىز ئۆسكەنسېرى كىتابنىمۇ تېز ئوقۇيدىغان بولۇپ كېتىسىز.

(4) چېكىنىش (Regression)

«چېكىنىش» دېگىنىمىز ئوخشاش مەزمۇننى زۆرۈرىيىتى يوق ھالدا قايتىلاپ ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر بەزىدە بىر قانچە سۆز ياكى بىر قانچە جۈملىنى كەينىگە يېنىپ قايتىلاپ ئوقۇپ، شۇ ئارقىلىق كىتابنى توغرا ئوقۇش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئەگەر سىز ئاشۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىدىكەنسىز، سىز ئوقۇغان مەزمۇننى نورمال چۈشىنىپ ماڭالماي، ئوقۇغان مەزمۇنلارغا بولغان چۈشەنچىڭىز ناچارلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىپ، قەتئىي زۆرۈر بولۇپ قالمىسا، ئوقۇپ بولغان يەرنى كەينىگە يېنىپ قايتا ئوقۇماڭ. چېكىنىپ ئوقۇش ئىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئوقۇۋاتقان يەرنى بىر بارمىقىڭىز ياكى بىر قەلەم بىلەن كۆرسىتىپ ماڭسىڭىزمۇ بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل «ئۆزىنى يېتەكلەش ئۇسۇلى» (meta guiding) دەپ ئاتىلىدۇ [3]. بۇنداق ئەھۋالدا سىزنىڭ ئوقۇش تېزلىكىڭىزنى ئاساسەن سىزنىڭ بارمىقىڭىز ياكى قەلىمىڭىزنىڭ سۈرئىتى بەلگىلەيدۇ.

(5) زېھنىنى يىغالماسلىق (Poor concentration)

تېلېۋىزورنى ئېچىپ قويۇپ كىتاب ئوقۇغاندا زېھنىنى يىغقىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا كىتاب ئوقۇغاندا تاشقى تەسىرلەرنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگىچە ئازايتىش كېرەك. زېھنىنى كىتابقا ئۈنۈملۈك يىغىش ئۈچۈن، بىرلا ۋاقىتتا كۆپ ئىشنى قىلىشقا ئۇرۇنماڭ. ھەمدە زېھنىنى چاچىدىغان بارلىق سىرتقى تەسىرلەرنى يوق قىلىڭ. بۇ ئىش بىر ۋاقىتتا بىر قانچە سۆزلەرنى تەڭ ئوقۇپ مېڭىش ئۇسۇلى ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم. زېھنىڭىزنى كىتابقا يىغمىسىڭىز، بىر قانچە ۋاراقنى

ئوقۇپ بولسىڭىزمۇ، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنى ئانچە چۈشەنمەيسىز. يالغۇز تاشقى تەسىرنى كونترول قىلىپلا قالماي، ئىچكى تەسىرلەرنىمۇ كونترول قىلىڭ. ئەگەر سىز بىر تەرەپتىن كىتاب ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن «بۈگۈن كەچتە نېمە تاماق ئەتسەم بولار؟» دېگەندەك خىياللارنى قىلىدىكەنسىز، سىز ئوقۇغان ئۇچۇرلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالمايسىز. كىتابنى ئىچىدە ئاۋاز چىقىرىپ تۇرۇپ ئوقۇغاندا، مېڭىنى ئوقۇغان نەرسىگە يىغقىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا بەزى كىشىلەر «مەن تېلېۋىزور كۆرۈپ تۇرۇپمۇ كىتاب ئوقۇيالايمەن»، دەيدۇ. ئەمما، ئۇنداق قىلغاندا كىتابنى تېز ئوقۇغىلى بولمايدۇ.

(6) تەرتىپ بىلەن ئوقۇش (Approaching reading linearly)

بىز كىتاب ئوقۇغاندا بىر سۆز، بىر جۈملە، بىر پاراگراف ۋە بىر بەتتىن ئوقۇشقا تەربىيىلەنگەن. بۇنداق قىلغاندا سىز قوشۇمچە مەزمۇنغىمۇ يادرولۇق مەزمۇنلار بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىسىز. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا كىتابتىكى مەزمۇن سىز بىلىشكە تېگىشلىك مەزمۇنلاردىن خېلىلا كۆپ بولىدۇ. شۇڭلاشقا سىز ھەر بىر ۋاراقنى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كۆزدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىكى سىز ئۈچۈن مۇھىم جايلىرىنى تېز سۈرئەتتە تېپىپ چىقىڭ. سىزنىڭ بىر كىتابنى ئاپتورنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئوقۇشىڭىز شەرت ئەمەس. شۇڭلاشقا مۇھىم ئەمەس جايلىرىنى بىر قېتىم تېز سۈرئەتتە ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئاندىن دىققىتىڭىزنى مۇھىم يەرلەرگىلا قارىتىڭ. مىساللارنى ۋە باشقا بىر قىسىم بېقىندى مەزمۇنلارنى تولۇق ئوقۇمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەمما بەزىدە مۇھىم جايلىرىنى قايتىلاپ ئوقۇپ، ياخشى چۈشىنىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 2. تېز كىتاب ئوقۇشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

يۇقىرىدا تېز كىتاب ئوقۇشقا توسالغۇ بولىدىغان ئامىللار ھەققىدە بىر قىسىم چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇق. ئەمدى شۇ ئاساستا تېز كىتاب ئوقۇشنى ئۈنۈملۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارغا قاراپ باقايلى. ئۇلار تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت:

--كۆپ مەشىق قىلىش.

--ئالدى بىلەن ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان كىتابتىن باشلاش.

--ئوقۇغان كىتابنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ ئوقۇش سۈرئىتىنى تەڭشەش — ھەممە كىتابلارنى ئوخشاش سۈرئەتتە ئوقۇشقا بولمايدۇ.

--قانۇنىي ماتېرىياللار، قوللانمىلار ۋە ئېرىشكىلى ياكى ئايالىڭىزدىن كەلگەن خەتلەرنى ئوقۇغاندا، ئۇلارنىڭ مەزمۇنلىرىنى تولۇق ئوقۇماي، ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ.

--بەزى مەزمۇنلارنى ئوقۇپ ئۆتۈپ كېتىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇلارنى يادلىۋېلىش، باشقىلار بىلەن مۇزاكىرە قىلىش، ۋە ئانالىز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

--بارماق ياكى باشقا بىرەر نەرسە بىلەن ئوقۇۋاتقان يەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇش ئارقىلىق كىتاب ئوقۇش سۈرئىتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

--ئوقۇماقچى بولغان مەزمۇننىڭ قۇرۇلمىسىنى ئالدى بىلەن بىلىۋېلىپ، ئاندىن پەقەت مۇھىم جايلىرىنىلا ئوقۇش ئارقىلىق، كىتاب ئوقۇش سۈرئىتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

--كىتاب ئوقۇش تېزلىكىنى ئۆلچەش، ۋە ئۇنى يېزىپ قويۇش ئارقىلىق، كىتاب ئوقۇش سۈرئىتىدىكى ئىلگىرىلەشنى بىلىپ تۇرغىلى بولىدۇ.

كىتابنى تېز ئوقۇش بىر خىل ماھارەت بولۇپ، ئۇنى ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ ماھارەتنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بۇرۇنقى ناچار ئادەتنى چۆرۈپ تاشلاش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، يالغۇز كىتابنى تېز ئوقۇيدىغان بولۇش كۇپايە قىلمايدۇ؛ سىز يەنە كىتابنى ئۈنۈملۈك ئوقۇيدىغان بولۇشىڭىز كېرەك. قانداق ئۇسۇلنى قوللىنىشتىن قەتئىينەزەر، كىتابنى

نېمە ئۈچۈن ئوقۇيدىغانلىقىڭىزنى ئەستىن چىقىرىپ قويماڭ، ھەمدە كىتاب ئوقۇش سۈرئىتىنى شۇنىڭغا ئاساسەن مۇۋاپىق تاللاڭ.

يۇقىرىدىكىسى «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» دىكى 2-مەنبەدىن ئېلىنغان مەزمۇنلار. ئەمدى مەن 3-مەنبەدىكى بىر قىسىم مەزمۇنلارنى تونۇشتۇرىمەن.

## 3. تېز كىتاب ئوقۇشقا ئائىت بىلىشكە تېگىشلىك باشقا مۇھىم ئىشلار

كۆپىنچە كىشىلەر بىر مىنۇتتا 200 – 400 سۆزنى ئوقۇيالايدۇ. ئەمما كىتابنى تېز ئوقۇيدىغانلار ئۆزىنى «مەن ھەر بىر مىنۇتتا 1000 – 1700 سۆزلەرنى ئوقۇيالايمەن»، دەيدىكەن. شۇنداق قىلىش مۇمكىنمۇ-ئەمەسمۇ بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، بىز بەزى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن پاراڭلىشىپ باقتۇق.

تېز كىتاب ئوقۇش ماھارىتى 1950-يىللاردىن باشلاپ تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، يېقىندا ئۇنىڭغا ئائىت يانفون ئەپلىرى كۆپلەپ ئىشلىنىپ، ئۇ ماھارەت قايتىدىن كۆپلەپ تىلغا ئېلىنىشقا باشلىدى. ئەمما ئېلان قىلىنغان ئۇ جەھەتتىكى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى سان دىئېگو (San Diego) شۆبىسىنىڭ پروفېسسورى، كۆز مۇتەخەسسىسى كېيس رېينېر (Keith Rayner) تېز كىتاب ئوقۇش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە سورالغان سوئاللىرىمىزغا جاۋاب بېرىپ، تۆۋەندىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

--كۆزنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ مۆلچەرلىگەندە، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھەر بىر مىنۇتتا 200 دىن 400 گىچە بولغان سۆزلەرنى ئوقۇيالايدۇ.

--بىر ماتېرىيالدىكى مەزمۇننى تاللاپ تۇرۇپ ئوقۇش تېز كىتاب ئوقۇش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى ھېسابلانسىمۇ، بۇ ئۇسۇلدا سىز كىتابنى تېز ئوقۇشنى ئۆگەنمەيسىز، بەلكى بىر بەتتىكى مەزمۇننىڭ قايسى قىسمىنى تاللاپ ئوقۇشنى، قايسى قىسمىنى ئوقۇماي ئۆتۈپ كېتىشنى ئۆگىنىسىز. بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇنداق قىلغاندا سىز ئوقۇغان نەرسىنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرىنى ئەستە ساقلىيالمايسىز.

--بىر مىنۇتتا 500 دىن ئارتۇق سۆزنى ئوقۇماقچى بولسىڭىز، كۆز ھەرىكىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايسىز. مېڭە بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئۇچۇر مىقدارىنىڭمۇ بىر چېكى بار.

--كىتابنى ئىچىدە ئاۋاز چىقارماي ئوقۇش ئارقىلىق، كىتابنى تېزرەك ئوقۇيدىغان بولغىلى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنداق قىلغاندا ئوقۇغان مەزمۇننى چۈشىنىپ مېڭىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بۇ جەھەتتە ئېلان قىلىنغان ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى بار.

--بىر ۋاقىتتا ئىككى قۇرنى تەڭ ئوقۇش كۆزنىڭ ئىشلەش جەريانىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

قىسقىسى بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، كىتاب ئوقۇش سۈرئىتىنى تېزلەتكەندە، ئوقۇغان مەزمۇننى چۈشىنىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. يەنى، سىز كىتابنى تېز ئوقۇسىڭىز، ئۆزىڭىزگە يېڭى ئۇچۇر قوبۇل قىلالمايسىز. بۇ سىزنىڭ كىتاب ئوقۇشتىكى مەقسىتىڭىزگە زىت كېلىدۇ.

## 4. ئاخىرقى سۆز

يۇقىرىدىكى ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، كۆزنىڭ ئىشلەش پرىنسىپىغا ئاساسلانغاندا، 95 پىرسەنت ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئادەتتە ھەر بىر مىنۇتتا 200 – 400 سۆزنى ئوقۇيالايدىكەن. بۇ يەكۈن ئىنگلىزچە سۆزلىشىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارغا ئەينەن ماس كېلەمدۇ-يوق، بۇ ماڭا ئېنىق ئەمەس.

شۇڭلاشقا مەن ئوقۇرمەنلەردىن بۇ نۇقتىنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقنى سورايمەن.

كىتاب ئوقۇش سۈرئىتى ئوقۇماقچى بولغان نەرسىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە مەزمۇنى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىش ئۇسلۇبى بىلەن غەربلىكلەرنىڭ يېزىش ئۇسلۇبىدا خېلى زور پەرقلەر بار بولۇپ، مەن 2008-يىلى «غەربلىكلەرنىڭ يېزىش ئۇسلۇبى» دېگەن ماقالىدە بىر قىسىم پەرقلەرنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدىم. ئۇ ماقالە مەن يېقىندا نەشر قىلدۇرغان 1-كىتابتا بار بولۇپ، ئۇنى http://book.menzil.biz/2015/11/27/5863.html ۋە http://book.menzil.biz/2013/07/20/2803.html دىن چۈشۈرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەن تېخى ئوقۇپ باقمىغان قېرىنداشلارغا ئاشۇ ماقالىنى بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۇيغۇرلاردىكى مەن ئاشۇ ماقالىدە تىلغا ئالغان بىر قىسىم مەسىلىلەر ھازىرمۇ ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇ مەسىلىلەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ماقالىلەرنى تېز ئوقۇشىغا، ۋە ئوقۇغان نەرسىلەرنى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن چۈشىنىپ ئەستە قالدۇرۇشىغا ھازىرمۇ تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. مەسىلەن، مەن يېقىندا تۆۋەندىكى 4-مەنبەدە بېرىلگەن «شىرمۇ؟ مۈشۈكمۇ؟» دېگەن تېمىدىكى مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك ھەققىدىكى بىر پارچە ماقالىنى ئۇچراتتىم [4]. ھەممە ئۇنىڭ مۇستاپا كامالنىڭ ئىشلىرى تىلغا ئېلىنغان قىسمىنى ئوقۇپ باقماقچى بولۇپ، بىر قانچە قېتىم قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇ قىسمىنى تاپالمىدىم. ئەڭ ئاخىرى كۆپرەك ۋاقىت چىقىرىپ، پۈتۈن ماقالىنى تولۇق ئوقۇپ چىقىشقا مەجبۇرى بولدۇم. مەن ئاشۇ ماقالىگە بىر قانچە كىچىك ماۋزۇلار قويۇلغان بولسا، ئوقۇرمەنلەرگە كۆپ قولايلىق تۇغدۇرۇلغان بولاتتى، دەپ ئويلايمەن. كىچىك تېمىلارنىڭ يالغۇز ئۆزى قىزىققان مەزمۇننى ئاسان تېپىشتىلا پايدىسى بار بولۇپ قالماي، ئوقۇغان مەزمۇنلارنى ئەستە قالدۇرۇشتىمۇ زور پايدىسى بار.

ئۆتكەنكى بىر يىلنى «ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب ئوقۇش يىلى» قىلىش پائالىيىتى ئۇيغۇرلاردا بىر خىل كىتاب ئوقۇش دولقۇنى قوزغاپ، كۆپلىگەن يېڭىلىقلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. مەن ئۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال. مەن ئۇيغۇرچە كىتاب-ماقالە يازىدىغان قېرىنداشلاردىن ئۆزى يازغان نەرسىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغىمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتابنى تېزرەك ئوقۇشى ۋە كۆپرەك مەزمۇننى ئەستە قالدۇرۇشىغا ئەڭ زور دەرىجىدە قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] http://bbs.misranim.com/thread-142766-1-1.html , 6-qewet

[2] Speed Reading: Learning to Read More Efficiently
https://www.mindtools.com/speedrd.html

[3] The Truth About Speed Reading
http://lifehacker.com/the-truth-about-speed-reading-1542508398

[4] شىرمۇ؟ مۈشۈكمۇ؟
http://bbs.alkuyi.com/archiver/tid-35249.html

# ئالىي مەكتەپ تاللاشتا كەسىپ مۇھىممۇ ياكى مەكتەپمۇ؟

2016-يىلى 3-ئاينىڭ 24-كۈنى

ئالىي مەكتەپكە يېڭىدىن ئوقۇشقا كىرىدىغان ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى كەلگۈسىدە بىر يۇقىرى مائاشلىق خىزمەتكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئاشۇنداق بىر ئارزۇغا يېتىش ئۈچۈن مەكتەپنى ياخشى تاللاش كېرەكمۇ، ياكى كەسىپنىمۇ؟ دۇنيانىڭ بەزى جايلىرى ئۈچۈن بۇ سوئالنىڭ جاۋابى «مەكتەپ» ياكى «كەسىپ» ئەمەسلىكى ئېنىق. يەنى، دۇنيانىڭ بەزى جايلىرىدا يۇقىرى مائاشلىق خىزمەتكە ئېرىشىشتە كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئارقا ئىشىك ۋە مىللىي تەۋەلىك مۇھىمراق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما مەن مەزكۇر ماقالىدە ئامېرىكىدىكى بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرىدىكى مەسىلە ھەققىدىكى ئەمەلىي پاكىتلارغا ئاساسلانغان ئىلمىي كۆز-قارىشىنى بايان قىلىمەن. يەنى، ئامېرىكىدەك بىر دۆلەتتە كەلگۈسىدە يۇقىرى مائاشلىق خىزمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن مەكتەپ مۇھىم ئورۇندا تۇرامدۇ ياكى كەسىپمۇ، دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىپ ئۆتىمەن.

ئوخشىمىغان مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش پۇلى ئوخشاش بولمايدۇ. ئوخشاش بىر مەكتەپتىمۇ ئوخشىمىغان كەسىپلەرنىڭ ئوقۇش پۇلى ئوخشىمايدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆپ. شۇڭلاشقا ھەر بىر ياش مەكتەپ ۋە كەسىپ تاللاشتا ئوقۇشنىڭ چىقىمى بىلەن ئالغان ئۇنۋانىغا تايىنىپ كېيىنكى ئۆمرىدە ئېرىشىدىغان كىرىمنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئامېرىكا جورج تائۇن ئۇنىۋېرسىتېتى (Georgetown University) نىڭ بىر تەلىم-تەربىيە ۋە خىزمەتچىلەر تەتقىقات مەركىزى بار بولۇپ، ئۇ مەركەزدىكى تەتقىقات خادىملىرى داۋاملىق تۈردە ئالىي مەكتەپ ئۇنۋانىنىڭ قىممىتىنى، يەنى قايسى مەكتەپ ۋە قايسى كەسىپنىڭ ئۇنۋانى كىشىلەرنى ئەڭ يۇقىرى خىزمەت كىرىمگە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ تۇرىدۇ. مەزكۇر مەركەز يېقىندا ئوخشىمىغان مەكتەپتە باكالاۋرلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، 10 يىل ئۆتكەندىن كېيىن قانچىلىك مائاش ئېلىۋاتقانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇخبىرلار سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ، مەزكۇر مەركەزنىڭ دىرېكتورى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئوتتۇرىغا قويدى:

(1) كەلگۈسىدە ئېرىشىدىغان كىرىم ئىشىدا مۇھىمراق ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئۇنۋاننى قايسى مەكتەپتىن ئېلىش بولماستىن، ئۇنى قايسى كەسىپتىن ئېلىش. ئوخشىمىغان كەسىپتە ئېرىشكىلى بولىدىغان كىرىممۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئەگەر سىز بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ، باكالاۋر ئۇنۋانىنى ئالىدىكەنسىز، بىر ئۆمۈر ئىشلەپ تاپىدىغان كىرىمىڭىز پەقەت تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر مىليون دوللار كۆپ بولىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ ئۇنۋانىڭىز بىرەر ئېنېرگىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىنژېنېرلىق ساھەسىدىكى كەسىپكە تەۋە بولىدىكەن، سىزنىڭ ئۆمۈرلۈك كىرىمىڭىز تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن كىشىلەرنىڭكىدىن 5 مىليون دوللار كۆپ بولىدۇ.

(2) ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، باكالاۋر ئۇنۋانىنى ئالغان كىشىلەرنىڭ 80 پىرسەنتىنىڭ كىرىمى پەقەت تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن كىشىلەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. قالغان 20 پىرسەنت كىشىلەرنىڭ ئېرىشىدىغان كىرىمى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلەردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان بولۇپ، ئاشۇنداق بولۇپ قېلىشىمۇ ئوقۇغان كەسىپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. فىلولوگىيە، ئىجتىمائىي پەن، پىسخولوگىيە ۋە مائارىپ قاتارلىق كەسىپلەردە ئوقۇغانلارنىڭ كىرىمى

تۆۋەنرەك بولىدۇ. ھەمدە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىرىمنىڭ تەقسىملىنىش ئەھۋالىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ.

(3) ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغانلارنىڭ كۆپىنچىسى پەقەت باكالاۋر ئوقۇغانلارغا قارىغاندا كۆپرەك كىرىم تاپىدۇ. ئەمما ئۇنداق بولماي قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. كەسپىي ئۇنۋانى بار كىشىلەرنىڭ يۇقىرى مائاشلىق بولۇش ئېھتىماللىقىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. مائارىپ ۋە پسىخولوگىيە كەسپىدە ئوقۇغانلار ئاسپىرانتلىقتىمۇ ئوقۇغىنى ياخشى.

(4) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتى تۆۋەن بولغان ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىرىمى تۆۋەنرەك بولىشى مۇمكىن. باكالاۋرلۇقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇشقا بارىدىغان ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى ئاز چىقىدىغان ئالىي مەكتەپلەرمۇ بار بولۇپ، ئاشۇنداق مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىرىمىمۇ تۆۋەنرەك بولۇشى مۇمكىن. بەزى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 50 پىرسەنت كەسپى مائارىپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنداق مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىرىمىمۇ تۆۋەنرەك بولىدۇ.

(5) تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ بىر مەزگىل ئىشلەپ، ئاندىن ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيدىغانلارمۇ كۆپ. ئۇنداق كىشىلەرنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىنكى كىرىمىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئۇلار ئوقۇغان كەسىپ بەلگىلەيدۇ. يېشى چوڭ ئوقۇغۇچىلار كەسىپ تاللاشقا ناھايىتى ئۇستا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تولۇق كۇرستا ئەمەس، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە ئوقۇيدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەتنى ئاسان تاپىدىغان شارائىتنى ھازىرلايدۇ. ئۇلار ياخشى كەسىپنى تاللاشقا ماھىر بولۇپ، ئوقۇغاندىمۇ پۈتۈن كۈچىنى ئوقۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ.

پايدىلانغان مەنبە:

Should you pick a college based on earnings potential?

# شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر قىسىم پەرقلەر

2016-يىلى 11-ئاينىڭ 4-كۈنى

يېقىندا تور ئىسمى «mikraskup» دەپ ئاتىلىدىغان بىر توردىشىمىز مېنىڭ بىر يازمامنىڭ ئاستىغا مۇنداق بىر ئىلتىماسنى يېزىپتۇ: « ئەلىيۇكسەل ئەپەندىم، سىز غەرب مەدەنىيىتى بىلەن شەرق مەدەنىيىتىگە قانداق قارايسىز؟ سىزنىڭچە ھەرقايسىنىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكلىرى بار؟»

ھەممەيلەننىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ئارتۇقچىلىق بىلەن كەمچىلىك مۇتلەق بولمايدۇ. يەنى، بىر قىسىم كىشىلەر «كەمچىلىك» دەپ قارىغان نەرسىلەرنى يەنە بىر قىسىم كىشىلەر «ئارتۇقچىلىق»، دەپ قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئوخشىمىغان خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى سېلىشتۇرغاندا، پىكرنى ئەڭ ياخشىسى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ئۈستىدە يۈرگۈزگەن ياخشى.

ئۇنىڭدىن باشقا، «غەرب مەدەنىيىتى بىلەن شەرق مەدەنىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر» دېگەن تېما بىر ئىنتايىن كەڭ تېما بولۇپ، بىر پارچە ماقالىنىڭ ئىچىدە ئاشۇنداق كەڭ مەزمۇنلارنى تولۇق بايان قىلىش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس. مەسىلەن، ئامېرىكا بىلەن گېرمانىيەنىڭ ھەر ئىككىسى «غەرب ئەللىرى» گە كىرىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتلىرىدە خېلى زور پەرقلەر بار. شۇنداق بولغاچقا مەن مەزكۇر ماقالىدە غەرب ئەللىرى بىلەن شەرق ئەللىرىنىڭ مەدەنىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بەزى پەرقلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن. يەنى، مەزكۇر يازما ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇنلار بىر مۇكەممەل تىزىملىك بويىچە بولمايدۇ. ئۇ پەقەت مەن بۇ قېتىم ئىزدىنىش جەريانىدا توپلىغان مەزمۇنلار ئاساسىدىكى غەرب ۋە شەرق ئەللىرى مەدەنىيەتلىرىنىڭ قىسمەن پەرقلىرىدىن ئىبارەتلا بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۆۋەندىكى بايانلاردا ئومۇمىيلىق كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھۆكۈملەر ھەرگىزمۇ مۇتلەق ئەمەس. يەنى، تۆۋەندىكى باھالارنىڭ ئىچىگە كىرمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆپ تېپىلىدىغان بولۇپ، مېنىڭچە ئۇلار قىسمەنلىككە كىرىدۇ. شۇڭلاشقا مەن ئوقۇرمەنلەردىن بۇ نۇقتىنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئادەتتە «شەرق» دېگىنىمىزدە ئۇ ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرق رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، «غەرب» دېگىنىمىز بولسا ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى ئەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 1. لىدېرلارنىڭ سالاھىيىتى

شەرقتە لىدېرلار ئەڭ يۇقىرى سالاھىيەتكە ئىگە بولۇپ، بەزىدە ئۇلار ئۆزلىرىنى بىر ئىلاھىي ئورۇنغا قويۇۋالىدۇ. غەربتە ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكى كۆپ تەكىتلىنىپ، لىدېرلار بارلىق ئىنسانلارنىڭ بىر قىسمى، دەپ ھېسابلىنىدۇ. بىر لىدېر ئۆزىنى ئاممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇۋالمايدۇ. شەرقتە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي دەرىجە تۈزۈمى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىلغان ۋېرتىكال (vertical) بولىدۇ. غەربتە بولسا ئوڭدىن سولغا ياكى سولدىن ئوڭغا قارىتىلغان گورىزونتال (horizontal) بولىدۇ.

## 2. كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر

شەرقتىكى كىشىلەر ئائىلىنى مەركەز قىلغان بولىدۇ. مەسىلەن، بىر جۈپ قىز-يىگىت توي قىلىشتىن بۇرۇن چوقۇم ئاتا-ئانىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاچقا شەرقتە توي قىلىدىغان قىز ياكى يىگىتنى ئاتا-ئانىسى تاللاپ بېرىدىغان ئىشلار ھازىرمۇ خېلى كەڭرى داۋاملىشىۋاتىدۇ. غەربلىكلەر ئۆزىنى ئائىلىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان بولۇپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئائىت ئىشلارنىڭ مۇھىملىق دەرىجىلىرىنى ھەر بىر ئادەم ئۆزى بېكىتىدۇ. يەنى، شەرقتە كوللېكتىپلىق تەكىتلىنىدۇ، غەربتە بولسا ئىندىۋىدۇئاللىق تەكىتلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيەتلىرىدىكى ئەڭ چوڭ پەرقلەرنىڭ بىرى.

## 3. ساياھەت ۋە تەتىل قىلىش

غەربلىكلەر ئۈچۈن مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ ساياھەت قىلىش ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمى. غەربلىكلەر داۋاملىق بىر قېتىملىق ساياھەتنى تۈگىتىپلا، يەنە كېلەر قېتىملىق ساياھەتكە تەقەززا بولۇپ تۇرىدۇ. شەرقتىكىلەرمۇ بايراملارنى چوڭ بىلىدۇ. ئەمما خىزمەتنى توختىتىپ قويۇپ دەم ئېلىش خىزمەت ئورنىنىڭ رۇخستىگە، ھەر بىر ئادەمنىڭ مىجەزىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالىغا باغلىق بولىدۇ. شەرقتىكىلەر خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندە بىر قېتىم بىر قانچە ھەپتە ئىشتىن سوراپ دەم ئالىدۇ. ئەمما غەربتىكى ئەھۋال ئۇنىڭ بىلەن قەتئىيلا ئوخشىمايدۇ. مېنىڭ ئاڭلىشىمچە ھازىر ياۋروپادا خىزمەتچىلەرگە نورمال مائاش تارقىتىشتىن باشقا يەنە مەخسۇس «تەتىل قىلىپ ساياھەت قىلىش مائاشى» دېگەن قوشۇمچە مائاشمۇ بېرىدىغان دۆلەتلەرمۇ بار ئىكەن. غەربتىكى خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دۆلەت تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بايراملاردىن باشقا، خىزمەتچىلىرىگە ھەر بىر يىلدا مەخسۇس 4 – 5 ھەپتىلىك تەتىللىك دەم ئېلىش ۋاقتى بېرىدىغان بولۇپ، تەتىل ۋاقتىنى قاچان ئىشلىتىشنى ھەر بىر خىزمەتچى ئۆزى قارار قىلىدۇ، ھەمدە ئاشۇ تەتىل ۋاقتىغىمۇ مائاش بېرىلىدۇ.

## 4. شەخسىيلەرنىڭ قىممىتى

غەربتە شەخسىيلەرنىڭ قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، شەرقتە بولسا كوللېكتىپ ۋە ئائىلىلەرنىڭ قىممىتى شەخسلەرنىڭ قىممىتىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئادەتنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى بار. ئەمما، شەرقتە بىر كىشىنىڭ ھاياتىدىكى بىر قىسىم مۇھىم قارارلارنى شۇ كىشى ئۆزى چىقىرالماي، ئۇلارنى ئائىلىسى ياكى كوللېكتىپ چىقىرىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، ئالىي مەكتەپ كەسپى ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى خىزمەت تەقسىماتى قاتارلىقلار. ئەمما بۇ ئىشلار غەربتە ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس.

## 5. ئىلاھىيەتلىك

شەرقتىكى بىر قىسىم ئەللەر، بولۇپمۇ مۇسۇلمان دۆلەتلىرى دىنغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. گەرچە دىن غەرب ئەللىرىدە ھازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ شەرقتىكى بىر قىسىم ئەللەرگە ئوخشاش كۈچلۈك ئەمەس. ئۇنىڭ ئەكسىچە، شەرقتىكى جۇڭگوغا ئوخشاش بىر قىسىم ئەللەردىكى خەنزۇلارغا ئوخشاش مىللەتلەر ئاساسەن دىنسىز ياشايدۇ.

## 6. مۇستەقىل ئىش ئېلىپ بېرىش

ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش ئېلىپ بېرىش ئۇقۇمى پەقەت غەرب مەدەنىيىتىدىلا ھەققىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، شەرقتە ئۇ «ئەگەر» ۋە «ئەمما» بىلەن بىللە كېلىدۇ. ياكى بولمىسا باشقا شەرتلەر بىلەن باغلانغان بولىدۇ. شەرقتە بىر

ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئائىت ئىشلىرى ئۇنىڭ ئائىلىسى بىلەن باغلانغان بولغاچقا، ئۇ ئادەم ھەقىقىي مەنىدىكى مۇستەقىل ئادەم بولالمايدۇ. غەربتە بالىلار مەلۇم بىر ياشقا كەلگەندە، مەسىلەن 18 ياشقا كىرگەندە، ئۆيدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ چىقىپ كېتىدۇ. بۇ بىر نورمال ئەھۋال. ئەمما بۇ ئىش شەرقتىكى بىر قىسىم ئائىلىلەردە «ئۆيدىن يۈز ئۆرۈش» دەپ قارىلىدۇ.

## 7. ئاياللارنىڭ ئورنى

شەرقتە ئاياللار بالىسى ئۈچۈن كەسپىي ھاياتى ۋە خىزمىتىنى قۇربان قىلىپ، بالىسىدىن خەۋەر ئالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال غەربتە مەۋجۇت ئەمەس. غەربتە مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە قارار ئېلىش ئاياللارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىشى. مەسىلەن، قاچان توي قىلىش، بالا ئېلىش-ئالماسلىق ۋە قاچان بالا ئېلىش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاياللار ئۆزلىرى قارار قىلىدۇ. شەرقتىكى ئاياللار ئاشۇنداق ھوقۇققا ئېرىشمەكچى بولسا قاتتىق كۈرەش قىلمىسا بولمايدۇ. شۇنداق قىلغاندىمۇ ئۇنداق ھوقۇققا ئېرىشەلىشى ناتايىن.

## 8. تۈزلۈك

بىر قىسىم تېمىلار ئۈستىدە سۆزلەشكەندە غەربلىكلەر ناھايىتى ئوچۇق ۋە تۈز كېلىدۇ. مەسىلەن، بالىلىق بولۇش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۈستىدە سۆزلىشىش غەربتە بىر ئادەتتىكى ئىش. ئەمما شەرقتە ئۇ بىر يامان كۆرىدىغان ئىش. شۇڭلاشقا جىنسىي مۇناسىۋەت ھەققىدىكى مەكتەپ تەربىيىسى غەربتە ناھايىتى نورمال ئىشتەكلا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، شەرقتە بولسا كۆپلىگەن چەكلىمە ۋە توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شەرقتىكىلەر بىر مەسىلىگە قارىتا ئوخشىمىغان پىكىردە بولۇپ، يۈزمۇ-يۈز تۇتۇشۇشتىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدۇ. ئەمما غەربلىكلەر مەسىلىنى ھەل قىلىشقا تۈزۈت قىلماي ئۇتتۇرلا ئاتلىنىدۇ.

## 9. پوزىتسىيە

پوزىتسىيە مەسىلىسىدە، غەربلىكلەرنى ئانالىز قىلىشقا ۋە ئىنچىكە تەرەپلىرىنى كۆرۈشكە ماھىر كېلىدۇ، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇلار زېھنىنى ئالدىدىكى مەسىلىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، پايدا-زىيانلارنى مۇكەممەل تەھلىل قىلغان ئاساستا بىرەر قارارنى يەكۈنلەپ چىقىدۇ. شەرقلىقلەر بولسا بىر مەسىلە ئۈستىدە گەپ بولغاندا ئومۇمىي جەھەتتىن پىكىر قىلىدۇ، ھەمدە يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن بىر ئورتاق قوبۇل قىلىنغان پىكىرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ.

## 10. تونۇشتىكى ئۆزگەرمەسلىك

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا شەرقلىقلەرنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ۋە كۆز-قاراشلىرى ئۆزگەرمەس كېلىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن مىڭ يىللاپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئىدىيىلەر ھەقىقەت سانىلىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئاشۇنداق ئىدىيىلەرنىڭ ئاساسلىرىنىڭ ھازىرقى زاماندا پۈت تىرەپ تۇرالماسلىقىغا پىسەنت قىلمايدۇ. ئەمما غەربلىكلەر مەسىلىلەرگە بىر راتسىئونال نۇقتىدىن قاراپ، قارار چىقىرىش ۋە ئىش-ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشتا ھېسسىياتقا تايانمايدۇ.

## 11. يېمەكلىك

ئادەتتە غەربلىكلەر پىشلاق ياكى ئىرىمچىك (cheese) نى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. كۆپىنچە غەرب ئەللىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم پىشلاق ئىشلەپ چىقىرىش سانائىتى بار بولۇپ، پىشلاق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك يەرلىك تۈس ئالغان بولىدۇ. سۈت فېرمىسى سانائىتى غەربتە ناھايىتى ئومۇملاشقان بولۇپ، شەرقنىڭ

ئەھۋالىنى ئۇلار بىلەن زادىلا سىلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. غەربنىڭ تاماقلىرى ئىچىدىمۇ پىشلاقنى خۇرۇچنىڭ بىر قىسمى قىلىدىغانلىرى ئىنتايىن كۆپ.

ئاسىيالىقلار گۇرۇچنى كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە غەربلىكلەرنى ھەرگىزمۇ ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

غەربلىكلەر ئەتىگەنلىك ۋە چۈشلۈك تاماقلارنى ناھايىتى تېز يەيدۇ، چۈشلۈك تاماقنى كومپيۇتېردا ئىشلەۋېتىپمۇ يەۋېرىدۇ. پەقەت كەچلىك غىزانىلا باشقىلار بىلەن بىللە بىر رەسمىي تاماق ئۈستىلدە يەيدۇ. ئاسىيالىقلار بولسا ھەر كۈندىكى 3 ۋاق تاماقنىڭ ھەممىسىنى باشقىلار بىلەن بىر ئۈستەلگە يىغىلىپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.



1-رەسىم: چۈشلۈك تاماق

## 12. باشقا پەرقلەر

غەربلىكلەر بىلەن ئاسىيالىقلار ئوتتۇرىسىدا يەنە تۆۋەندىكىدەك پەرقلەر بار:

--تەۋەككۈلچىلىك: ئاسىيالىقلار تەۋەككۈلچىلىكتىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدۇ، ئەمما غەربلىكلەر بولسا قارارلىق قىلىشقا ماھىر كېلىدۇ.

--دوستلۇق: ئاسىيالىقلار دوست تۇتقاندا ئۇزۇن مۇددەتلىك مەنپەئەتنى چىقىش قىلىدۇ، غەربلىكلەر بولسا دوستنىمۇ تېز تۇتۇپ، دوستلۇقنىمۇ تېز ئۈزىدۇ. غەربلىكلەر باشقىلار بىلەن رەسمىي دوست بولماي، ناھايىتى قاتتىق دوست بولۇپ كەتمەي، ئادەتتىكى تونۇشلاردىن بولۇپ ئۆتۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، ۋە باشقىلارغا دوستانە ۋە كەسپىي ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئاسىيالىقلار بولسا باشقىلار بىلەن كۈچلۈك روھىي باغلىنىش ئورنىتىشنى ۋە دوستلۇقنى بىر ئۆمۈر ساقلاشنى ئىستەيدۇ.

--پىكىر قىلىش: ئاسىيالىقلار باشقىلارنى ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن توسىدۇ، غەربلىكلەر بولسا كىشىلەرنى شۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

--ئادەتتىكى ھېسسىيات: غەربلىكلەر خۇشاللىق ۋە قايغۇ-ھەسرەتكە ئوخشاش ھەر خىل روھىي كەيپىياتنى ئوچۇق-ئاشكارا ئىپادىلەشكە ئامراق كېلىدۇ. باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندىمۇ ئۇلارنىڭ چىراي ئىپادىسى توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇلار خاپا بولغاندا قىلچە ئىككىلەنمەيلا گەپنى ئۇتتۇر قىلىۋېرىدۇ. ئاسىيالىقلار بولسا ھېسسىياتىنى ئاشكارىلاشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ چىراي ئىپادىلىرىمۇ ئانچە ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى باشقىلاردىن يوشۇرىدۇ.

--كوللېكتىپ ئىش-ھەرىكەت: غەربلىكلەر ئىجتىمائىي يىغىلىش ۋە رېستورانلاردا باشقىلارغا يۇمشاق ۋە تۆۋەن

ئاۋاز بىلەن سۆزلەيدۇ. بىللە بولىدىغان كىشىلەرنىڭ سانىمۇ ئازراق بولىدۇ. ئاسىيالىقلار بىر يەرگە كەلسە باشقىلارنى ئويلاپ قويماي، ئۈنلۈك ئاۋازدا سۆزلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ توپلىشىپ ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشى رېستوران ۋە ئىجتىمائىي يىغىلىشلاردا كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ.

-- ساداقەتلىك: غەربلىكلەر ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزىنىڭ ۋە باشقا شەخسلەرنىڭ مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. ئاسىيالىقلار ئۈچۈن كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، تونۇش، تۇغقان ۋە باشقا ئادەملەرنى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ.

--بايرام: غەربلىكلەر بايرام كۈنلىرى ۋە شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرىنى «ھەممە ئىشلاردىن بىراقلا قۇتۇلۇش كۈنلىرى» دەپ ھېسابلاپ، ئۇ كۈنلەردە ئائىلە بويىچە ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئارام ئالىدۇ. ياكى بولمىسا ئۇ كۈنلەرنى بىر قانچە يېقىن دوستلىرى ياكى تۇغقانلىرى بىلەن بىللە ئۆتكۈزىدۇ. ئاسىيالىقلار ئۈچۈن سودا سارىيى ۋە چوڭ ئىجتىمائىي يىغىلىشقا ئوخشاش ۋاراڭ-چۇرۇڭ قاپلىغان ۋە قىستا-قىستاڭلىقتا تولغان جايلار بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىدىغان ئەڭ ياخشى سورۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

--ئۆچىرەتتە تۇرۇش: ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئادەم پۇل تۆلەش ياكى ياردەم سوراشتەك مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن بىر يەرگە كەلگەندە غەربلىكلەر تەبىئىي ھالدا بىر قۇر ئۆچىرەت بولۇپ تىزىلىپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئەگەر ئاسىيالىقلار «مېنىڭ ئىشىم ناھايىتى تېزلا تۈگەيدۇ» دەپ ئويلىسا، ياكى قارشى تەرەپتىكى ئادەمدىن بىرەرسىنى تونۇسا، ھەرگىزمۇ ئۆچىرەتتە تۇرۇشنى بىر خىل مۇھىم ئىش قاتارىدا كۆرمەيدۇ.

--خىزمەت ئورنى: غەربلىكلەر ئۈچۈن خىزمەت ئورنىدىكى ھەممە كىشىلەر بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن ئىش ئەمەس. شۇڭا ئۇلار پەقەت ئۆزى بىلەن چىقىشالايدىغان بىر قانچە خىزمەتداشلىرى بىلەنلا چوڭقۇر مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، قالغانلار بىلەن ناھايىتى يۇقىرى كەسپىي ئەخلاق ئۆلچىمى بىلەن نورمال ئۆتىدۇ. ئاسىيالىقلار بولسا بارلىق ساۋاقداشلىرى ۋە خىزمەتداشلىرى بىلەن چوڭقۇر روھىي باغلىنىش ئورنىتىپ، ئۇ مۇناسىۋەتنى بىر ئۆمۈر ساقلاشقا تىرىشىدۇ.

--چەت ئەللىكلەر: غەربلىكلەر ئۆز دۆلىتىگە كەلگەن چەت ئەللىكلەردىن ھەممە جەھەتتە ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولۇشنى ئىستەيدۇ. ئاسىيالىقلار بولسا چەت ئەللىكلەرگە بىر خىل قىممەتلىك مېھمان قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلاردىن يەرلىك قائىدە-ئادەتلەرگە بويسۇنۇشنى ئىستىمەيدۇ. چەت ئەللىكلەرنى ئاساسەن ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىدۇ.

--بالىلار: غەربلىك ئاتا-ئانىلار بالىلىرىدىن چوڭ بولغان ھامان ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاشنى تەلەپ قىلىدۇ، ۋە ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئاسىيالىق ئاتا-ئانىلار بولسا بالىلىرىنى بىر ئۆمۈر يۆلەيدۇ.

--ئاتا-ئانىلار: غەربتىكى ئاتا-ئانىلار چوڭ بولغان بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلىشىۋېلىشنى مۇۋاپىق كۆرمەيدۇ، بالىلىرىغا پەقەت ئۆزلۈكىدىن ئالدىغا كەلگەندىلا ئاندىن مەسلىھەت بېرىدۇ. قېرىغاندا بالىلىرى بىلەن بىللە تۇرۇشنىمۇ خالىمايدۇ. ئاسىيالىق ئاتا-ئانىلار بولسا بالىلىرىغا بىر ئۆمۈر يېتەكچىلىك قىلىشنى ناھايىتى مۇھىم ئىش، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنى بالىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدىكى بىر مۇھىم ئامىل، دەپ قارايدۇ. ھەمدە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بالىلىرىدىن قېرىغاندا ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

--ياشانغانلار: غەربلىكلەر چوڭلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۆز ئېھتىياجىدىن ئۆزى چىقىشنى، ھەرگىزمۇ باشقا ئائىلە ئەزالىرى ياكى دوستلىرى ئۈچۈن بىر خىل يۈك بولۇپ قالماسلىقنى ئىستەيدۇ. ئاسىيالىقلار چوڭلاردىن خەۋەر ئېلىشقا رازى بولىدۇ، ۋە ياشانغاندا بالىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى بېقىشىنىمۇ ئىستەيدۇ.

--يېڭى ئادەملەر بىلەن تونۇشۇش: غەربلىكلەر بىر ناتونۇش ئادەمنى ئۇچراتقاندا، ئۇنىڭ بىلەن ئازراق پاراڭلىشىپ قويۇش ۋە باشقىلارغا يول بېرىشنى بىر ناھايىتى مۇھىم ئەدەپ-قائىدە، دەپ ھېسابلايدۇ. ئاسىيالىقلار قىستا-قىستاڭ

مۇھىتتا ياشاپ كۆنۈپ قالغان بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئۆمرىدە پەقەت بىرلا قېتىم ئۇچرىتىدىغان كىشىلەرگە ئانچە ئېتىۋار بېرىپ ياكى كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ.

بۇ قېتىم بايان قىلىدىغان مەزمۇنلار شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. ئاخىردا مەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلاردىن چۈشۈپ قالغان جايلارنى باشقا قېرىنداشلارنىڭ ئىنكاس شەكلىدە تولۇقلاپ قويۇشىنى سورايمەن. رەھمەت!

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


[1] Top 10 Differences Between Eastern and Western Cultures
http://topyaps.com/top-10-differences-between-eastern-and-western-cultures

[2] What are the main differences between Asian cultures and Western cultures?
https://www.quora.com/What-are-the-main-differences-between-Asian-cultures-and-Western-cultures

[3] Cultural Differences: Asian Social Customs
http://www.chalre.com/hiring_managers/asian_cultural_differences.htm

# ئامېرىكا ۋە جۇڭگو مائارىپىدىكى 12 پەرق

2016-يىلى 11-ئاينىڭ 18-كۈنى

مېنىڭ بۇرۇنقى يازمىلىرىمغا ئىنكاس يازغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىچىدە مەندىن جۇڭگو مائارىپى بىلەن غەرب مائارىپى ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي پەرقلەرنى سورىغان قېرىنداشلارمۇ بار. يۇقىرىدىكى تېمىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، مەن مەزكۇر يازمىدا پەقەت ئامېرىكا مائارىپى بىلەن جۇڭگو مائارىپى ئوتتۇرىسىدىكى 12 پەرقنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

1. بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى. تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئادەتتە كۈنىگە 8 سائەت دەرس ئۆتۈلىدۇ. جۇڭگودا بىر ئوقۇتقۇچى ئادەتتە كۈنىگە 2 دەرس ئۆتىدۇ. ھەممە بىر سىنىپتا 55 – 65 ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىغان بولۇپ، سىنىپ مۇدىرلىرىدىن باشقا ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتمىگەن ۋاقىتلىرىنى تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش ۋە كېيىنكى دەرسلەرگە تەييارلىق قىلىشقا سەرپ قىلىدۇ. ئامېرىكىدا بولسا ئوقۇتقۇچىلار ئادەتتە 5 – 6 سائەت دەرس ئۆتىدىغان بولۇپ، بىر سىنىپتا 25 – 30 ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ.

2. جۇڭگودا ئوقۇغۇچىلار ئوخشىمىغان سىنىپلارغا بۆلۈۋېتىلىپ، ھەر بىر سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىكى ئوقۇش ھاياتىنى ئاساسەن بىللە ئۆتكۈزىدۇ. يەنى، بىر سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن ھەممە دەرسلەرنى بىللە ئوقۇيدۇ. ئامېرىكىدا «يوكۈنى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى» ۋە «سىنىپ مۇدىرى» دېيىدىغان ئۇقۇم يوق. ئوخشاش يىللىقتىكى ئوخشىمىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەلۇم بىر ۋاقىتتا ئوقۇيدىغان دەرسلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، ئىنگلىز تىلى دەرسىنى بىللە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەرس ۋاقتىدا باشقا-باشقا سىنىپلارغا كىرىدۇ. بىر مەۋسۇم ئاخىرلىشىپ، يېڭى مەۋسۇم باشلانغاندا، ھەر بىر دەرسكە كىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئالدىنقى مەۋسۇمنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ.

3. جۇڭگودا بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ھەممە دەرسلەرنى بىللە ئوقۇيدۇ. بىر دەرس تۈگەپ يەنە بىر دەرس ئوقۇغاندا ئوقۇغۇچىلار ئۆز سىنىپىدا تۇرۇۋېرىپ، دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچى ئالمىشىدۇ. يەنى، سىنىپ ئۆزگەرمەي، ئوقۇتقۇچى ئۆزگىرىدۇ. ئامېرىكىدا بىر دەرسنى بىللە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار كېيىنكى دەرس ئۈچۈن ئوخشىمىغان دەرسلەرنى ئوقۇپ، ئوخشىمىغان دەرسخانىلارغا بارىدۇ. يەنى، ئامېرىكىدا بىر ئوقۇتقۇچى بىر خىل دەرسنى بىر مۇقىم دەرسخانىدا ئۆتىدىغان بولۇپ، بۇ سىنىپقا كىلىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

4. جۇڭگودا ئوقۇغۇچىلار بىر مەكتەپكە كىرىپ، سىنىپلارغا تەقسىملەنگەندىن كېيىن، ئۇلارغا دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ بېكىتىلىدۇ. سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار بىر يىللىقتىن كېيىنكى يىللىققا ئۆرلىگەندە، ئۇلارغا دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلار ئاساسەن ئۆزگەرمەي، ئوقۇغۇچىلار بىلەن تەڭ ئۆرلەيدۇ. ئامېرىكىدا مەلۇم بىر يىللىقنىڭ مەلۇم بىر كەسپىي دەرسنى بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلار مۇقىم بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار يىللىق ئۆرلىگەندە، ئوقۇتقۇچىلار ئۇلار بىلەن بىللە ئۆرلىمەيدۇ.

5. جۇڭگو مەكتەپلىرىدە ھەر بىر سىنىپقا بىردىن سىنىپ مەسئۇلى، ياكى سىنىپ مۇدىرلىقىنى قىلىدىغان ئوقۇتقۇچى تەيىنلىنىپ، ئۇ ئوقۇتقۇچى باشلانغۇچنى، تولۇقسىزنى ياكى تولۇقنى پۈتتۈرۈپ بولغۇچە ئۆز سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا مەسئۇل بولىدۇ. ئامېرىكىدا بىر گۇرۇپپا ئوقۇغۇچىلار بىر سىنىپقا بۆلۈنمىگەن بولۇپ، «سىنىپ مۇدىرى» دېيىدىغان

ئۇقۇمىمۇ يوق.

6. جۇڭگودا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىلىرىگە ئاساسەن بېكىتىدىغان، ھەمدە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىلىرىگە قاراپ ئوقۇتقۇچىغا بېرىلىدىغان خىزمەت مۇكاپات پۇلىنىڭ كۆپ-ئازلىقىنى بېكىتىدىغان ئىشلار كۆپ. ئامېرىكىدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ئاساسەن خىزمەت ئىستاژىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىغا ئاساسەن بېكىتىلىدىغان بولۇپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ مائاشىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى بىلەن باغلاپ قويىدىغان ئىشلار ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس.

7. ئامېرىكا مەكتەپلىرىدە ئىككى دەرس ئارىلىقىدىكى تەنەپپۇس ۋاقتى جۇڭگونىڭكىدىن قىسقىراق بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئاشۇنداق قىسقا تەنەپپۇس ۋاقتىنى ئاساسەن بىر دەرسخانىدىن يەنە بىر دەرسخانىغا يۆتكىلىش ئۈچۈن بىر جىددىي ھالەتتە ئۆتكۈزىدۇ. جۇڭگودا ئوقۇغۇچىلار تەنەپپۇس ۋاقتىنى ئۇنداق جىددىي ئۆتكۈزمەيدۇ.

8. جۇڭگودا ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارغا نىسبەتەن بەكرەك ھۆرمەتچان كېلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار دەرس ۋاقتىدا سوئالغا جاۋاب بەرگەندە ئۆرە تۇرۇپ جاۋاب بېرىدۇ. ئوقۇتقۇچىغا قەغەز تاپشۇرغاندا ئىككى قولى بىلەن بېرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار قەغەز يۈزىدە مۇئەللىمگە بىر نەرسە يازغاندا مەزمۇنىنى «سۆيۈملۈك مۇئەللىم» دەپ باشلايدۇ. بۇ جەھەتتە ئامېرىكىدا ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى ئەركىن. جۇڭگونىڭ ئۆلچىمى بويىچە قارىغاندا يۇرۇش-تۇرۇش ۋە ئوقۇتقۇچىغا بولغان مۇئامىلە جەھەتتە ئامېرىكا ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇتقۇچىلارغا ئانچە ھۆرمەت قىلىپ كەتمەيدۇ.

9. جۇڭگو مەكتەپلىرىدە ئوقۇغۇچى دىجورنىلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئوقۇشتىن باشقا يەنە نۇرغۇن قوشۇمچە ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن، تازىلىق، كۆچەت تىكىش، قار تازىلاش، ئوقۇتقۇچىغا ياردەملىشىپ ماتېرىياللارنى كوپىي قىلىش (كۆپەيتىپ بېسىپ چىقىرىش) قاتارلىقلار. بۇنداق ئىشلار ئادەتكە ئايلانغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئۇنداق ئىشلاردىن ئاساسەن نارازى بولمايدۇ. لېكىن ئامېرىكىدا ئۇنداق ئىشلار قەتئىيلا يوق. سىنىپنى تازىلاش ئىشلىرىنىمۇ ھەق ئالىدىغان تازىلىق خىزمەتچىلىرى قىلىدۇ.

10. جۇڭگودا ئوقۇغۇچىلار دەرسلىك كىتابلارنى ئۆزلىرى سېتىۋالىدۇ. كىتابلار يۇمشاق تاشلىق ۋە ناھايىتى نېپىز بولۇپ، ئادەتتە بىر كىتابنىڭ باھاسى بىر قانچە دوللارغىلا توغرا كېلىدۇ. كىتابلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىگە تەۋە بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار كىتابنى ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە بوياپ ۋە سىزىپ ئىشلىتىۋېرىدۇ. شۇنداقلا دەرسلىك كىتابلارغا ئەخلاق تەربىيىسىگە تەۋە مەزمۇنلارمۇ خېلى كۆپ كىرگۈزۈلگەن بولىدۇ. ئامېرىكىدا دەرسلىك كىتابلار قاتتىق تاشلىق، ناھايىتى قېلىن ۋە ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، كىتابلار ئوقۇغۇچىلارغا ئارىيەتكە بېرىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتابلارنىڭ ئۈستىگە سىزىشىغا ۋە كىتابنى بويىشىغا يول قويۇلمايدۇ. دەرسلىك كىتابلار ئادەتتە ھەر 6 يىلدا بىر قېتىم يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ.

11. جۇڭگودا مەكتەپكە ئائىت ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تاللاشلار ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس. پۈتۈن مەملىكەتلىك ئۆلچەم، مەملىكەتلىك نىشان، مەملىكەتلىك دەرس ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، مەملىكەتلىك دەرس مەشقلىرى، ھەتتا مەملىكەتلىك مەكتەپ ۋاقىت تۈزۈمى قاتارلىقلار مەۋجۇت. ئامېرىكىدا مائارىپ ئىشلىرىنى ھەر بىر شتات ھۆكۈمىتى ئۆز ئالدىغا قارار قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتوننىمۇ قوشقاندا مائارىپتا مۇستەقىل ھۆكۈمەتتىن جەمئىي 51 ھۆكۈمەت بار. ھەر بىر شتاتمۇ يەنە «مەكتەپ رايونلىرى» (School District) كە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر بىر مەكتەپ رايونلىرىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا خېلى كۆپ ئەركىنلىرى بار. مەسىلەن، ئىندىئانا شتاتىدا جەمئىي 292 مەكتەپ رايونلىرى بار بولۇپ، بۇ رايونلار ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بولغان توختاملارنى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى ۋە خىزمەت مۇھىتلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئايرىم بەلگىلەيدۇ.

12. جۇڭگودا مەكتەپ ئىمتىھان سىستېمىسى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. جۇڭگودا ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى ئىمتىھان ئارقىلىق تاللاش 960-يىلىدىكى سۇڭ خاندانلىقىدىن باشلانغان بولۇپ، ئۇ ھازىرمۇ

مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىلىق. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قايسى ئالىي مەكتەپكە كىرىشىمۇ مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ئىمتىھانلار ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. ئامېرىكىدا «مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانى» دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىش ئۆلچىمىنى ھەر بىر مەكتەپ ئۆز ئالدىغا چىقىرىدۇ. بىر ئوقۇغۇچى كۆپلىگەن ئالىي مەكتەپلەرگە تەڭلا ئىلتىماس قىلىپ، قوبۇل قىلىنغان مەكتەپلەر ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسىنى تاللاپ كىرىش ئامېرىكىدا بىر ئادەتكە ئايلانغان ئەھۋال. ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى پەرقلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېنىقسىزلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «ئوقۇش سەۋىيىسىنى باھالاش ئىمتىھانى» (Scholastic Assessment Test, SAT) دېگەن ئىمتىھاننى يولغا قويغان بولۇپ، بۇ ئىمتىھانلار بىر يىل ئىچىدە كۆپ قېتىم ئېلىنىدۇ. بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇ ئىمتىھانغا كۆپ قېتىم قاتنىششىغا يول قويۇلىدىغان بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەر ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نومۇرىنى ھېسابقا ئالىدۇ. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار بۇ ئىمتىھانغا ئۆزلىرى تاللىغان ۋاقىتتا قاتنىشىدۇ. ئوخشىمىغان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بۇ ئىمتىھانغا قويىدىغان ئۆلچىمىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. يەنى ھەر بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ئىلتىماس قىلغان ئوقۇغۇچىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى دەرس نەتىجىسى بىلەن SAT ئىمتىھان نەتىجىسىگە تەڭ قارايدۇ. داڭلىق مەكتەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇ ئىككى خىل نەتىجىلەردىن باشقا يەنە ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالى، لىدېرلىق قىلىش قابىلىيىتى ۋە تەنتەربىيىدىكى ئىپادىلىرى قاتارلىقلارغىمۇ خېلى قاتتىق قارايدۇ. ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدە «ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇشنىڭ يېرىمى شەرتى دەرسلەردە ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن بولۇش، قالغان يېرىمى بولسا دەرستىن سىرتقى باشقا ساھەلەردە كۈچلۈك بولۇشتىن ئىبارەت. يەنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلەردىكى نەتىجىسى بىلەن باشقا ساھەلەردىكى تەرەققىيات ئەھۋالى ئاساسەن ئوخشاش دەرىجىدە ئېتىۋارغا ئېلىنىدۇ.

پايدىلىنىش مەنبەسى:


[1] Twelve Differences Between Chinese Education and American Education
https://slkchina.wordpress.com/2007/06/01/12-differences-between-chinese-education-and-american-education/

# دۇنيادىكى ئىجادچانلىقى ئەڭ كۈچلۈك 16 دۆلەت

2016-يىلى 11-ئاينىڭ 25-كۈنى

مەن ھازىرغىچە گېرمانلار ئۈستىدە بىر ئاز ئىزدەنگەن بولۇپ، ئۆزۈم كۆرگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، گېرمانلارنى ئىجادچانلىق (يېڭىلىق يارىتىش، كەشپىياتچانلىق) جەھەتتە دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىدىكى ئامېرىكا بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان بىر ئورۇندا، دەپ ئويلاپ كەلگەن ئىدىم.  ئەمما مەن يېقىندا گېرمانلاردىكى ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنىڭ قانداق يېتىلدۈرۈلگەنلىكى ئۈستىدە ئىزدىنىۋېتىپ، ئىجادچانلىقتا دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغان 16 دۆلەتنىڭ دەرىجىسى كۆرسىتىلگەن بىر ئىلمىي دوكلاتنى ئۇچرىتىپ قالدىم.  بۇ دوكلاتتا گېرمانىيە ئۈنچىۋالا ئالدىغا تىزىلمىغان بولغاچقا، ئۆزۈم بىر ئاز ھەيران قالدىم.  تۆۋەندە مەن بۇ قېتىم ئۇچراتقان سانلىق مەلۇماتنى تەسۋىرلەپ ئۆتىمەن.

كانادادا ئىنگلىزچە « The Martin Prosperity Institute (MPI)» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئەقىل ئامبىرى ئىنستىتۇتى بار بولۇپ، مەن بۇ قېتىم پايدىلانغان «دۇنيادىكى ئەڭ ئىجادچان 16 دۆلەت» دېگەن تېمىدىكى ئىلمىي دوكلاتنى ئاشۇ ئىنستىتۇت ۋە باشقا بىر قىسىم نوپۇزلۇق تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان بىر گۇرۇپپا مۇتەخەسسىسلەر بىرلىكتە تەييارلىغان.

بۇ تەتقىقات گۇرۇپپىسى ھېلىقى 16 دۆلەتنى بىر «ئومۇمىي ئىجادچانلىق كۆرسەتكۈچى» دەپ ئاتىلىدىغان نومۇر بويىچە تىزىپ چىققان.  ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار يەنە ھەر بىر دۆلەتكە «تېخنولوگىيە دەرىجىسى»، «تالانت دەرىجىسى» ۋە «قوبۇللاش دەرىجىسى» بويىچىمۇ نومۇر قويغان بولۇپ، بۇ يەردىكى «قوبۇللاش دەرىجىسى» دېگەن پارامېتىر «تېخنولوگىيە» بىلەن «تالانت» لارنى تولۇق ئىشقا سېلىش دەرىجىسىنى كۆرسىتىدىكەن.  تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگىنى ئاشۇ 16 دۆلەتنىڭ «ئومۇمىي ئىجادچانلىق كۆرسەتكۈچى» نومۇرلىرى.  مەن ئۇ جەدۋەلگە قالغان 3 پارامېتىرنىڭ قىممىتىنىمۇ قوشۇپ قويدۇم.

بۇ 16 دۆلەتنىڭ «ئومۇمىي ئىجادچانلىق كۆرسەتكۈچى» نومۇرىنىڭ يۇقىرى بولۇشى چوقۇم ئۇلارنىڭ مائارىپ سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.  شۇڭلاشقا بىز ئۇچۇن ئاشۇ دۆلەتلەرنىڭ مائارىپ تەرەققىيات ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈپ بىلىۋېلىش، ۋە ئۇلارنىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئىلغارلىقلاردىن ئۆگىنىش ناھايىتىمۇ مۇھىم.  مەسىلەن، 1-رەسىمدىكى جەدۋەلدە فىنلاندىيە 3-ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مائارىپ سىستېمىسىنىڭ سۈپىتى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى 10 نىڭ ئىچىدە ئىكەن.  فىنلاندىيە ھۆكۈمىتى بۇنىڭغىمۇ قانائەتلەنمەي، يېقىندا ئۆزلىرىنىڭ مەكتەپ سىستېمىسىدا بىر يېڭى ئىنقىلاپ ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇ بولسىمۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلاپ، فىزىكا، ماتېماتىكا، ئەدەبىيات، تارىخ ۋە جۇغراپىيە قاتارلىق كەسپىي دەرسلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا كۆپلىگەن كەسپلەر بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت.  مەسىلەن، مۇشۇنداق يېڭى سىستېمىدا 2-قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى تارىخ، جۇغراپىيە ۋە ماتېماتىكا كەسپلىرىنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ئۆتۈلىدۇ.  دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىمۇ ئۆزگىرىدۇ.  مەسىلەن، بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز ئۈستەل-ئورۇندۇقلىرىدا ئولتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى مۇنبەردە دەرس سۆزلىمەي، ئوقۇغۇچىلار كىچىك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، دەرسنى ئۆز-ئارا مۇزاكىرە قىلىش يولى بىلەن ئۆگىنىدۇ.  بۇ يېڭى ئۇسۇلدا دەرس ئوقۇش ئوخشىمىغان كەسپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار بىرلىكتە ئىشلەش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلارغا

قويۇلغان تەلەپلەرمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭلاشقا فىنلاندىيە ئوقۇتقۇچىلارنى يېڭى ئۇسۇلغا ماسلاشتۇرۇش تەربىيىسىنىڭ ئالدىنقى بولۇشى تەلەپ قىلىدۇ. باشلىنىپ بولۇپ، 70 پىرسەنت ئوقۇتقۇچىلار ھازىرغىچە ئاشۇنداق تەربىيىلىنىشنى تاماملاپ بولغان.

| ئورۇن تەرتىۋى | دۆلەت ئىسمى | ئومۇمىي ئىجادچانلىق كۆرسەتكۈچى | تېخنولوگىيە دەرىجىسى | تالانت دەرىجىسى | قوبۇللاش دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | شۋېتسىيە | 0.923 | 5 | 2 | 7 |
| 2 | ئامېرىكا | 0.902 | 3 | 8 | 8 |
| 3 | فىنلاندىيە | 0.894 | 1 | 1 | 19 |
| 4 | دانىيە | 0.878 | 7 | 4 | 14 |
| 5 | ئاۋستىرالىيە | 0.870 | 15 | 7 | 5 |
| 6 | يېڭى زېلاندىيە | 0.866 | 19 | 5 | 4 |
| 7 | كانادا | 0.862 | 11 | 17 | 1 |
| 8 | نورۋېگىيە | 0.862 | 12 | 6 | 11 |
| 9 | سىنگاپور | 0.858 | 10 | 3 | 17 |
| 10 | گوللاندىيە | 0.854 | 17 | 11 | 3 |
| 11 | بېلگىيە | 0.813 | 16 | 12 | 13 |
| 12 | ئىرلاندىيە | 0.805 | 20 | 21 | 2 |
| 13 | ئەنگلىيە | 0.789 | 18 | 19 | 10 |
| 14 | شۋېتسارىيە | 0.785 | 6 | 22 | 20 |
| 15 | فرانسىيە | 0.764 | 14 | 23 | 16 |
| 16 | گېرمانىيە | 0.764 | 9 | 26 | 18 |

1-رەسىم: «ئومۇمىي ئىجادچانلىق كۆرسەتكۈچى» نومۇرى ئەڭ يۇقىرى بولغان 16 دۆلەتنىڭ تىزىملىكى.

پايدىلىنىش مەنبەسى:


[1] The 16 Most Creative Countries In The World
http://www.businessinsider.com/most-creative-countries-in-the-world-2011-10#1-sweden-16

[2] Finland Will Become the First Country in the World to Get Rid of All School Subjects
https://brightside.me/wonder-curiosities/finland-will-become-the-first-country-in-the-world-to-get-rid-of-all-school-subjects-259910/

[3] The Global Creativity Index 2015
http://martinprosperity.org/content/the-global-creativity-index-2015/

[4] http://www.wipo.int/edocs/pubdocs/en/wipo_pub_gii_2016-intro5.pdf

# دۇنيادىكى ئادەملەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان 7 رايون

2016-يىلى 12-ئاينىڭ 12-كۈنى

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 25 يىل بۇرۇن مەن «خەلق گېزىتى» دە مۇنداق بىر ئىلمىي تەكشۈرۈش نەتىجىسى ھەققىدىكى خەۋەرنى كۆرگەن ئىدىم: پۈتۈن جۇڭگو بويىچە 100 ياشتىن ئارتۇق ياشىغان كىشىلەرنىڭ 80 پىرسەنتى ئۇيغۇر دىيارىدا بولۇپ، ئاشۇ 80 پىرسەنت كىشىلەر ئاساسەن ئۇيغۇر ئىكەن.

بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا مەن بىزنىڭ ئىدارىدىكى خىزمەتچىلەر ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان «ياشانغانلار ئۈچۈن مېڭىنى ساغلام ساقلاش ئۇسۇللىرى» دېگەن تېمىدىكى بىر ئىلمىي دوكلاتنى ئاڭلىدىم. ئۇ دوكلاتتا مۇتەخەسسىسلەر پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، دۇنيادىكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان كىشىلەر توپلاشقان جايلاردىن 7 رايوننى بايقىغانلىقى، ۋە ئۇ رايونلار «كۆك رايونلار» (Blue Zones) دەپ ئاتىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىندى. شۇنىڭ بىلەن مەن تورلاردىن بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلارنى ئىزدەپ كۆردۈم. مەزكۇر يازمىدا مەن ئاشۇ ئۇچۇرلارنى قىسقىچە خۇلاسىلەپ بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

دۇنيادىكى 7 كۆك رايون تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) ئىتالىيەنىڭ ساردىنىئا (Sardinia) رايونى: 1996-يىلى باشلانغان 10 يىل ئىچىدە 100 ياشتىن ئارتۇق ياشىغان ئادەمدىن 20 كىشى چىققان

(2) ئىتالىيەنىڭ ئاكسىئارولى (Acciaroli) رايونى: ھەر 3 ئادەمنىڭ ئىچىدىكى بىرى 80 ياشتىن ئارتۇق ياشىغان

(3) ياپونىنىڭ ئوكىناۋا ئاراللىرى

(4) ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتىنىڭ لوما لىندا رايونى

(5) كوستا رىكانىڭ نىكويا (Nicoya) يېرىم ئاراللىرى

(6) گىرېتسىيەنىڭ ئىكارىئا (Icaria) رايونى: 2009-يىلى ئېلىپ بېرىلغان بىر تەكشۈرۈشتە ھەر 3 ئادەم ئىچىدىكى بىرى 90 ياشتىن ئارتۇق ياشىغانلىقى بايقالغان

(7) شىۋېتسىيەنىڭ ئۆلاند، جەنۇبىي سمالەند ۋە شەرقىي-شىمالىي سكانە (Öland, Småland, Skåne) رايونلىرى

بۇ 7 رايوندا ياشايدىغان كىشىلەر تۆۋەندىكىدەك خاراكتېرگە ئىگە:

--ئائىلىنى 1-ئورۇنغا قويۇش

--تاماكىنى ئاز چېكىش


--يەيدىغان گۆشنىڭ مىقدارى نورمال كىشىلەرنىڭكىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلىش، ھەمدە ئۇسۇملۇكلەردىن ياسالغان يېمەكلىكلەرنى ئاساس قىلىش

--نورمال مىقداردا چېنىقىشنى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى قىلىش

--قويۇق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت مەدەنىيىتى ئىچىدە ياشاش، يەنى كوللېكتىپ پائالىيەتلىرى كۆپ بولۇش،

ھەمدە بىر ياشتىن 80 ياشقىچە بولغان كىشىلەر ئارىلىشىپ ئۆتۈش

--ھەر خىل پۇرچاق ۋە مېغىزلار (Legumes) نى كۆپ ئىستېمال قىلىش




1-رەسىم: ئىنگلىزچە «Venn diagram» دەپ ئاتىلىدىغان رەسىم بولۇپ، ئۇ كۆك رايونلار ئىچىدىكى ئوكىناۋا، ساردىنىئا لوما لىندا رايونلاردا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ يۇقىرىدىكى 6 خىل خاراكتېرىنى رەسىم شەكلىدە كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«كۆك رايونلار» نى بايقىغان ئاساسلىق كىشى دەن بيۇتنېر (Dan Buettner) بولۇپ، ئۇ ئاشۇ رايونلار ھەققىدە بىر كىتاب يازغان. ئۇ كىتابىدا كۆك رايونلاردا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ھەققىدە تۆۋەندىكى 9 ئىشنى خۇلاسىلەپ چىققان:

(1) نورمال مىقداردىكى جىسمانىي ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش

(2) ھاياتنىڭ مەقسىتى بار بولۇش

(3) روھىي بېسىمنى ئازايتىش

(4) ئىستېمال قىلىدىغان كالورىيىنىڭ مىقدارى نورمال بولۇش

(5) ئۆسۈملۈكلەرنى ئاساس قىلغان يېمەكلىكلەر بىلەن ئوزۇقلىنىش

(6) ئوتتۇرىچە مىقداردىكى ھاراق، بولۇپمۇ ئۈزۈم ھارىقىنى ئىستېمال قىلىپ تۇرۇش

(7) دىنىي ئېتىقادى بار بولۇش ۋە دىنىي ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىش

(8) ئائىلە تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆككەن بولۇش

(9) ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن كۆپ شۇغۇللىنىش ياكى يىغىلىشلارغا كۆپ بېرىش

پايدىلىنىش مەنبەسى:

[1] Blue Zones: https://en.wikipedia.org/wiki/Blue_Zone

# چۈشكەن ئىنكاسلاردىن تاللانمىلار

ئىلاۋە: ۋەتەندىكى ئۇيغۇرچە تور بەتلىرىنىڭ تاقىلىپ كېتىشى سەۋەبىدىن مەن بۇ يەرگە پەقەت باغداش مۇنبىرىگە چۈشكەن بىر قىسىم ئىنكاسلارنىلا كىرگۈزدۈم.

## مەكتەپ تاپشۇرۇقلىرى قانچىلىك بولسا ئەڭ مۇۋاپىق

(1)ما تەرەپتە تاپشۇرۇق،كىتاب ماتېرىياللارنىڭ كۆپلىكىدىن باشلانغۇچ 1- ياكى ئىككىنجى يىللىقنىڭ باللىرى جىنىدا سومكىسىنى كۆتىرەلمەي يەردە سۆرىلىدىغان غالتەكلىك سومكىلارنى ئىشلىتىدۇ. bagdax, kitabhumar

(2)مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرا ھاياتىم تۈگۈمەس تاپشۇرۇق بىلەن ئۆتكەن ،ئۇففففففففففففففف ، شۇ تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولالماي قۇسۇۋەتكىدەك بوپ كەتكەنىدىم (دەرىس مەزمۇنىنى ھەزىم قىلىپ بولالماي تۇرۇپ ئۈنچىۋالا كۆپ تاشۇرۇق ئىشلەش بەك ئېغىر كىلەتتى ،تەپەككۇر قىلىدىغانغا ۋاقىت يوق)
ھەممە نەرسە يەنىلا مۇۋاپىق بولغان ياخشى .دۆلىتىمىزدە نوپۇس كۆپ رىقابەتمۇ كۆپ ،قايسى خىل تاپشۇرۇق بىرىش ئەندىزىسى ئەڭ مۇۋاپىق بولاكىن؟ bagdax, rushangul

(3)بىراق بىزدىكى مائارىپ تۈزۈلمىسى بولۇپمۇ يەرلىك مائارىپ ئىدارىلىرىنىڭ سۈپەتنى ئەمەس ساننى، شەكىلنى قوغلىشىدىغان ئىشى مەن 90-يىلى خىزمەتكە چىققاندا بارئىدى، مانا 24 يىل بوپتۇ، يەنە شۇ پېتى ھەتتا ئىشىپ كەتتى. باللارغا بەرگەن تاپشۇرىقىمىزنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيتى يوق، ھەقسىز تارقىتىلىدىغان كىچىك مەشىق تاپشۇرۇق بار، شۇنى ئىشلىتىشمىز كىرەك. بىر سائەت دەرىسكە چوقۇم بىر سائەت تاپشۇرۇق بىرىشىمىز شەرت، سان كام بولۇپ قالسا ئايلىق تەكشۈرۈشتە تارتىلىدىغان نومۇر تەييار.
ئەسلى ئەدەبىيات دەرسگە نىسپەتەن كىتاب ئوقۇپ كىلىش، ياقتۇرغان شئېرلارنىڭ يادلاپ كىلىش، ئويلىغان، كۆرگەن نەرسىلەرگە قارىتا ماتېريال تويلاپ كېلىش، خىلمۇ خىل مەزمۇندا كىچىك ماقالىلەرنى، تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى يېزىش، تەسۋىرى ئابزاسلارنى يېزىش دىگەندەك تاپشۇرۇقلارنى بەرسەك تولۇمۇ ياخشى بولاتتى، ناھايىتىمۇ بەك ئەپسۇس، مەن ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىمدا ياخشى بولغان، ئوقۇتۇشتا ، ئىمتاھان تۈزۈمىدە ھەقىقىي بىر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان مەنزىرىنى كۆرمەي ئارامغا چىقىپ كىتىدىغان ئوخشايمەن. saptilak, bagdax

(4) مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتلىرىمدا تاپشۇرۇقنىڭ كۆپلىكىدىن، ئاتا - ئانامنىڭ كۆندە كەچتە تاپشۇرۇق ئىشلىمەي ئولتارغىنىمغا بەكلا ھەۋەس قىلاتتىم ، ھازىر بولسا تاپشۇرۇقلار بۇرۇنقى تاپشۇرۇقلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپەيگەچكە باللار بىزگە تېخىمۇ ھەۋەس قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ . ئۇھ ! قاچانمۇ تاپشۇرۇقنى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئىشلەيدىغان كۈنلەر كىلەر . heniya, bagdax

(5)ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقى قانچىلىك بولسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ ؟ دېگەن بۇ قاراشقا ، مىنىگچە يەنىلا ئامېرىكا مائارىپ مىنىستىرلىقى ۋە ئامىركا ئاتا - ئانىلار ھەم ئوقۇتقۇچىلار بىرلەشمىسى ۋە باشقا نۇرغۇن مەملىكەتلىك ئوقۇتقۇچىلار تەشكىلاتلىرنىڭ تەكلىپىدىكى ؛ يەسلى باللىردىن باشلانغۇچتىكى 3-يىللىقىچە 10دىن 20مىنۇتقىچە ، 3-يىللىقتىن 6-يىللىققىچە ، 60-30مىنۇتقىچە ، يۇقىرى يىللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقارقىلاردىن كۆپرەك بولۇشى ، تاپشۇرۇقلار ئوخشىمىغان كۆنلەردە ، ئوخشىمايدىغان مىقداردا بېرىلسە بولىدۇ. مانا بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش چەكلىمىسىنى ئاساس قىلىپ چىقىرىلغان توغرا بولغان تاپشۇرۇق ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلى دەپ ئويلىدۇم .ھەم بىزنىڭ ھازىرقى مائارىپ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىمىزدا مۇشۇنداق ئالدىن تۈزۈلگەن پىلانلار بارمىدۇ ؟ دېگەن مەسىلەرنى ئويلاپ قالدىم...)

Turk-Zat, bagdax

(6)ھازىرقى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلەش ئەھۋالى(قەشقەردە)

ماتىماتىكا ھەپتىدە 5قىتىم

خەنزۇتىلى ھەپتىدە5قىتىم

تىل ئەدەبىيات ھەپتىدە5قىتىم

مۇزىكا ۋە تەنتەربىيە دىن باشقا پەنلەر ھەپتىدە بىر قىتىم

تاپشۇرۇققا قويۇلىدىغان تەلەپ قىتىم سانى چوقۇم تەلەپكە ئۇيغۇن بولۇش،مىقدارى ئاز بولۇپ قالماسلىق خاتاسىنى تۈزىتىپ ئىشلەشكە بۇيرۇپ قايتا تەكشۈرۈش....

بىر ئوقۇغۇچى مەيلى 1-يىللىق ياكى6-يىللىقتا بولسۇن ھەر ھەپتىدە ئەڭ ئاز بولغاندا20قىتىم تاپشۇرۇق ئىشلىشى كېرەك.

40ئوقۇغۇچى بار سىنىپتا 2خىل دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى بىر ھەپتىدە400قىتىملىق تاپشۇرۇقنى تەلەپ بويىچە ئىشلىتىپ ،تەكشۈرۈپ،خۇلاسە قىلىشى كېرەك.

ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھساپ بىلەن7سائەت دەرس ئۆتۈلىدۇ.ھەممە ئوقۇتقۇچى دەرستىن كېيىن ئۆگىنىش باشلىقىغا تاپشۇرۇقنى ۋاقتىدا يىغىپ ئىلىپ چىقىشنى بۇيرۇيدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ ئائىلىدە تاپشۇرۇق ئىشلەش شارائىتى ھازىرلانمىغان،(تاپشۇرۇق خەنزۇ تىلىدا بولغاچقا كۆپ قىسىم ئاتا ئانىلارنىڭ يىتەكچىلىك قىلىش شارائىتى يوق)

نەتىجە:ئوقۇتقۇچى ئامالىنىڭ يوقلىقىدىن تەكشۈرۈشكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن دەرس ۋاقتىنى قۇربان قىلىپ تاپشۇرۇقنى دوسكىغا يېزىپ بېرىدۇ،ئوقۇغۇچىلار دوسكىدىن ئەيلەپ سەپلەپ كۆچۈرىدۇ،ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ كۆچۈرۈش سەۋىيىسىنى قىممەتلىك ۋاقتىنى سەرىپ قىلىپ ››تەكشۈرۈپ‹‹چىقىپ تاپشۇرۇقنى خۇلاسە قىلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىنىڭ سەۋىيىسىنى بىكىتىپ چىقىدۇ،تۈرلۈك تەكشۈرۈشكە تاقابىل تۇرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن تاپشۇرۇقنىڭ قىتىم سانىنى تەلەپكە يەتكۈزۈپ ۋەزىپىسىنى ››ياخشى‹‹ئورۇندايدۇ،لىكىن تىتىم سانى ؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟

قىسمەن ئوقۇتقۇچىلار بۇ ئۇسۇلنى قوللانماسلىقى مومكىن ،لىكىن بۇ ئومومىيۈزلۈك ئەھۋال بولۇشقا ئاز قالدى.

تاپشۇرۇققا نىسبەتەن قاچانمۇ ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىسىمى يىنىكلەر؟مائارىپ ئىدارىسىنىڭئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىدىكى ››قارا قۇيۇن‹‹لىرى قاچانمۇ ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىقىپ يولغا قويار؟ bagdax, tamkin0998

(7)مائارىپ ئورۇنلىرى تاپشۇرۇقنى خىلى چەك قويغان ئىدى.لېكىن مەكتەپلەرگە كەلگەندە ئىجرا بولمايۋاتىدۇ.1-3يىللىقلىقچە بولغان بالىلارغا ئائىلىدە ئىشلەيدىغان تاپشۇرۇق بېرىلمەسلىك.4-يىللىقتىن يۇقىرى سىنىپتىكى بالىلارغا يېرىم سائەتتىن -بىر سائەتكىچە ئەتراپىدا تاپشۇرۇق بېرىش.ياندىشىما مەشىق بىر دەرسكە بىردىن بولىشى كېرەك.دەپ ئېنىق بەلگىلىمە بار.لېكىن قايسى مەكتەپ ،قايسى يىللىق ئوقۇتقۇچىلىرى ئەمەل قىلدى؟ھەم قانداق ئەمەل قىلدۇ؟يۇقۇردىن ››نەتىجە ‹‹.تۆۋەندىنمۇ ››نەتىجە‹‹.يەنە كېلىپ 12-17يىل ئوقۇسىمۇ ساۋادى چىقمايدىغان تۇرسا؟شۇ تاپشۇرۇق ئىشلىمىسە ،تەكرار يازمىسا ، قانداق ئەستە تۇتىدۇ؟.ياكى ئۇ خەت 32 تال بولمىسا؟بىسىپ ئۆگەنسە ئىككى ھەپتىدە ساۋادى چىقىدىغان بالىلا 17يىل ئوقۇپمۇ ساۋاتسىز تۇرسا؟ bagdax, gulamay

(8)تاپشۇرۇق مىقدارى توغرۇلۇق دۆلىتىمىزدىمۇ ئېنىق بەلگىلىمە بار، ئەمما ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر «ئىمتىھان مائارىپى»نىڭ قوماندانلىقىدا ئۇنى ئىجرا قىلىشتا قوش بىسلىق يول تۇتىۋاتىدۇ.
ئامېرىكىدا : ئىنسانلارنىڭ بىئولوگىيىلىك جەھەتتىكى يارىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، دۇنيادىكى كۆپىنچە ئەللەر چوڭلارنىڭ كۈندىلىك خىزمەت ئىشلەش ۋاقتىنى 8 سائەت قىلىپ بەلگىلىگەن. غەرب ئەللىرىدە بىر ئادەم 18 ياشقا كىرمىگۈچە بىر بالا ھېسابلىنىدۇ. چوڭلار كۈنىگە ئەڭ كۆپ بولسا 8 سائەت ئىشلەيدىغان بولغاندىكىن، بالىلارنىڭ ئىشلەيدىغان ۋاقتى، بولۇپمۇ ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ياكى ئۆگىنىش قىلىدىغان ۋە تاپشۇرۇق ئىشلەيدىغان ۋاقتى ھەرگىزمۇ 8 سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. شۇڭلاشقا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلەش ۋاقتىنى 2-سىنىپنى پۈتتۈرگۈچە 20 مىنۇتتىن كۆپ قىلماسلىق، 6-سىنىپقا بارغاندىمۇ ھەرگىزمۇ بىر سائەتتىن كۆپ قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلغان.
...ئىكەنلىكىنى بىز ئۆرنەك قىلىشىمىز كېرەك. ئىدىيىنى ئازات قىلىش جۇڭگودا بەك تەس، ئۇيغۇر دىيارىدا تېخىمۇ شۇنداق.

ئىسىل تېما يوللاپسىز ، سىزگە كۆپ ساۋاپلار بولسۇن! bagdax, ilim-pen

(9)باللىرىمىز تاپشۇرۇق دەستىدىن ئوينايدىغان پۇرسەتلىرىدىن ئايرىلىپ قىلىۋاتىدۇ. كەچتە قايتىپ كەلسە بەش ئالتە تاپشۇرۇقنى ئىشلىمىسە تېخى. ئاتا ئانىلارنىڭ باللىرىنى تاپشۇرۇق ئىشلەشكە قاتتىق مەجبۇرلىشى پەرزەنتلىرىمىزنى كىتاب ئېچىدىن چىقالمايدىغان ،تەپەككۇرى ئاجىزلىقىقا مەھكۇم قىلىۋاتىدۇ. بىچارىلەرنى كۆرسەم بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ. قارىساق كىچىككىنە سومكا كىتاپقا توشۇپ بالا ئېغىر يۈك دەستىدىن دۈمچەك بولۇپ قېلىۋاتقان ھەي ي ي . قاچانمۇ ئاز كىتاپ كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان بولار مۇۋشۇ باللا bagdax, akramjan99 .

## ئامېرىكا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى «كەسىپ تاللاش» پائالىيىتى

(10)رەھمەت ،بەك ياخشى مەزمۇنلاركەن. بولۇپمۇ ئەۋلاتلارغا كۆڭۈل بولۇش ، بالىلاردا كىچىكىدىنلا ئىجادچانلىق روھ يېتىلدۈرۈش جەھەتتە بىزنىڭ مائارىپىمىز ھەققەتەن بەكلا ئارقىدا . ھازىر باشلانغۇچ مەكتەپلاردەبىرسىنىپتا ئەڭ ئاز بولغاندىنمۇ 50تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار . بۇنداق ئەھۋالدا ئوقۇتقۇچىنىڭ سىنىپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل بولۇپ كېتەلىشىدىن سۆز ئېچىش تەس. bagdax, ayqiwar

(11)ئەسسالامۇ-ئەلەيكۇم بىلىمخۇمار ئاكا:
مۇشۇنداق مالاقاللەرنىمۇ كۆپرەك يوللاپ تۇرسىڭىز،گەرچە بىزلەردە بۇ ئۇسۇللارنى قوللانغۇدەك بەك چوڭ ئىمتىياز بولمىسىمۇ ئەمما توردىن پايدىلىنىش ،مۇشۇنداق تېمىلارنى كۆرۈش،ھەچ بولمىسائىئىلدە باللارنى ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىدىغان بىر خاراكتىي يېتىلدۇرەلىگۈدەك شارائىت بار! قاقشاش بىلەنلا ئۆتۈۋاتقان جەمىيتىمىزگە بار شارائىتتىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنالايدىغان،ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىدىغان،ئاز قاقشاپ كۆپ ئەمەلىي ئىش قىلىشقا پاتدىسى تېگىغان ماقاللەرنى،ئۇسۇللارنى كۆپلەپ تونۇشتۇرۇپ بەرسىڭىز،يەنە كىشنى ئۇمۇدۋارلىققا تولدۇردىغان ئەھەرلەرنى يوللاپ تۇرسىڭىز دىگەن ئۈمىتتە بىز!
ئاخىردا شۇنچە ۋاقتىڭىزدىن،ئارام ئىلىش ۋاقتىلىرىڭىزنى چىقىرىپ قىلۋاتقان ئەجىرلىرىڭىزگە كۆپلەپ رەھمەت ئېيتىمىز!سىزدىن پەخىرلىنىمىز! bagdax, yangen

(12)رەسىملەرنى كۆرۈپ ھەقىقەتەن ھەيران قالدىم.
ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېچقايسسىسى مەكتەپ فورمىسى كەيمەپتۇ،سىنىپىلارغا پارتا ئورۇندۇقلارمۇ رەتلىك تىزىلماپتۇ،ئەڭ قاپ يۇرەك يىرى تىخىچە داھىيلىرمىزنىڭ رەسىمنى تامغا ئاسماي قالايمىقان نەرسلەرنى چاپلىۋاپتۇ.
9-رەسىمدىكى شاكىچىكلەر توك سوقۇۋتىشتىن قورقماي››خەتەرلىك‹‹ئۇسكۈنىنىڭ يىنىغا كىلىۋاپتۇ.
8-رەسسىمدىكى يولۋاسنىڭ يۇرىكنى يىگەنلەر تىخى قورقماي ساقچىدىن سۇئال سوراپتۇ.
ئەھۋال چاتاق،مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ۋاقتىدا پاش قىلىپ بۇ مەكتەپنى تاقىۋتىش كىرەك bagdax, . tamkin0998

(13)مائارىپقا دائىر ، ئامىرىكا ۋە چەتئەل مائارىپىنىڭ سەرخىل جايلىرىنى تونۇشتۇرۇش ماقالىلارنى كۆپلەپ يوللاپ تۇرسىڭىز، بۇ ئۇيغۇر دىيارىمىز ئۈچۈن بەك مۇھىم. bagdax, ilim-pen

(14)بۇ ماقالىڭىز مېنى نۇرغۇن ئويلارغا سالدى ،گەرچە مەن بىر ئوقۇتقۇچى بولساممۇ ،لىكىن مەندىكى ھېسسىياتنى باشقىلارنىڭ پادىسىنى بېقىۋاتقان پادىچىنىڭ ھېسسىياتىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. ھېچنېمە ئۆزەمنىڭ ئەمەس. ئۆزەمچە ،بىر كۈنلەردە ئۆزەمنىڭ پادىسىنى باقىدىغان پۇرسەتلەر كەلسىكەن دەپ شىرىن خىياللارنىمۇ قىلىپ كېتىمەن .ئۆزەمنىڭ پادىسىنى باققاندا سىز ئېيتقاندەك نۇرغۇن ئۇسۇللارنى ئويلاپ تېپىشىپ تۇرغانلا گەپ .
bagdax, tewelgha

(15)ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بىلىمخۇمار ئۇستاز ؛ مانا بۇگۈنكى ئۇلۇغ جۈمە كۈندە ، سىزنىڭ يەنە بىر سەرخىل يازمىڭىزنى كۆرگىنىمدىن بەكمۇ خوش بولدۇم ، سىزدىن كۆپ مىننەتتار بىز ... چەتئەللەدىكى باللار مائارىپ تەربىيەسىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىلغار تەرەپلىرى كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇردۇ. بىزنىڭ پەرزەنتلىرمىزمۇ ئاشۇنداق مائارىپ ئۇسۇللىردىن پايدىلانسا نەقەدەر ياخشى بولغان بولغۇيتى ، بىزدىكى ئىلگىركى ۋە ھازىرقى قىلىپلاشقان ( باللارنى قارىلارچە ياتلاتقۇزۇش...) بىر قاتار ئوقۇتۇش ئۆرنەكلىرمىز ، شۇنداقلا ھازىرقى قوشۇۋېتىشتەك ئۇسۇللار قېتىلىپ پەرزەنتلەرنىڭ يۈكىنى زىيادە ئېغىرلاتماقتا ، دەرسلىك كىتاپلارنىڭ كۆپلۈكى ، تاپشۇرۇقلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە جىقلىقى بىلەن باللار گاڭگىراپ قالماقتا . بىزنىڭمۇ مائارىپ ساھەلىرمىزدە قايتىدىن يېڭىلىقلار ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەممە كىشىلىرمىز مۇختاج . ( الله دىن رەسۇلۇللاھنى ئۈلگە قىلىپ ئائىلىگە ساداقەتمەن بولۇپ ، بارلىقىمىزنى پەرزەنتلەرنىڭ

ئۆگىنىش ئىشلىرىغا بىغەشلايلى ، الله ھەممىمىزگە تەۋپىق ، ھىدايەت ئاتا قىلسۇن ! ئامىن !

››( 2 ) ئىلىم - پەن مۇسابىقىسى (Seience Fair ) . مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يىلدا بىر قېتىم تەبىئىي - پەن ، تېخنولوگىيە ۋە ئېنژېنېرلىق ساھەلىرى بويىچە بىرەر تەتقىقات تۈرلىرىنى ئىشلەپ ، بىر كۈنى ئۆنى ئۆز مەكتىپىدە كۆرگەزمە قىلىدۇ ، بۇ ئاساسەن بىر مەكتەپ تاپشۇرۇقى تەرەقىسىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ . مېنىڭ ئوغلۇم باشلانغۇچتا بىر قېتىم بىر تال باتارىيە بىلەن ئايلىنىدىغان ئېلېكترونلۇق ماتور ياسىغان ، مېنىڭ باللىرىمنىڭ ھەر ئىككىلىسى باشلانغۇچ مەكتەپتىلا ئىلمىي تەجرىبىلەرنى قانداق ئىشلەشنى ئۆگىنىپ بولغان ‹‹.

مانا بۇ قۇرلاردىن مەكتەپ ۋە ئائىلە ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتكە سەل قارىماسلىقىمىز . باللارنىڭ ئەتراپلىق بىلىم ئېلىشىغا بىر تەرەپنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقى ، ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ كۈچ چىقارغاندا نەتىجە ھاسىل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس . ئوغۇللىرىڭىزنىڭ تالانتىغا بارىكاللا ! ھەققەتەن ئىز باسار بولغۇدەك . ئاللاھ تائالا ؛ پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ سىزدەك ، مىللەت سۆيگەن پەخىرلىك ئۆيغۇر ئوغلانلىردىن بولۇپ چىقىشىغا ھىدايەت ئاتا قىلغاي ! ئامىن ! bagdax, Turk-Zat

(16)«سىز چوڭ بولغاندا نىمە بولىسىز؟ ئوقۇتقۇچى بولىمەن.»كىچىك ۋاقتىمىزدا ئوينىلىدىغان باللار دارامىسى ئېسىڭلاردا بارمۇ؟

ئالىي مەكتەپتە يەنىلا ئالىم بولىمەن،ئوقۇتقۇچى بولىمەن،ئىنژىنىر بولىمەن دەيدىغانلارنى دىگەنلەرنى ئەخمەق دەپ زاڭلىق قىللاتتى،«خېلى ئىش بىلدىغان باللا».ھەرگىز سىياسي بىلەن شۇغۇللانمايمەن،مەڭگۇ ئەخمەق ئۆتەپ كىتەي دەپ ئويلايتتىم،ھەي،قېيىشقاندەك يەنى شۇ تۇمۇر تاۋاقا قالدىم. bagdax, Method

(17)مۇئەللىملەرگە بەك مۇھىم ئۆگىنىش ماتېرىيالى بوپتۇ... رەھمەت! بولۇپمۇ مائارىپتىنڭ تايىنى قالمايۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە. bagdax, arkim

(18)قەلەملىرى زىيادە، دۈشمەنلىرى پىيادە بولسۇن...

سىلىنىڭ مۇشۇنداق ئىسىل يازمىلىرى باغداشنى ئۇيغۇرلارغا تونۇتۇۋاتىدۇ، ۋاقىت رايۇنى بويىچە ھىساپلىغاندا ھازىر سىلىنىڭ ئارام ئالىدىغان، ئويدىكىلەر بىلەن جەم بولىدىغان ۋاقىتلىرى ئىدى، ئۇندىن باشقا ئامىرىكىدا ھەر بىر كۈن ھەر بىر سائەتنى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرىپ قىلىدۇ، ھەر كۈنلۈك ئىشلار جۇملىدىن خىزمەت ئۆگىنىش، ئارام ئىلىش، ئۇچرىششلار ئالدىن بەلگۈلەنگەن بولىدۇ، مۇشۇنداق زىچ ۋاقىتلىردىن پايدىلىنىپ، ئىسىل يازمىلارنى تەقدىم ئىتىشىڭىز ھازىرقى زامان زىياللىرىغا شۇنى ئىسپاتلاپ بىردۇكى، بىلىم قانچىلىك ئۆگەنگەنلىكتە ئەمەس، بەلكى قانچىلىك قالدۇرغانلىقتا! بىز سىلىنىڭ تىملىرىغا تەشنا. bagdax, xogqar0998

(19)بىلىمخۇمار ئۇستاز مەن سىزنىڭ يازمىلىرىڭىزغا ئەڭ ئامراق. مەن يىڭى تىزىملىتىپ كىردىم ،لىكىن باغداشنى بۇرۇندىن تارتىپ زىيارەت قىلىپ تۇرىمەن.يەنە شۇنداق ياخشى تىما يوللىغىنىڭىزغا راخمەت.قولىڭىزغا دەرت بەرمىسۇن. bagdax, al-yari

(20)بىز نىڭ بۇ شارئىتىمىزدە قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ دىيارىمىزدا ھەرخىل ئۇسۇللارنى سىناپ بېقىۋاتىدۇ..قوشتىل مائارىپى ، ساپا مائارىپى،دىگەندەك... پەرزەنتلىرىمىزنى قانداق تەربىيلەيمىز؟بىلىمخۇمار ئاكا ئۆز قارىشىڭىزنى دەپ بېقىڭ

؟؟

مۇشۇ پەرزەنت تەربىيلەش ھەققىدىكى يازمىنى تىزراق يوللارسىز ھە..! باللىرىمىزنى ئىمانلىق ھەم بىلىملىك ياخشى مۇسۇلمانلاردىن قىلىپ تەربىيلەش بىز ئاتا-ئانىلارنىڭ مەجبۇرىيتى ..بۇرۇنقى بىلىكتىكى يازمىلاردا ئوغلىڭىزنىڭ يۇقىرى نومۇر ئېلىپ داڭلىق ئالى مەكتەپكە ئۆتكەنلىكىنى كۆرگەن..ئۆز تەجرىبىڭىز ۋە شۇنداقلا ئامرىكىلىقلارنىڭ بالا تەربىيلەش ئۇسۇلى ۋە ئىسلامدا پەرزەنت تەربىيلەش ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ ماقالە سۇنىشىڭىزغا قاراشلىق. bagdax, armorking

(21)ھەر بىر مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشلەر ئۇچۇن ياخشى يازما ئىكەن. ھازىر بىزنىڭ مائارىپىمىزدا قۇرۇق شۇئارلار كۆپ. لېكىن ئەملىي ئىشلار ئاز. bagdax, ilterbir107

(22)رەھمەت سىزگە بىلىمخۇمار ئاكا. يولدىشىم سىزنىڭ گېپىڭىزنى كۆپ قىلىپ بېرىدۇ. بۇ تېمىڭىزنى ئوقۇپ بىرخىل ئىدىيەم تېخىمۇ بەك ئېچىلغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم.bagdax, 0999guzel

(23)ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەركىن ئاكا ، مەن بىر ئوقۇتقۇچى 2010-يىلدىن باشلاپ مائارىپ ۋە ئۆزىڭىزنىڭ كەسپ تاللاش ، ئوقۇش ھاياتىڭىز توغۇرسىدىكى ماقاللىرىڭىزنى قويماي ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن ، بەزى ماقاللىرىڭىزنى تاللاپ ئوقۇغۇچىلىرىمغا ئوقۇپمۇ بەردىم ، مۇشۇنداق يازمىلارنى يېزىپ بىزگە سۇنغانلىقىڭىزغا سىزگە تەشەككۇر ئېيتىمەن.
مىنىڭ ئامېركا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش پىراگىرامىمىسى ، دەرسلىك كىتاب دىگەندەكلەر ھەققىدە تېخىمۇ تەپسىلىراق ماترىياللارنى كۆرگۈم بار ئىدى ياكى ئوقۇتقۇچىنىڭ بىرەر سائەتلىك چەتئەل تىلى دەرسىنىڭ لېنتىسى دىگەندەكلەر بولسىمۇ بۇلىدۇ ، چۇنكى يۇرتىمىزدا ھازىر قوش تىل مائارىپ ئەندىزىسى يولغا قويۇلغاچقا ئوقۇغۇچىلار كۇنگە ئاز دىگەندە ئىككى سائەتتىن خەنچە ئۆگىنىدۇ ، باشلانغۇچتا ماتىماتىكا دەرسىمۇ خەنچە ئۆتىلگەچكە باشلانغۇچ تۇلۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلاردا ئىككى قۇتۇبقا بۆلۈنۈش ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر يەنى ئاتا-ئانىسى كۆڭۈل بۆلەلىگەن ، ئىقتىسادى يار بەرگەنلىرى پەرزەنتلىرىنى ئايدا 200-300يۈئەنگىچە ھەق تۆلەپ دەرستىن كيىن مەخسوس تاپشۇرىقنى ئىشلىتىدىغان ئوقۇتقۇچىغا تاپشۇرىدۇ ، بۇنداق ئوقۇغۇچىلار سىنىپتا بىر قەدەر ئالدىدا ماڭىدۇ ، ئۆگىنىشكىمۇ قىزىقىدۇ بىراق بۇنداق ئوقۇغۇچىلار بارلىق زېھنىنى خەنزۇتىلى ئۆگىنىشكە ، ماتىماتىكىنى خەنزۇتىلى تەپەككۇرى بۇيىچە چۈشىنىشكە تىرىشقاچقا ئانا تىلدىكى تەپەككۇرى بەك ئاجىز ، يېزىقچىلىق سەۋيىسى تۆۋەن .
يەنە بىر قۇتۇپتىكىلەر بۇ ئەھۋال يېزا ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە ئىنتايىن ئېغىر ، يەنى خەنزۇچەدەرسلىكنىڭ قويغان تەلىپى ئىنتايىن ئېغىر ، تىل مۇھىتى كەمچىل بولغاچ (ئاساسلىق ئويغۇرلار بولغاچقا ئۆگەنلىرىنى سىنىپتىلا قالىدۇ )ئوقۇتقۇچىلار تېخىمۇ بەك كۈچەيدۇ ، كىتاب خەنزۇچە ئوقۇغۇچىلار ئۇنى چۈشەنمەيدۇ شۇڭا ئوقۇتقۇچى تەرجىمە قىلىپ سۆزلەپ بۇلۇپ ئاندىن خەنزۇچە چۈشەندۇرۇشكە مەجبور بۇلىدۇ ، بۇنداق ئەھۋالدا ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشتىن ئاسانلا زېرىكىپ يا خەنزۇتىلنى تۈزۈك ئۇقمايدۇ ئەلۋەتتە ماتىماتىكىدىن سۆز ئاچقىلى تېخىمۇ بولمايدۇ ، ئانا تىلدىكى ساۋادى باشلانغۇچنى پۈتتۈرگىچە چالا ، بىرەر پارچە رۇخسەت سوراش خېتىنى ئوڭلاپ يازالمايدۇ .
بىر ماتىريالدىن كۆرۈشۈمچە چەتئەلدىمۇ قوش تىل مائارىپ ئەندىزىسى يولغا قويۇلۇپ ئوڭۇشلۇق بولغان ئىكەن ، يەنە كېلىپ ھازىر بىز يولغا قويۇۋاتقانغا ئوخشاش (مەن بۇنى خەنزۇچە ماتىريالدىن كۆرگەن)ئۇنداقتا ئۇلار يۇقىرقىدەك مەسىللەرگە ئۇچرىغانمۇ يوق ؟ ئۇچرىغان بولسا قانداق ھەل قىلغان ؟ مىنىڭ مۇشۇلارنى بەكمۇ بىلگۈم بار ، ئەگەر

ۋاقتىڭىز يەتسە مۇشۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ بەرگەن بولسىڭىز سىزدىن كۆپ مىننەتدار بولغان بۇلاتتىم ، مۇشۇ تېمىنى كۆرگەن ئوقۇتقۇچىلارمۇ پىكىر قاتناشتۇرۇپ يۇقارقى مەسىلەرنى قانداق ھەل قىلىش ھەققىدە پىكىر قاتناشتۇرۇپ باقساق قانداق بۇلار ؟ bagdax, uyghuray

(24)ئەھمىيەتلىك تىما ئىكەن. بىزدەك چەت يېزلاردا ياشاۋاتقانلارغا نىسبەتەن ئالىملىرىمىزنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ لىكسىيە سۆزلەپ بىرىشى قىيىن بولامىكىن.بىراق بۇنى مىللەت سۆيەر كەڭ خەلىق ئوقۇتقۇچىلىرىمىز،جۈملىدىن ئاساسى قاتلامدىكى سىنىپ مەسئۇللىرىمىز ئەستايىدىل ئويلىنىپ،مىللەتنىڭ ئۈمىدى بولغان ياش غۇنچىلارغا توغرا بولغان يول كۆرستىپ بىرەلەيدۇ دەپ ئويلايمەن.

ئادىللىق (Fairness)
--مەسئۇلىيەتچانلىق (Responsibility)
--ھۆرمەت (Respect)
--باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش (Caring)
--گراجدانلىق (Citizenship)
--ئىشەنچلىك بولۇش (Trustworthiness)

يۇقارقى سىنىپلارغا يېزىلغان سۆزلەر ماڭا ناھايىتى تەسىر قىلدى.مىنىڭچە بۇلارنى باللارغا كىچىكىدىن ئۆگۈتۈش ناھايىتى مۇھىم بولسا كىرەك.شۇڭىلا جەمىيىتىمىز يەنىمۇ بىر قەدەم مەدىنىلەشكەن بولاتتى!ئامىرىكا باشلانغۇچ مائارىپىدا يۇقارقى تەربىيىنى قانداق ئىلىپ بارىدىغاندۇ؟ bagdax, doppa2000

جاۋاب:
مەن كېيىنچە ئامېرىكىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىمۇ ئىزدىنىپ باقاي.

بىر قېرىندىشىمىز ئامېرىكا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە قانچىلىك تاپشۇرۇق بېرىلىدىغانلىقىنى سوراپتىكەن. مەن بۇرۇن بىر ماتېرىيالدا ئامېرىكىدا ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىرىلىگە ئاساسەن، 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا 10 مىنۇتلۇق، 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا 20 مىنۇتلۇق، 6-سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بىر سائەتلىك بولۇپ، ھەر بىر يىللىققا بېرىلىدىغان تاپشۇرۇقنىڭ مىقتارىنى 10 مىنۇتلۇقتىن قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. مەن بۇ ئىشنى بۈگۈن بىر قانچە باشلانغۇچ مەكتەپ باللىرىدىن سوراپ كۆرسەم، تاپشۇرۇق مىقتارى ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ئىكەن.

ھازىر غەرب ئەللىرىدە «بالا تەرەققىياتى» (Child Development) كەسپىدە ئوقۇغان، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان، ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەيدىغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز بار. بولسا ئاشۇ قېرىنداشلارمۇ ئۆزىنىڭ كەسپىي ساھەسىگە ماسلاشتۇرۇپ، چەت ئەلنىڭ ئىلغار نەرسىلىرىنى ئۇيغۇر دىيارىدىكى خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇپ قويغان بولسا بەك ياخشى بولار ئىدى. بۇنداق قىلىش ئۇيغۇر دىيارىدىكى سىياسەت تۈزۈش جەريانلىرىغا بەك چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما، قولىدىن كېلىدىغان مائارىپچىلىرىمىز ئىمكانىيەت بولسىلا بەزى ئىلغار نەرسىلەرنى سىناپ بېقىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا مەن چەت ئەلدىكى قېرىنداشلارنىڭ بۇ ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن. قىلىدىغان ئىشلار بەك كۆپ

بولۇپ، مەن ئۆزەم يالغۇز يېتىشەلمەي قېلىۋاتىمەن.

(25)بىلىمخۇمار ئۇستاز سىزنىڭ ھەر بىر يازمىڭىزنىڭ بىز ئۈچۈن شۇنداق قىمممىتى بار . بىز ھازىر بالىلارغا تاپشۇرۇق بېرىش ۋە بالىلارغا دەرسنى ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتلەردە ئاز بولمىغان قېيىنچىلىققا يولۇقىۋاتىمىز. ئۈرۈمچىدەك شەھەر مەكتەپلىرىدە بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقا رايونلاردا بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان بالىلار سانى 60~70بولغاچقا ئوقۇتقۇچىلار دەرس سۆزلەش ۋە قىزىقتۇرۇش جەھەتتە يولۇققان مەسىلە ئاز ئەمەس . باشلانغۇچ مەكتەبنىڭ بىر سىنىپىدا 30~40بالا بولسا نورمال ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلار دەرسنى ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتە تۇسالغۇ ئاز ئەمەس . ماتېماتىكا دەرسلىك كىتاب خەنسۇچە. كىتاپنى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە سۆزلەپ دەرسلىك كىتابنى بەلگىلەنگەن بىر ماۋسۇم ئىچىدە تۈگىتىشىمىز كېرەك. بۇنداق بولغاندا دەرسنىڭ ئۈنۈمگە بەكمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ بالىلارنىڭ ئائىلىدە دەرسنى تەكرارلاپ چۈشەندۈرۈپ قويغىدەك ئاتا-ئانىلارمۇ كۆپ ئەمەس. دەرسنى ئوقۇغۇچىلارغا بىلگىدەك ئۆتۈش ھەر بىر ئوقۇتقۇچى ئويلايدىغان ئىش . لېكىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمىلىي ئەھۋالنى كۆزدە تۇتمايمۇ بولمايدۇ.bagdax, iltebir107

(26) تىمدا دېيىلگەندەك، بۇلتۇر بالامنى شەخسى يەسلىگە بەرگىنىمدە بالىلار ئاز بولغاچ ئۇيۇنچۇق ئويناش ۋاختى كۆپرەك بولغاچ بالاممۇ ئاسانلا ئۆگۈنۈپ قالغان ئىدى، بۇ يىل ئۇ يەردىمۇ بالىلار كۆپىيىپ كېتىپ، سىنىپتا كارتون كۆرۈپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت كۆپرەك بولغاچ بالام بارغىلى ئۇنىماي يىغلاپ تۇرىۋىلىۋاتىدۇ.
ھازىر بىراقلا شۇ يەرگە تاپشۇردىغان 500 يۈەننى قاتلاپ ئايرىم بالا باققۇچى تەكلىپ قىلايمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن.
bagdax, ablimit

## پاتېنت ھوقۇقىغا قانداق ئىلتىماس قىلىدۇ؟

(27)پاتېنت ئىلتىماس قىلىش جەريانىنى ئەركىن سىدىق ئاكىمىز ناھايىتى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپتۇ. مەنمۇ خېلى كۆپ ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەرخىل كەشپىياتلارنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى پات-پات ئاڭلاپ قالىمەن، لېكىن ھەممىسى ئاساسەن دىگۈدەك جۇڭگۇدا پاتېنت ئالالمايدىكەن. ياكى بولمىسا پاتېنت ئېلىش جەريانى بەك مۇرەككەپ بولۇپ كېتىپ، ئارلىقتا كەشپىياتنى باشقىلارغا ئوغۇرلىتىپ قويىدىكەن.bagdax, yiltiziuyghur

(28)ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەركىن سىدىق ئاكا!
سىلىنىڭ ياردەملىرىگە ۋە مەسلىھەتلىرىگە ئېرىشىپ كىلىۋاتقان بارلىق ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىلىگە رەھمەت ئېيتىمەن. سىلىنىڭ كەمتەرلىكلىرى ھەقىقەتەن ئادەمنى تولىمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ.
بۇ تېما ھەقىقەتەن كەشپىياتچىلارنىڭ سەگەك ۋە ھۇشيار بولۇشىغا تۈرتكە بولىدىكەن. بىزنىڭ غېمىمىزمۇ قانداق قىلغاندا پاتېنتقا ئېرشەلەيمىز ۋە پاتېنتىمىزنى ياخشى قوغدىيالايمىز دىگەن مەسىلىدە.bagdax, motiwarlar

(29)يۇقۇردا ئەركىن سىدىق ئاكىمىز پاتېنتقا ئىلتىماس قىلىش تەرتىۋىنى ناھايىتى تەپسىلى چۈشەندۈرۈپتۇ. مىنىڭ بىلىشىمچە ئامېرىكىنىڭ پاتېنت ئىلتىماس قىلىش تەتىپى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ پاتېنت ئىلتىماس قىلىش جەريانى ئاساسى

جەھەتتىن ئوخشايدىكەن . بىراق دۆلىتىمىزدە پاتېنت ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ ، تاشقى لايىھە پاتېنتى ، ئەمەلىي ئىشلىتىشچانلىقتا ئىگە پاتېنت ۋە كەشپىيات پاتېنتى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ ، پاتېنت ئىلتىماس قىلىش پۇلى 2000 يۈەندىن 3000 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ ، پاتېنت كېنىشكىسى كەلگەندىن كېيىن شۇ يەر تۈرۈشلۇق بىلىم مۈلۈك ئىدارىسى تۆلىگەن پۇلىنىڭ 75% نى ئاتچوت قىلىپ بېرىدۇ . ئۈچ خىل پاتېنتنىڭ پاتېنت قوغداش يىل چەكلىمىسى بولۇپ ، ئۈچ خىل پاتېنتنىڭ يىل چەكلىمىسى ئوخشاش بولمايدۇ ، يىللىق قوغداش پۇل ئالىدۇ ، ھەققى 100 يۈەن ئەتراپىدا ، بۇ پۇلنىمۇ ئاتچوت قىلىپ بېرىدۇ . ئىلتىماس قىلىش ۋاقتى ئادەتتە بىر يىل ئىچىدە بېجىرىلىپ بولىنىدۇ ( مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال ۋە ھەققىنى ۋاقتىدا تاپشۇرسا) . يۇقۇردا ئەركىن سىدىق ئاكىمىز ۋە باشقا بۇرادەرلەر دىگەندەك ئويغۇرلار ئارىسىدا پاتېنت ئىلتىماس قىلدىغانلار ناھايىتى كۆپ ھەم ئىلتىماس قىلغان پاتېنتى ناھايىتى ئىلغار . تولىمۇ ئەپسۇس ، شۇ خىل پاتېنتنى بازارغا يۈزلەندۈرگەنلەر ناھايىتى ئاز .

تۆۋە ! مۇنداقمۇ توغرا كىلىپ قالغان بارمۇ . مەن مۇشۇ ئىنكاسلارنى يېزىۋاتقىنىمدا قول تېلفۇنىمغا تۇيۇقسىزلا تۇرپان ۋىلايىتىدىن بىر تېلفۇن كەلدى ، ئالسام تۇرپان شەھەرلىك بىلىم مۈلۈك ھوقۇق ئىدارىسىدىن بىر خەنزۇ يولداش تېلفۇن قىلىپتۇ ، نىمە ئىش دىسەم سىلەرنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىدە پاتېنت ئىلتىماس قىلىش خىراجىتىنىڭ ئەملىيلىشىش ئەھۋالى قانداق دەپ سورىماسمۇ ، مەن دەرھال مىنىڭ تېلفۇن نۇمۇرىمنى قانداق تاپقانلىقى ۋە باشلىقمغا تېلفۇن قىلشىنى دەپلا قۇيۇۋەتتىم . زامان ئاخىرىغا ئاز قالدىمۇ قانداق. bagdax, kuqaroghli.

## باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى خەلقئارا ئالەم پونكىتى بىلەن سۆزلەشتى

(30)رەخمەت ئەركىن ئەپەندى. بىزگە يەنە بىر نادىر ئەسەرنى ، يېڭى ئوقۇش باشلىنىش ئالدىدا يوللاپسىز. بۇ ئەسىرىڭىزدىن ئىنتايىن تەسىرلەندىم ،ھەم كۆڭلۈم يېرىم بولدى. نىمە ئۈچۈن دىسە ،ھەققەتەن باشلانغۇچ مائارىپى پۈتۈن مائارىپنىڭ ئاساسى، يىلتىزى. باللار مەكتەپكە يىڭىدىن كىرگەندە ئىنتايىن خۇشال-خۇرام كىرىدۇ، لىكىن بىرقانچە كۈن ئۆتە ئۆتمەيلا مەكتەپتىن رايى قايتىشقا باشلايدۇ.چۈنكى كۆتۈرگۈسىز سومكا، تۈگمەس تاپشۇرۇق!!!. تىخى باللا باغچىسىدا خالىغاندا بىرىپ خالىغاندا ئۇيناپ كۈنۈپ قالغان 6-7 ياشتىكى باللاغا نىسبەتەن ناھايىتى ئىغىر بىسىم.

يەنە بىرى مەكتەپلەردە ھىچقانداق پائالىيەت يوق دىيەرلىك. باللانى سىرتلارغا ئەپچىقىپ كۆرگەزمىلەرگە ئاپىرىش،مۇزېيلارنى ئىكۇسكۇرسىيە قىلدۇرۇش دىگەنلەردىن سۆز ئىچىش ئەسلا مۇمكۈن ئەمەس.مەكتەپمۇ ئەنسىرەپ تەشكىللىمەيدۇ. ئاتا ئانىلارمۇ ئىۋەتمەيدۇ. ھەتتا مەكتەپ ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەركەت مۇسابىقىلىرىغىمۇ (يىنىك ،باللاغا ماس بولغان)قاتناشتۇرمايدۇ. تىخمۇ ئادەمنىڭ غەزىۋىنى كەلتۈرىدىغان بىر ئىش، ئاتا- ئانىلار كىلىپ باللىرىنىڭ سىنىپى تازلاپ بىرىش ،بىزەپ بىرىش!!بۇلارنى نىمە دىگۈلۈك؟بۇنداق ئەھۋالنىڭ ئاقىۋىتى نىمە بولىدۇ؟مۇشۇنداق ئىغىر بىسىم ،پەپىلەش، ئاتالمىش ئاياش ھەتتا تاپشۇرۇقلىرىنى ئاتا ئانا بولغۇچىنىڭ ئىشلەپ بىرىش قاتارلىق قىلمىشلار باللانى قانداق يېتىلدۈرىدۇ؟ئۇلاردا ئىجاتچانلىق روھى نىمە قىلىدۇ؟ ، شۇ بىر توپ نان قىپى، پوچى ، ھاكاۋۇر ، لامزەللە، ھورۇن ،خىيال پەرەس ،يالغانچى، قىزىل كۆزلەر يىتىشىپ چىقمايدۇ دەپ كىم ئىيتالايدۇ؟

مىنىڭچە بۇ ئەسىرىڭىزنى ئوقۇغان توراداشلىرىمىزمۇ نۇرغۇن چىگىش خىياللار بىلەن نىمە دىيىشنى ،قانداق قىلشنى بىلەلمەي تۇرىشى مۇمكىن ، شۇڭا مەندەيمەنكى بۇئەسەردىن ئىلھام ئىلىپ ،باللانىڭ تەبەككۇرىنى ئاچىدىغان ، بىسىم قىلىۋالمايدىغان ، مەيلى بىز نەدە ياشايلى ،قانداق مائارىپ ئەندىزىسىدە ئوقۇتايلى كۈنۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىمىز مۇۋاپىق شارائىتنى باللىرىمىزغا يارىتىپ بىرەيلى . مۇزېيلاغا ، ئىكۇسكۇرسىيەلەرگە، مۇسابىقىلەرگە، باغچىلارغا ،

تاغلارغا ئەپ چىقايلى. بىر ھەپتىدە ئىككى كۈن دەم ئېلىش ، ھېيت بايراملاردا ئۆزىڭىزنىڭ شەخسى ئىشىدىن كىچىك، بارسىمۇ بولىدىغان -بارمىسىمۇ بولىدىغان تويي تۆكۈن ،ئولتۇرۇشلارغا بارماڭ.ياكى كۆڭلىڭىزنى ئىۋەتىپ قويۇڭ. سىز شۇ ئىشلارغا قوپقاندا كىم نەدە كىم بىلىدۇ؟

پەرزەنت سىزنىڭ ،ئاللا سىزگە ھەدىيە قىلغان سوۋغا. پەرزەنتىڭىزنىڭ خۇشاللىقى سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىز. بالىڭىزنىڭ كۆزىدىن ياش ئاقسا سىزنىڭ يۈرىگىڭىزدىن قان ئاقىدۇ . پەرزەنت سىزنىڭ پەخرىڭىز. ئائىلە ،جەمەتىڭىزنىڭ پەخرى. سىزنىڭ پۈتۈن ئۈمىدىڭىز ،غايىڭىز كەلگۈسىڭىز بالىڭىزدا قىرىندىشىم . شۇڭا مىنىڭ تەۋسىيەرىم بالا ئۆزىڭىزنىڭ . خەقتىن ئاغرىنماڭ. بالىڭىز ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرىڭ،بالىڭىز ئۈچۈن مەبلەغ سېلىڭ، مېھرىۋانلىق بىرىڭbagdax, gulamay .

(31)ناھايىتى ئەھمىيەتلىك تېمىدىن بىرنى يوللاپسىز ،سىز دېگەندەك باللىرىمىزنى ئىلىم -پەننى سۆيىدىغان قىلىش ئۈچۈن ، كىچىگىدىن تارتىپ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەملى پائالىيەتلەرگە كۆپرەك تەشكىللەپ باللارنىڭ قىزىقىشىنى كىچىكىدىن قوزغىشىمىز لازىم ئىدى .بىراق بىزنىڭ بۇ يەردە ئىمكانىيەت يوق ، مىللىتىمىز ئىچىدىكى خېلى كۆپ ساننى ئىگىلەيدىغان كىشىلىمىزنىڭ ئىڭىدا ئىلىم-پەن ئۆگەنگەنلىك ئىسلام دىنى بىلەن قارشىلاشقانلىق بىلەن باراۋەر ، باللىرىمىز كىچىكىدىن تارتىپ مانا مۇشۇنداق ئىدىيەنىڭ سەلبى تەسرى ئاستىدا چوڭ بولىدۇ باللارنىڭ تەبئى پەن ئۆگىنىش قىزغىنلىغى بۆشىگىدىلا بوغۇۋېتىلگەن .ئۇنىڭ ئۈستىگە شارائىت مەسلىسى قوشۇلۇپ ،بۇ مەسلە تېخىمۇ ئېغىرلاشماقتا .ئۇيغۇر مائارىپى سىزگە ئوخشاش نۇرغۇن ئالىملىرىمىزنىڭ كۆڭۈل بولىشىگە موھتاج .. bagdax, tewelgha

مېنىڭ جاۋابىم:

مەن تېخى تۈنۈگۈن ياسىر قازىنىڭ «مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن لېكسىيسىنىڭ 38-قىسمىنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭدا ھىجران كالېندارىنىڭ 2-يىلى، مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ ئارىلىقىدىكى بادىر دېگەن يەردە يۈز بەرگەن بىر ۋەقە سۆزلىنىپتۇ. بۇ ۋەقە مۇنداق ئىكەن: قۇرەيشنىڭ ئادەملىرىنىڭ بىر 1000 تۆگىلىك كارۋىنى بىر چوڭ سودىدىن قايتىپ، مەدىنىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، مەككىگە قاراپ ماڭىدۇ. بۇ كارۋاننى ئېلىپ ماڭغان قۇرەيشنىڭ ئادەملىرىنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولۇپ، بۇنى قوغدايدىغان ئەسكەرلەرمۇ ناھايىتى ئاز ئىكەن. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ 300 دەك ئادەملىرىنى ئېلىپ، بۇ كارۋاننى قولغا چۈشۈرمەكچى بولىدۇ. ئەمما قۇرەيشنىڭ ئادەملىرى بۇ ئىشنى بىلىپ قېلىپ، دەرھال بىر مىڭدىن كۆپرەك ئەسكەر تەشكىللەپ، ئۇلارنى ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا نىسبەتەن ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان بولۇپ، ئاشۇ ۋەدىسى بويىچە ئاللاھ بىر مىڭ پەرىشتە ئەۋەتىدۇ. قۇرئاندىكى 8-سۈرە پۈتۈنلەي مۇشۇ ۋەقە ھەققىدە ئىكەن (بادىر ۋەقەسى ھەققىدە 38-قىسىمغىچە ياسىر قازى جەمى 4 لېكسىيە سۆزلەپ بولدى، ئەمما بۇ ۋەقە ھەققىدىكى مەزمۇن تېخىچە تۈگىمىدى. يەنى، ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسى ئىنتايىن تەپسىلي بولۇپ، مەن بۇ يەردە ئۇنىڭ پەقەت ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنىلا تىلغا ئالدىم). ئەمما، بۇ پەرىشتىلەر كېلىپ، قۇرەيشنىڭ ئادەملىرىنى بىراقلا يوق قىلىۋەتمەيدۇ (ياسىر قازىنىڭ دېيىشىچە، پەرىشتە جىبرىل 600 دانە قانىتىنىڭ بىرسىنى بىر شىلتىش بىلەن بىر كەنتنى تۈزلىۋېتەلەيدىكەن). ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا قاراپ تۇرۇپ، پەقەت ئۇلارنىڭ كۈچى يەتمىگەن، ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان ۋاقىتىدىلا ئاندىن ياردەم قىلىدۇ. بۇ لېكسىيىدە ياسىر قازى قايتا-قايتا تەكىتلىگەن بىر نەرسە شۇكى، ئەگەر سىز ئەقلىڭىزنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىشلىتىپ، جېنىڭىزنى تىكىپ، ئۆزىڭىزنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ، قاتتىق تىرىشمىسىڭىز، ئاللاھ ھەرگىزمۇ سىزگە ياردەم قىلمايدۇ. بۇ ۋەقەدە يۈز بەرگىنى بىر ئۇرۇش بولۇپ، ئۇنى ھازىرقى

زامانغا تەدبىقلىساق، ئەگەر بىز ئەقلىمىزنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىشلىتىپ، جىنىمىزنى تىكىپ، ئۆزىمىزنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ، قاتتىق تىرىشىپ، تەبىئىي-پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق ۋە ماتېماتىكا ئىگىلىمىسەك، نۆۋەتتىكى زاماندا ئاللاھ ھەرگىزمۇ بىزگە ياردەم قىلمايدۇ. مەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى دىنىي يېتەكچىلەردىن بادىر ۋەقەسى ۋە 8-سۈرىنى قايتا ئۆگىنىپ، ئۇنى ھازىرقى زامانغا توغرا تەدبىقلاپ، خەلقىمىزگە توغرا يېتەكچىلىك قىلىشنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

مەن بۇ ئىنكاسنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، پەقەت ئېسىمدە قالغان ئۇچۇرلارغا ئاساسلىنىپلا يازدىم. ھەمدە ئۇنى بىرەر يېقىنىمنىڭ تەھرىرىدىن ئۆتكۈزمىدىم. شۇڭا مەن ئوقۇرمەنلەردىن ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى ئەپۇ قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

(32)رەھمەت سىزگە ئەركىن ئاكا ،ئامرىكا مائارىپىدىن بىزگە ئۇچۇر بەرسىڭىز بىزدەك مائارىپچىلار ئازدۇر- كۆپتۇر بىرنىمە ئۆگەنگەندەك بۇلۇدىكەنمىز ،ھەر ھالدا نىمنى قىلىپ ،نىمنى قىلالمىغانلىقىمىزنى بولسىمۇ بىلسەك ھەرھالدا قۇرۇقتىن قۇرۇق ۋايىسغاندىن كۆپ ياخشى. قۇلۇمىزدىن كەلگەننى قىلىپ تۇرايلى،
bagdax, harzat

(33)تۇنۇگۇنكى ئۇرۇمچى تېلېۋىزيە خەۋىرىدىن قارىغاندا ، ئۇرۇمچىدىكى ئايرىم مەكتەپلەردە يېڭى قوبۇل قىلىنغان 1-سىنىپ باللىرىغىمۇ ھەربى مەشىق دەرسى ئورۇنلاشتۇرىلىپتۇ ،7ياشلىق باللار ئېغىر مەشىققە بەرداشلىق بېرەلەمۇ ؟ئىدىيسىنى توغۇرلايمىز دەپ بەدىنىنى بۇزۇپ قويارمىزمۇ ؟ مائارىپىمىزدا سولچىللىق سەل چەكتىن ئېشىپ كېتىۋاتامدۇ قانداق ؟ bagdax, tewelgha

(34)ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ،بىلىمخۇمار ئاكا. تېمىڭىزنى كۇرۇپ تولىمۇ ھاياجانلاندىم.ئامرىكا مائارىپىنىڭ ئالىملارنى يىتىشتۇرۇپ چىقالىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم.ھەقىقەتەن ئۇقۇغۇچىلارنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق قىززىقتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش كېرەك.لىكىن بىزنىڭ مائارىپ بولسا يەنىلا شۇ شەكىلى مائارىپتىن چىقىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. ئۇقۇتقۇچىلارغا ئاتا ئانىلارغا ياخشى بىر دەرس ئۇتۇپ بەردىڭىز. ئۇلۇغ ئاللاھ تىنىڭىزگە سالامەتلىك ئىشلىرىڭىزغا ئۇتۇق ئاتا قىلسۇن.يەنە نادىرتېمىللىرىڭىزغا تەقەززارمىز.

tewelgha gha jawab:
قېرىندىشىم ئويلاشماي گەپ قىلىپ قويۇپسىز. مىللىتىمىز ئىچىدە ئىلىم پەن ئۆگىنىش قىزغىنلىقى بۇرۇنمۇ يۇقىرى ئىدى .ھازىر تېخىمۇ يۇقىرلاۋاتىدۇ. دىن بىلەن قارشىلاشقانلىق دەيدىغان ئاڭدىكىلەر يوق دىيەرلىك.ئۇلار شۇ نادانلىقتا قالغان چەت رايۇنلاردىكى ساددا كىشىلەرنىڭ قارشى. لىكىن كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلار بىلىم ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بىرىۋاتىدۇ.ئېسىمدە قېلىشچە باشلانغۇچتا ئۇقۇتقۇچى چوڭ بولغاندا نىمە بولىسلەن دىسە «ئالىم،ئاسترونوم،ماتىماتىكا ئالىمى،يازغۇچى»دەپ جاۋاب بېرەتتۇق.دىيارىمىزدا مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتىمۇ تەبئى پەن ساھەسىدە كۆرەش ئىبراھىم ،ساھىبجامال دۆلەت قاتارلىق يېتەكچىللىرىمىز چىقىۋاتىدۇ. مىنىڭ يەنە بىر گېرمانىيەدە كىۋانت مىخانىكىسى بۇيىچە دوكتۇرلۇق ئۇنۋانى ئالغان ساۋاقدىشىم بار.بۇنداقلار يىلسىرى كۆپىيىۋاتىدۇ.ئۇقۇغۇچىلاردىكى بەزى خاراكتىرنىڭ يىتىلىشى دۆلىتىمىز مائارىپىنىڭ مەھسۇلى.ھەرگىزمۇ دىنىنىڭ ئەمەس.بۇ مەسىلە بىزدە ئەمەس پۈتكۈل دۆلەت مىقياسىدا كۇرۇلىۋاتىدۇ.بۇنىڭ تەسىرىدىن ئىچكىرىدىكى بايلار باللىرىنى چەتئەللەردە ئۇقۇتىدىغان ۋەزىيەتمۇ شەكىللىنىۋاتىدۇ.

مائارىپ مىنىستىرلىكى بۇنىڭغاقارىتا يېقىندا ئىجدىمائى ۋە تەبىئى پەن دەپ ئايرىشنى ئەمەلدىن قالدۇردى.بەلكىم بۇ بىر باشلىنىشتۇ.يەنە قانچىلىق ۋاقىتتا بۇنداق شەكلى ۋە ئىمتىھان مائارىپىغا خاتىمە بېرەلەيمىز بىرنىمە دىگىلى بولمايدۇ.شۇڭا ئىشلارغا بىرتەرەپلىمە ھۆكۈم چىقارماسلىقىڭىزنى ئۈمۈد قىلىمەن. يەنە بۇنداق ۋەزىيەتنى ئوخشاشتا مائارىپ ئىسلاھاتىنى كۈتۈپ تۇرماي ئائىلە تەربىيەسىنى بەك كۈچەيتىش كېرەك.بالىلارنى دائىم توي تۆكۈنگىلا ئاپارماي دالا سەيلىسى، مۇزىيخانا،ئىلمي پەنتېخنىكا كۆرگەزمىللىرى بولسا شۇ بالىمىز قىزىقىدىغان ساھەدىكى داڭلىك كىشىللىرىمىز بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈش شارائىتى ھازىرلاپ بەرسەك بۇنىڭ ھەقىقەتەن ئۈنۈمى چوڭ بولىدۇ.bahadiryigit ,

(35)ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بىلىمخۇمار ئۇستاز ، ئىزچىل يوللۇنۇپ تۇرۇۋاتقان " پەرزەنتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىم بولغان مەسىللەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ، ئۇسۇل ۋە چارىلىرى " توغرىسىدىكى قىممەتلىك يازمىلىرىڭىزنى ئوقۇپ ھەقىقەتەنمۇ كۆپ بىلىملەرگە ئىگە بولغانلىقىمدىن باشقا قېرىنداشلارغا ئوخشاشلا سىزگە رەخمەت ئېيتماي تۇرالمايمەن . . . رەخمەت سىزگە ! ھازىر كۆپ ساندىكى كىشىلىرىمىز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ ياخشى بولماسلىقى ھەم ئوقۇش قىزغىنلىقىنىڭ كۈندىن - كۈنگە سۇسلاپ بېرىشىنى ، مائارىپ ، مائارىپنىڭ ھازىرقى ئوقۇتۇش تۈزۈلمىسىگە ئارتىپ قويۇپ ، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنىڭ توغرا بولمايۋاتقانلىقى ئۈچۈن . . . دەپلا ئاغرىنىۋاتىدۇ-يۇ ، ئۆزلىرىنىڭ شۇ ئائىلىدىكى ئاساسلىق تەربىيىچى ئىكەنلىكىنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ يەتمەيۋاتىدۇ . مېنىڭچە پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئىختىدارلىق ، يارامىلىق بولۇپ چېقالىشى ياكى چىقالماسلىقى ، ئاتالمىش "مائارىپ تەربىيىسى" گە باغلىق بولۇپ قالماي ئائىلە تەربىيىسى ، بالىلارنىڭ ئۆزلىرىدىكى قىزغىنلىق ... بولسا كېرەك دەپ ئويلايمان . بىز دادا ھەم ئانا بوغانىكەنمىز چوقۇم پەرزەنتلىرمىزگە ئوقۇشنىڭ ، تىرىشىپ ئۆگىنىشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى ، بىلىمنىڭ چوڭقۇرلاشقانسىرى شۇنچە پايدىلىق بولىدىغانلىق توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى ، ئېرىنمەي ، تەپسىلى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئوقۇش قىزغانلىقىنى قوزغۇتۇشقا تۈرتكە بولالىساق ، شۇنداقلا پەرزەنتلەرگە ئۆزىمىزمۇ ئائىلىدە ئۈلگە بولالايدىغان ، مەسىلەن ، ئازراق بولسىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ كىتاب ، گېزىت ، ژورنالغا ئوخشاش ماتىرىياللارنى ئوقۇش قاتارلىق ئادەتلەرنى يېتىلدۈرسەك ، ھەممە ئىشتا ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلاپ ئائىلىدە ئۈلگە بولۇپ ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە يېقىندىن ياردەمدە بولۇپ ، ياخشى مۇھىت يارىتالىساق . . . مېنىڭچە كۆزلىگەن مەنزىلگە ، ئۈمدكە چوقۇم ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ قارايمەن . ( يوقارقى قاراشلىرىم بىر تەرەپلىمە قاراش ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ ، ئەمما يەنىلام ئاساساسلىق ھەم ئۈنۈملۈك قاراش ئىكەلىكىنى جەزىملەشتۈرەلەيمەن . ) bagdax, Turk-Zat

(36)باھادىر يىگىتنىڭ ۋاقىت چىقىرىپ ،كۆڭۈل بولۇپ بىر تەرەپلىمە كۆز قارىشىمغا تۈزۈتىش بەرگىنىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېتىمەن. بەلكىم سىز ئېيتقاندەك مەن بىر تەرەپلىمە قاراشقا ئىگىدۇرمەن ،لىكىن بەزى بىر تەرەپلىمە قاراشلارنىڭمۇ ئاساسلىرى بولىشى مۇمكىن . ھەممە ئادەم ئوخشاش قاراشتا بولىۋالسا بۇ دۇنيانىڭ نېمە قىزىغى قالىدۇ دەيسىز ؟ شۇڭا بىر تەرەپلىمە كۆزقارىشىمنىڭ ئاساسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمغا ئىجازەت بەرگەيسىز . سىز ئېيتقاندەك باللىرىمىز مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنلا «چوڭ بولغاندا ئوقۇپ نېمە بولىسەن ؟» دېگەن سوئالغا ئالىم بولىمەن ،ئىنژېنىر بولىمەن ،ئايروپىلان ھەيدەيمەن، ئالەم ئۇچقۇچىسى بولىمەن دېگەندەك تاتلىق جاۋاپلارنى بېرىدىغانلىغى راس . لىكىن شۇ سەبىلەرنىڭ ئاشۇ تاتلىق سەبى ئارزۇلىرىنىڭ قانچىلىكى ئەمەلگە ئاشتى ؟ بۇنىڭدىكى ئاساسي سەۋەپ كىمدە ؟ مەكتەپلىرىمىزدىمۇ ؟ ئوقۇتقۇچىلىرىمىزدىمۇ ؟ ئاتا-ئانىلىرىمىزدىمۇ ؟ ياكى ئۆگىنىشنىڭ سوبيېكتى بولغان گۆدەكلىرىمىزدىمۇ ؟ۋە ياكى شۇ گودەكلەرنى نەپەسلەندۈرۋاتقان مىللى ھاۋا بوشلىغىمىزدىمۇ ؟ ئۇلارنىڭ تاتلىق خىياللىرى نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ چوڭ بولىشىغا ( دۇنيا قاراش ،كىشىلىك قاراش ،قىممەت قارىشىنىڭ تىكلىنىشىگە) ئەگىشىپ كۆپۈككە ئايلىنىدۇ ؟نېمە ئۈچۈن ئالى مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئۆزىنىڭ نېمىگە

بەكرەك قىزىقىدىغىنىنى بىلەلمەي ،ئاررۇسىنى ئاتا-ئانىسى بەلگىلەپ بېرىدۇ ؟ جىسمانى جەھەتتىن كۈچكە تولۇپ ،ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشنى نىيەت قىلغاندا ،نېمە ئۈچۈن ئۇلار ئاللاھنى تەسىرلەندۇرگىدەك دەرىجىدە كۈچمەيدۇ ؟ بۇنىڭدا ئىچكى ئامىل مەسىلىسى موھىممۇ قانداق ؟ بىزدە ھۈنەر ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگىنى ھېچكىم كۆز يۇممايدىغان ئەمىلىيەت ،بىراق بۈگۈنكى كۈندە نېمە ئۈچۈن  ھەر خىل تېخنىكىلار  ئىشلەپچىقىرىش ۋە كۈندۈلۈك تۇرمۇشىمىزغا باشقىلار تەرىپىدىن  ئورولۇپ ،قاپقا سېلىنىپ ، پىچەت پېتى كىرىۋاتقانلىغىنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ ؟ ئەسلى ئۇنى بىز قاپقا ئوراپ سېلىپ ،پېچەت باسساق توغرا بولاتتىغۇ ؟سىزچە گۈلدەك ھۈنەرلىرىمىزنى تېخنىكىغا ئايلاندۇرۇشىمىزغا نېمە توسقۇن  بولغاندۇ ؟مېنىڭچە بۇنىڭ جاۋابى ، نۇرغۇن ياشلىرىمىز تەبىئەتنىڭ قوينىغا يوشۇرۇنغان نۇرغۇنلىغان نېمە ئۈچۈنلەرگە جاۋاپ ئىزدەشتىن قورقتى،قاچتى ،قاچمىغان  بەزى ياشلار بولسا   جاۋاپقا ئېرىشكەنسىرى يەنىمۇ چوڭ نېمە ئۈچۈنلەرگە جاۋاپ ئىزدەشكە توغرا كەلدى-دە  ،داۋاملىق ئىزدەۋەرەي دېسە  ئۆزىنىڭ ئەنئەنىدىن ،ئاتا-ئانىسىدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىغىنى ھېس قىلىشتى . شۇنىڭ بىلەن يامان بولىدۇ بىلەن ئۆزىنى بەزلەپ ،تۇرمۇشنىڭ ئەللەيلىرىگە موڭلىنىپ ئۇيقۇغا كەتتى .بىزدە تارىخلاردىن بۇيان پەيدا بولغان ئۆزىنى چۈشەنمەسلىك ،ئۆزىدىن  ھالقىيالماسلىق ، ئۆزى بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى خاتا تونۇش كېسىلى ،پۈتۈن بىر مىللىتىمىزنى نەپەسلەندۇردىغان ھاۋا بوشلۇغىغا   ئايلىنىپ،ھەر بىرىمىزگە ھەر دەقىقە تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتىدۇ .سىز ئۇنى خۇراپات دەپسىز ،بەلكىم توغرىدۇ .ئەمىلىيەتتە بۇ ھاۋا بوشلۇغى ھازىرمۇ كىشىلىرىمىزنى نەپەسلەندۇرىۋاتىدۇ ؟ سىزچە بۇ  خۇراپاتنىڭ يىلتىزى  نېمدۇر ؟ bagdax, tewelgha

bahadiryigitning jawabi:

ئالدى بىلەن ئىنكاس قايتۇرغىنىڭىزغا رەھمەت. مىللىتىمىزنىڭ بۇنداق بولىشى دۆلىتىمىز مائارىپىنىڭ سەۋەبى .بۇنى تىلغا ئالغان ئىدىم . بىز دىلا ئەمەس بەلكى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدە بالىلارنىڭ قانداق ئادەم بولىشىنى ئاتا ئانىلار بەلگىلەپ بېرىدىغان ئەھۋال بار.مۇشۇ سەۋەبلىك ئۇلىۋالدىغانلارمۇ بار. بىردەم پىئاننو ئۆگەن دەۋاتقان بىردەم رەسىم سىزىشنى .ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى ياخشى تۇرۇقلۇقمۇ مۇشۇنداق شەكى مائارىپقا كۈچەيدۇ.بىزدە بۇنداق ئەھۋالنى يىنىك دىسەك بولىدۇ.چۈنكى ئاتا ئانىلار بالىلارنىڭ قايسى كەسىپتە ئوقۇشىنى بەلگىلەپ بەرمەيدۇ.بەلكى چاقىرىق كەلگىنىگە خوش بولسىلا بولدى.باللىرى ئالى مەكتەپتە ئوقۇيالىسىلا بولدى.بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز قېرىنداشىم.سەۋەبى بولسا خەلقىمىزنىڭ قورسىقى تويۇپ كىيىمى پۈتۈن بولغىلى ئانچە ئۇزاق بولمىدى. ئىسىل ئۆيلەردە ئولتۇرۇشنى خىيال قىلىدىغان مەزگىل ئەمدى كەلدى.يەنى ماددى تەلەپ دەسلەپكى قەدەمدە تويۇنۇپ مەنىۋى مەدەنىيەتكە قاراپ يۈزلىنىشكە باشلىدى. شۇڭا بۇرۇن بىر يېزىدىن بىرئالى مەكتەپكە ئۆتكەن ئوقۇغۇچى چىقسا ھەممە ئادەم چوڭ بۇلۇپ كېتىدىكەنتۇق.لىكىن ھازىر بولسا بۇ چوڭ بولگىدەك ئىش ئەمەس بەلكى ئالى مەكتەپكە ئۆتەلمىسە سەت بولىدىغان ئىش بولۇپ قالدى.سىز ئېيتقان ئۆزى قىزىققان نەرسىنى ئۆگىنىۋاتقانلار بار.ئومۇميۈزلۈك بۇ دەرىجىگە يىتىشكە تېخى جەريان كېتىدۇ.ئەمدى ئالى مەكتەپتە ئوقۇش قىزغىنلىقى كەڭ ئومۇملاشقاندا بۇنى تەپەككۇر قىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس.خەلقىمىزنىڭ ئىختىسادى ياخشىلىنىپ ئالى مەكتەپلەرنى تاللايدىغان بولغاندا ئاندى خىزمەتنى ئەمەس بەلكى بەلگىلىك نەتىجە يارىتىشنى ئويلاپ ئالى مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىشى مۇمكىن. جەنۇبى شىنجاڭغا بارغان بولسىڭىز بىلىسىز.ھازىرمۇ توك يوق يەرلەر بار.شەھەرلەردىمۇ مېھمان بۇلۇپ بارسىڭىز تاپىنلىق نەرسى بىلەن كۈتىدىغانلار نۇرغۇن. ئىنسان ئالدى بىلەن ياشاش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان تاماق،كىيىم كېچەك تۇرالغۇ مەسىلىرىنى ھەل قىلىپ بولۇپ مەنىۋى تۇرمۇشنى ئويلاشقا پۈتۈن سەپ بىلەن ئۆتكەندە سىز دىگەندەك ئىشلار بولۇشى مۇمكىن.ئالى مەكتەپتە ئوقۇپ كىلىپ خىزمەت تاپمىسا ئاتا ئانىسىنىڭ جاپاسىنى قايتۇرمىسا بولمايدۇ.شۇڭ اكۆپىنچە ئوقۇغۇچىلار ئاسان خىزمەت تاپقىلى بولىدىغان كەسىپلەرنى تاللايدۇ.بۇنىڭدىن يەنە بىزنىڭ

ماددى تۇرمۇش سەۋىيىمىزنىڭ ئۇنچىۋالا يۇكسەك دەرىجە ئەمەسلىكىنى بىلىۋالالايمىز.تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلار چەتئەللەردە ئۇقۇپ ئۆزلىرى شىركەت ئېچىپ مىللى كارخانىلارنىڭ باشلامچىسى بۇلىۋاتىدۇ. تەرەققىيات مۇشۇنداق ئاستا ئاستا بولىدۇ.تارىختا ھەقىقەتەن ياساش سەنئىتىدە دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن مىللەتمىز.ھەتتا مەتبەئە نىمۇ بىز كەشىپ قىلغانمىز. بۇگۈنكى كۈندە بولسا يۇقارقىدەك ماددى نەرسە تۇلۇق ھەل بولمىغان ئەھۋالدا تەرەققىي قىلغان باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپ بارلىقنى مەنىۋىيەتكە قاراتقان غەرپلىكلەرنىڭ ئۆلچىمگە ئۆزىمىزنى سالساق سەل بالدۇرلۇق قىلىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىقتىساد مائارىپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلار.ھەرگىزمۇ سىز ئېيتقاندەك دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس.مەن بىلگەن تۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى باللىرىنى ئۇقۇتساملا دەيدۇ. گېرمانىيە ،ئىتالىيەدە ئۇقۇۋاتقان دوست بۇرادەرلىرىم بار.ئۇلار شۇ ماددى مەسلىسى ھەل بۇلۇپ پىكرىنى ئىلمگە قاراتقانلار.سىز مەلۇم ئىشنى قىلىشىڭىز ئۇچۇن ماددى شارائىت ۋە ئۇرۇق تۇققارنلارنىڭ قوللىشى بۇلۇشى كېرەك.ئاشۇلار قوللىمىسا سىز نىمىڭىز بىلەن ئىسل ئالى مەكتەپلەردە ئۇقۇپكېلىسىز؟ مەسىللەرنى ئەمەلىي تەھلىل قىلغۇلۇق قېرىندىشىم. خۇددى بەزەنلەر ئۇيغۇرلاردىكى مەسىلىنىڭ ئىقتىساد مائارىپ ئىكەنلىكىنى بىلمەي نەدىكى تويىنى ئىسلاھ قىلىمىز يەنە بىرنىمىنى ئىسلاھ قىلىمىز دەپ ھېچنىمگە پايدىسى يوق ئىش بىلەن قالغاندەكلا بىر ئىش. ئۇيغۇرلارنىڭ 80-يىللاردىكى تۇرمۇشى 90-يىللاردىكى تۇرمۇشى ۋە ھازىرقى تۇرمۇشىنى سېلىشتۇرسىڭىز ئىقتىساددا نەقەدەر پەرقىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىسىز.ئەيىنى ۋاقىتتا ئاكا ئۇكا موسابايىفلاردەك بايلىمىز چىققان. ھازىرمۇ ئاز بولسىمۇ پەننىڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقانلار چىقىۋاتىدۇ. ئىشىنىڭ ،يېقىن كەلگۈسدە بۇنداقلار كۆپلەپ چىقىدۇ.خەلقىمىزنىڭ ماددى تۇرمۇش سەۋىيەسى ھەل بولغاندا بىلمگە ھېرىسمەن ئۇيغۇر خەلقى پەرزەنتلىرىنى بىلىم يۇلدا جاپاغا قارىماي تەربىيلەيدۇ.

(37)باللار نى كىچىكىدىن باشلاپلا تەبى پەن بىلىملىرى بىلەن تەربىيلەشكە يول ئېچىشقا پايدىلىق تىما يوللاپسىز،رەھمەت.bagdax, mahatjan

(38)ئىككىمىزنىڭ مەسلىگە قاراش نوقتىمىزدا پەرىق باركەن ، بەلكىم سىزنىڭ توغرىدۇ. مەن بىلمخۇمار ئەپەندىم ماڭا يوللىغان ياسىر قارىنىڭ لىكسىيەسىدىكى ھېلىقى قۇرەيش قەبلىسىنى بولاش ۋەقەسىدىكى «ئالاھ ئاخىرقى نەپسى قالغىچە جېنىنىڭ بارىچە تىرىشقانلارغا ياردەم قىلىدۇ »دېگەن سۆزگە ئىشىنىمەن .بىزدىكى كاملىق تىرىشچانلىق . مەن دۆلىتىمىز مائارىپىنى ئادەم تەرەقىياتىنى بوغۇپ قويىدىغان مائارىپ دەپ قارىمايمەن . سەۋەبى بىر مىليارت تۆتيۈز مىليون خەلقنى ئاچ-يالاڭاچ ھالەتتىن ، باياشات ھالەتكە ئەكەلگەن ،تېخنىكىسى يوق نۆل ھالەتتىن دۇنيادا ساناقلىق تەرەقىي تاپقان دۆلەتلەر قاتارىغا ئەكىرگەن مائارىپ ئىلغار مائارىپتۇر .بىزنىڭ ئەينى چاغدىكى تۇرغان چىقىش نوقتىمىز بىر سىزىقتا ئىدى ،ئامما 60يىللىق پەرىق ئالەمشۇمۇل بولۇپ كەتتى .بۇنىڭغا كۆز يۇمساق بولمايدۇ .بۇ پەرىق ئىدىيەدىكى پەرىق . بىز پەقەت ئۆزىمىزدىن سەۋەپ ئىزدەشكىلا ھەقلىقمىز . سىز ئېيتقاندەك باللىرىمىزنىڭ كۆپلەپ ئالى مەكتەپلەردە ئوقۇشى بىلەن ئەھۋال بەلكىم بارا-بارا ياشىلىنىپ كېتەر ،بىراق ھازىرقى ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئادەمنى ئۈمۈتسىزلەندۇرىدۇ ،ئۇلار پەقەت ئىستاتىسكىلىق ساننى ئاۋۇتۇشقىلا يارايدۇ ،ھەقىقىي تېخنىكا ئىگەللەش مەخسىتىدە ئىزدىنىۋاتقانلار ناھايىتى ئاز .بىزدە ئالى مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرمەيمۇ تېخنىكا ئىگەللەشكە تىرىشىدىغانلار كۆپەيسە ،ئەھۋال تىزدىن ياخشىلىنىدۇ .ھازىر قولىدىكى تېلېفون بۇزۇلۇپ قالسا ،ئۇنىڭ بىلەن ئېتىشىپ سەۋەبىنى ئىزدەيدىغانلار ناھايىتى ئاز ،ئالماشتۇرۇشنى ئويلايدىغان يۈز پىرسەنت دىيەرلىك .بىزگە بۇ ئاڭ نەدىن كەلگەن ؟ bagdax, tewelgha

(39) tewelgha gha qarita yezilghan inkan:

ماارىپنىڭ گۈللىنەلمەسلىگى دىن بىلەن مۇناسىۋەتسىز ،قاراڭ مۇەللىم ..پەيغەمبىرمىز بىزگە بىلىم يىراق ،،چىندا،،بولسىمۇ بېرىپ ۋگۈنۈڭلار دەپ يولكۆرسەتكەن ،بالىلىرمىزنىڭ ۋقۇيالماسلىغى مەدەنيىتىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىكىن .بىزنىڭ مىللىتىمىز بىپەتنى،ھيانى،ارنۇمۇسنى بىرىنچى ۋرۇنغا قۇيۇدىغان مىللەت ،شۇڭاسلام دىنى بىزنىڭ بۇمەدەنيىتىمىزگەماس كەلگەنلىگى ۋچۇن.بىز سىلامنى تىزلا قۇبۇل قىلغان ،بۇجەھەتتىكى كۆزقارىشىمىز نى بەكلا چىڭىتقان ،مەن بىر يېزىلىق سەۋيىەم باشلانغۇچ .ەمدى تۇماقنى يەككەم تىپپ وينايدىغان قاراساۋات اتىلىرمىز از.يوق دىيەرلىك .بىزنىڭاارزۇيىمىزباللىرمىزنى بىلىملىك قىلىش .مەكتەپتە ۋقۇتۇش بۇ يېزىلاردىكى ھەممەيلەننىڭ ارزۇيى .نۇرغۇنلىغانلىرى ۋقۇدى خىزمەت تاپتى .كۆپلىرى ۋنداق ەمەس.بىزكۆردۇق اڭلىدۇق ۋقۇغانلاردىكى سەۋيىەنى. ياغلىقنىمۇ يۇقاتسۇن. كۆپلرى ھايا-نۇمۇسنى يۇقاتتى .خىزمەتكىمۇ بىرشتى دەيلى .ۋلارپەقەت خىزمەت ۋچۇنلا ۋقۇدى خالاس ،شۇنچەۋقۇپ خىزمەت تاپالمىغانلىرىچۇ نىمە قىلالىدى .بىلمدىن پايدىلىنىپ زىراەتلەرنى چاڭلاش

تۇرۇپ يېڭى سورىتمۇ يىتۇشتىرەلمىدى .ھايۋانلارنى داۋالاش تۇگۇل،ۋسۇيدۇ دەپپېقنىمۇ كىلەلمىدى.امالسىز پارچە-پۇرات خىزمەت تاپتى.تاپقان پۇلى، الى مەكتەپتە ۋگەنگەن گىرىمى،

ۋە مەدىنى كىينىشلىرگىمۇ يەتمىدى .مەن ەمەلىي بىر شىنى دەپ بىرەي .بۇھەققى راس ۋەقە مەن سۇيدۇڭ ياللۇغى بىلەن داۋالىنىپ بىر شەخسى دوختۇرخانىغا باردىم.ۋچ كۈندىن كىيىن بىرسېستىرا ياتىقىمغا ،ۋە بىر نىملەرنى كۆتۈرىپ كىرىپ ماڭا قاراپ ،بىشتىنىڭىزنى سىيلىڭ دىمەسىمۇ،مەن ھەيران قالدىم ھەم قورىققان ھالدا نىمە دەپ سورىدىم .ۋقلچە ۋيالماي يەنە

شۇسۆزنى دىدى .ھەم مەن بەك الدىراش يەنە بىمارىم بار دەپ سۆكۈتتە تۇرغىنىمغا اچچىقلاندى .امالسىزمەن. چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ نەيچە سىلىپ چىقىپ كەتتى .كۆزۈمدىن ەمەس

يۇرۇگۇمدىن قان چىقتى.بەزىلەرنىڭ سورىشچە بۇۇنىڭ نۇرمال خىزمىتى ىمىش .بۇقىز مىنىڭ سىڭلىم .ياكى قىزىم بۇپقالسا.....چىدىمايمەن .بۇنداق خىزمەتنى قىلمىغانلارچۇ،ۋىيدە اىياتەم ،،،بۇلۇپ ولتۇرۇپ قالدى .يابېتىز ىشغا چىدىمدى ،ياخىزمەتتاپالمدى ،ياەرگە تىگەممدى .ۋلارۇقۇپ ھىچنىمە قىلالمدى.دىمەك ۋقۇش بىزلەرنى قايىل قىلالمدى ،ۇمۇدىمىزنى يەردە قوي

دى،جەمىيەتتىكى مۇشۇنداق ىشلار بىزنى بىلىمگە ىنتىلىشكە كۆز يۇمدۇردى .ھەم يۇمدۇرۋاتىدۇ.مارىپ ۋرۇنلىرى .تىلى مەيلى قايىسى تىلدا بولسۇن،ەنەنىمىزنى .غۇرۇرىمىزنى،ساقلىيالايدىغان .بۇلۇپمۇ قىزلىرمىزنى ھەرجەھەتتىن قوغداپ ،ىقتىزادى،مەنىۋى ج

جەتلەردىن ياردەم قىلىپ ۋە قوللاپ ،اتا-انىلارنىڭ پىكىرلىرنى از بولسىمۇ ويلاشقان بولسا مەدەنيىتىمىزگە ماس تەرەپلىرنىمۇ ويلاشسا، چىقىش قىلسا .ماارىپنىڭ تۇمۇر تاۋاقتىن باشقا يېڭىلىقى بولسا اۋال ۋزى ۋچۇن ،اندىن جەمىيەت ۋچۇن كۆپرەك بىلمىنى قارى قىلدۇرالسا ىشىنىمەنكى بىزمۇ ۋنچە مەدەنيەتسىز اتالماس ىدۇق.

bagdax, uygurbiz-2

(40)توغرا دەيسىز. پىكىرلىشىش ئاساسدا ئورتاقلىق شەكىللىنىدۇ. مەنمۇ بىلىمخۇمار ئاكىمىزنىڭ ياسىر قارىنىڭ لىكسىيەسىدىكى ۋەقەدىن چىقارغان خۇلاسىسگە ئىشىنىمەن.بىزدە كام نەرسىمۇ شۇ تىرىشچانلىق.ئەمدى شۇ تىرىشچانلىقنىڭ شەكىللىنىشىگىمۇ ماددى شەرت شارائىت بۇلىشى كېرەك.مەملىكىتىمىز مائارىپىغا كەلسەك ھەقىقەتەن كىشلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بۇغۇپ قويدىغان مائارىپ.مائارىپ مىنىستىرلىكى بۇنى ھېس قىلغان بولغاچقا ئىسلاھات قىلىۋاتىدۇ. دۆلىتىمىز سىز ئېيتقاندەك ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ساناقلىق تەرەققى تاپقان دۆلەت ئەمەس. بەلكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت.مەملىكىتىمىز دۇنيادىكى 2- چوڭ ئىقتىسادى گەۋدە.لېكىن پەنتېخنىكا دۆلتى ئەمەس. مەملىكىتىمىز مائارىپى 60يىلدىن بېرى مەملىكىتىمىزگە كۆپ ئالىملارنى يىتىشتۈرۈپ چىقالمىدى.چۈنكى مائارىپ

ئۇقۇتشنى ئاساس قلغان ،ئۇقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى ئېچىشنى ئەمەس.شۇڭا 1999-يىلدىن باشلاپ ساپا مائارىپىنى يولغا قويىدى.لىكىن بۇ مۇ شەكىل بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.شۇڭا مائارىپ مىنىستىرلىكى بۇيىلدىن باشلاپ چوڭ ئىسلاھاتنى باشلىدى. مەملىكىتىمىز دۇنيادىكى جىسمانى كۈچلۈك دۆلەتكە كىرىدۇ.ئەقلى كۈچلۈك دۆلەت ئەمەس.چۈنكى دۆلتىمىز باشقىلارنىڭ تېخنىكىسغا ئاساسەن مەھسۇلات ياسايدىغان زاۋۇت.شۇڭا دۇنيا زاۋۇتى دەيدۇ.ھەرگىزمۇ يېڭىلىق يارىتىدىغان زاۋۇت ئەمەس.مەملىكىتىمىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىش كۈچى ھەتتا كورىيەگىمۇ يەتمەيدۇ. تېخنىكىدا چەتئەلگە بېقىنىپ قالغان.ھەرگىزمۇ ئامىرىكىدەك تېخنىكىسىنى دۇنياغا ساتمايدۇ.بەلكى شۇ ئامىرىكا قاتارلىق ئەقلى كۈچلۈك دۆلەتلەرگە مەھسۇلات ياساپ بېرىدۇ. ئەمدى 60يىلدىن بۇيانقى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى تەرەققياتنىڭ ئوخشىماسلىقىدىكى سەۋەب ھەرگىزمۇ بىر مىلەتنىڭ ئىدىيە سېستىمىسىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس .دۆلتىمىز قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۇچۇن ئاۋال بىرقىسىم رايونلارنىڭ ئالدىن تەرەققي قىلىشىغا يول قويۇش سىياستىنى چىقاردى .شۇنىڭ بىلەن دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنى ۋە بىۋاستە قاراشلىق مەركەزلەرنى ئاساس قىلغان ئاساستا تەرەققيات يۇلىنى باشلىدى.تاكى 1997-يىلغا كەلگەندە غەربىنى ئېچىۋتىشتىن ئىبارەت مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە غەربى شىمال قىسمىدىكى ئۆلكە ئاپتونوم رايونلارنى ئاساس قىلغان رايونلارغا كۆپلەپ مەبلەغ سېلىپ بۇرايۇنلارنىڭ تەرەققىيغاتىغا تۇرتكە بولۇشقا باشلىدى.بۇرايۇنلارمۇ ئاستا ئاستا تەرەققى قىلىشقا باشلىدى. 2000-يىلدىن كيىن (ئېنىق ۋاقتى ئىسمدە قالماپتۇ) ئېغىر سانائەت كونا ماكانى بولغان شەرقى شىمالنى ئېچىش پىلاننى يولغا قويىدى.شەرقى شىمالنىڭ تەرەققياتىمۇ ھازىر تىز يۈكسىلىۋاتىدۇ.بۇنىڭلىق بىلەن ھەرقايسى رايۇنلار ئوتتۇرسىدىكى تەرەققيات پەرقى يىلسىرى ئازىيىۋاتىدۇ. دىيارىمىزنىڭ ئارقىدا قېلىشى دەل مۇشۇ سەۋەبتىن قېرىندىشىم.دۆلتىمىز قۇرۇلۇپ ھەرگىزمۇ ھەممە يەرگە ئوخشاش مەبلەغ سالمىغان.بەلكى باسقۇچلۇق تەرەققياتنى يولغا قويغان.80-يىلدىن بۇرۇن ئۇمۇمىيۈزلۈك سىنىپى كۆرەش باسقۇچىدا تۇرغان.80-يىلدىن كيىن ھەقىقى تۇردە ئىقتىساتقا كۆڭۈل بۆلگەن.شۇنىڭ بىلەن گۈللەنگەن دېڭىز ياقىسى شەھەرلىرى بارلىققا كەلدى.ھازىر بولسا بىزنىڭ دىيارىمىزدا تەرەققيات بولىۋاتىدۇ.مەن گەنسۇ نىڭشىيا،چىڭخەي لەرگە بارغان.ئۇيەرنىڭ تەرەققياتى بىز بىلەن پەرقسىز ياكى بىزدىن ناچار. شۇڭا بۇ ھەرگىزمۇ 60يىلدىن بېرى دۆلەت مەبلەغ بەرسىمۇ بىز پاسسىپلىق قىلىپ تەرەققياتقا قارشى تۇرغان ئىش يوق.بەلكى دۆلەتنىڭ تەرەققيات مەبلەغ سېلىش سىياستى كەلگىلى ئەمدى ئوننەچچە يىل بولدى. ئالى مەكتەپ ئۇقۇغۇچىللىرىغا كەلسەك سىزمۇ قورسقىڭىز راسا تويسا ئاندىن كىتاپ كۆرۈشنى ئويلاسىز.مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىش.تېخنىكا ئۆگىنمەن دەپ ئالى مەكتەپكە باردىمۇ دەيلى،مەملىكىتىمىزدە ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقان كەسپى مائارىپنى چۈشەنمەيدىغان ئوخشايسىز.تېخنىكنى ئەنە شۇنداق كەسپى مائارىپ مەكتەپلىرىدە ئۆگىنىدىغان گەپ .ئەنئەنىۋى ئالى مەكتەپلەر بولسا نەزىيە ئۇقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.دۆلتىمىزنىڭ ئالى مەكتەپلىرى ھەرگىزمۇ ئامىرىكىنىڭ ئالى مەكتەپلىرىدەك ئەمەس. شۇڭا دۇنيا دۆلتىمىزدىكى فۇدەن ئونۋېرستى بىلەن دۆلتىمىزنىڭ ئايغا چىقىش تېخنىكىسىدىكى باشلامچى خارىبن تەبئى پەنلەر ئونۋېرستىنى ئېتراپ قىلىدۇ. ئۇقۇغۇچىلارنىڭ بۇنداق ئىزدىنىش روھىنىڭ بولماسلىقى دەل مائارىپ يېتىشتۇرۇپ چىققان مەسلە.ئەگەر2يىل  مۇئەللىم بولۇپ باقسىڭىز چۈشىنىسىز.دۆلتىمىز ئۆزىنىڭ بۇ تېخنىكا جەھەتتىكى ئىچكى يادرولۇق ئاجىزلىقىنى ھېس قىلغان بولغاچقا مائارىپ ئىسلاھاتىنى يولغا قويىدى.بۇنىڭغىمۇ نۇرغۇن ۋاقىت كېتىدۇ.ئامىرىكىلىقلار 200يىلدا يېتىشتۇرگەن نەرسىنى بىز ئەلۋەتتە نەچچە يىلدا يېتىشتۇرەلمەيمىزدە. شۇڭا قېرىندىشىم بىز ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تەرەققىيپەرۋەر مىللەت.دۇنيا سەھنىسىدە ئۆزۈن مەزگىل نامايان بولۇپ ياشىغان. بىزنىڭ مائارىپ تىكى بۇ ئىشلار دەل مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى بىلەن ئوخشاش. تەرەققياتتىكى پەرق بەزى پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.بۇ پەرقمۇ ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ئېتقادىمىز ئىدىيە سېستىمىمىز سەۋەبىمىزدىن ئەمەس بەلكى دۆلتىمىزنىڭ تەرەققيات ستىراتىگىيسىنىڭ مەھسۇلى. بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق شارائىتتىمۇ ئۇيغۇرلار نۇرغۇن ساھەدە خېلى ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىۋاتىدۇ.ئىشىنىمەن يېقىن

كەلگۈسىدە تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى،مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئەھمىيەت بىرىشقا ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە سىز ۋە ھەممەيلەن ئورتاق ئىنتىلگەن ئاشۇ مىنۇتلارمۇ يىتىپ كېلىدۇ. bagdax, bahadiryigit, tewelgha gha qarita yezilghan

(41) قېرىندىشىمىز ناھايىتى ئورۇنلۇق پىكىر قىپتۇ، بىزدىكى ئىلىم_پەن قىزغىنلىقىنىڭ تۆۋەن بولىشى ھەرگىزمۇ دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، بۇ پەقەت بىزنىڭ تىرىشچانلىق روھىمىزنىڭ تۆۋەن بولىشى ۋە بەزى ئىجتىمائىي شارائىتلارغا باغلىق، بىز تىرىشچانلىق روھىمىزنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پەرزەنتلىرىمىزنى ئەتراپلىق تەربىيلەيلى...! bagdax, imtihan1

(42)تارىختىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان شۇنداق مۇرەككەپ باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى ھىلىمۇ بىزنىڭ بۇ قەيسەر مىللىتىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىقىنى يوقىتۋېتەلمىدى ، ئۇيغۇرلار تىرىشچان قەيسەر خەلقىنىڭ ئەۋلاتلىرى بۇندىن كىيىنمۇ شۇنداق تىرىشچان بولىدۇ!! bagdax, normal

## ناسا دىكى «ئىلىم-پەن مۇسابىقىسى»

(43) شۇ ۋەتەن سىرتىدىكى تەبىئىي پەن ئالىملىرىمىز ۋەتەن ئىچىدە بولۇپ شۇ ئۇيغۇر ياشلىرىمىزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېتەكلەش ئىلىپ بارغان بولسا ئىنشاالله ئەھۋالىمىز ئاستا-ئاستا ئۆزگەرگەن بولاتتى. ۋەتەندىكى ئالىملىرىمىز يىگىلىق يارىتىمەن دىگەننى ئازراق ئويلاپ باللىرىمىزنى تەربىيلەشكە كۆپرەك ۋاقىت ئاجراتقان بولسا يېڭىلىق ياراتقاندىنمۇ كاتتا يېڭىلىق ياراتقان بولاتتى. شۇ ئالىملىرىمىزنىڭ ياراتقان يېڭىلىقلىرى كىملەرگە مەنپەئەت ئەكىلۋاتىدۇ مەن شەخسەن بىلەممىدىم. bagdax, Fatiha

(44)نىمە دىگەن كاتتا تەشەببۇس! كىتاپ ئوقۇش يىلى مۇناسىۋىتى بىلەن كارخانىچىلىرىمىز كۆڭۈلگە ياقىدىغان نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىۋاتىدۇ ئۇيغۇردا ئۇيغۇنۇش بولۋاتىدۇ دەپ ئويلايمەن ئۆزەمچە ! ئەمما،زە مۇشۇ ناخشا ئۇسۇلدا چوڭ سەكرەپ ئىلگىرلەش بولۋاتقاندەكلا،ھەر ساھە ھەر كەسپتىكىلەرنىڭ قىزغىنلىقى بەك يۇقىرى، بىلىمخۇمار ئەپەندىمدەك ئەلنىڭ غىمىنى يەيدىغان كىشىلىرىمىزنىڭ تىنىگە سالامەتلىك كۆنلىرىگە خۇشاللىق يار بولغاي!!! bagdax, AmanxahaR

(45)نۇرغۇن ياخشى ئىشلار كېلىپ چىقۋاتقان، خەلق ئىچىدە بىر مەزگىل يۇرگۇزۇلگەندىن كىيىن چوڭ قاينامغا چۆكۈپ كەتكۈلىۋاتىدۇ، يېزىلاردا دېھقانلىرىمىزنىڭ كۆنلىرى تەسلىشىپ كىتىۋاتىدۇ،
ئەۋۋىلى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا سىياسىي بىلەن ھەپىلىشىدىغان ئۇيغۇرلىرىمىز،ۋە باشقا زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئەمدى بولسىمۇ ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرىدىغان يېرى كەلگەندى،ئەگەر ئۇلار ئۇقۇم قىستاقلىرىدا تىنىغۇدەك ۋاقىت چىقىرالمىسا ئاخىرىدا ھەممىمىزنىڭ كەينى ئېچىلىپ قالىدۇ،يېزا-سەھرالاردا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ھەممىدىن كۆپرەك. bagdax, isimtugaptu

## ناسانىڭ يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى

(46)ناھايىتى ياخشى ئىشكەن. مەن ئويلايمەن ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ مۇشۇنداق كىچىك تىپ دىكى پەن تېخنىكا ئىجدىيەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلسە،نەتىجىسى ياخشى بولغانلارنى يۇقىرى سوممۇلۇق مۇكاپات بېرىلسە .ياشلىرىمىز ئۈچۈن كوپ ئىلھام بولاتتى...مۇكاپات سوممىسىنى بىزنىڭ كارخانچىلىرىمىز ھەل قىلىپ كىتىدۇ دەپ ئويلايمەن.
bagdax, padiqi2

## بىر ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى كەشپىيات مەركىزى- -«ئويلاش ساندۇقى»

(47)بىزنىڭ بۇ مائارىپىمىزنى ھېچ نەرسىگە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. مىللىي مائارىپنى ئېقتىدار يېتىلدۈرۈش مائارىپى دېگەندىن ئىقتىدار ئۆلتۈرۈش مائارىپى دېسەك مۇۋاپىقمىكىن دەيمەن. يېڭىلىق يارىتىش، كەشىپ قىلىش ناخشا-ئۇسۇلدا ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. پەن -تېخنىكا جەھەتتىن يېڭىلىق يارىتىشتا يوق دېيەرلىك.bagdax, baturkarahan

(48)ئەركىنكامىنىڭ مۇشۇنداق تىملارنى يوللىغىنىغا رەھمەت.
ئەمدى ئۆزەمگە ئوخشاش ياشلارغا دەيدىغىنىم، ھە دېسىلا شارائىت يوق دەۋەرمەي كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە تىرىشايلى. ئامرىكا «راكېتا ئاتىسى»دەپ نام ئالغان گوددادرمۇ ئەينى ۋاقىتتا قوللاش ئۇياقتا تۇرسۇن ،باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىغان، تەتقىقاتىنمۇ يىغىپ تۆشەپ تاپقان پۇللىرىغا قىلغان، قانداقتۇر ئامرىكا ھۆكۈمىتى تۆگىمەس پۇللارنى بەرگەن ئەمەس، شۇنداق بولىشىغا قارىماي ئۇ ئۆزى يالغۇز تەتقىق قىلىپ گىرمانىيەدىن 6 يىل بۇرۇن راكېتا ياسىغان. ئاكا-ئۇكا رايىتلارمۇ ئايروپىلاننى ياسىغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئەمەس، بەلكى ئايروپىلاننى شەھەر-شەھەرلەرگە ئاپىرىپ ئويۇن قويۇپ پۇل تاپقان. خەقلەرمۇ ئەڭ شانلىق نەتىجىلەرنى ئەڭ قېيىن ۋاقىتلاردا ياراتقان.
شارائىت يوق دەپ ئاغرىنىشلارنى قويۇپ، تىرىشايلى. bagdax, kanjebatur

(49)ئېيىۋۇ شەخسى ئۆيىنىڭ گاراژىسدىكى سايمانلا بىلەن ما يۇتتا سۇ-پار-توك يوللىرىنى قوراشتۇرۇش ۋە رىمونت قىلىشنى بىر گەۋدە قىپ دۇكان ئېچىپ تىجارەت قىپ شۇ كەسىپنىڭ نىبىنى يەيدۇ، ئۇنىڭغا ياندىش قىپ دۇكانغا شۇ ساھەنىڭ ماترىياللىرىدىن ئازراق كىرگۈزسە شەك يوق بىر كىچىك شىركەت بولدۇ دىگەن گەپ
بىلىمخۇمار ئاكىنىڭ قىزغىنلىقىغا رەخمەتbagdax, iNFak .

## ناسا خادىملىرىغا ئۆتۈلگەن لىدېرلىق دەرسلىرى

(50)ھۆرمەتلىك بىلىم خۇمار ئاكا سىزنى ماختاۋاتىمىز،قىلغان تۆھپىڭىزدىن پەخرلىنىۋاتىمىز،ئەمما سىزگە ھىچ ئىش قىلىپ بىرەلمەيۋاتىمىز. يۈكىڭىزنىڭ ئەڭ ئازغىنە بىر قىسمىنى بولسىمۇ ئۈستۈمگە ئىلىشنى ھەردايىم ئويلايمەنۇ لىكىن نىمە قىلىش ، قانداق قىلىش جەھەتتە ھىچقانداق پىكرىم يوق.سىزگە ئالىي ئىھترامىمنى يوللايمەن.
bagdax, gullen

(51)كارخانىچى بولسۇن ياكى يېڭى ئىقتىساد ئىلمىي توغرىسىدا ئىزدەنگۈچى بولسۇن بۇ يازما ھەققەتەن بىر پايدىلىنىش قىممىتى بار يازما ئىكەن. بىزنىڭ كارخانىچىلىرىمىز ئەمدىلەتىن ھەمكارلىق ئورنىتىش جەھەتتە تۇنجى قەدەمنى ئالدى.پارتىزانلارچە تىجارەت قىلىدىغانلار يوق ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىنكى يۈزلىنىش بولسا ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە ئالغا بېسىش. بىرلىشىپ چوڭ تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىش دەۋر تەلىپى بۇلىدۇ. ئەگەر ئۆز ئالدىغا تارقاق،يۇمشاق ۋە قاتتىق كۈچ جەھەتتىن ئاجىز بولسا تەبىيلا شاللىنىدۇ. ھېسياتقا قاراپ ئىستىمال قىلىدىغان كىشىلەر ،بىزنى داۋاملىق قوللىشى ناتايىن. بىز يىراقنى كۆرۈشىمىز كېرەك.

bagdax, ilterbir107

(52)ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم ئاللاھ سىزگە تېخىمو زور-زور تەتقىقات نەتجىللىرىنى ، سالامەتلىك ، خاتىرجەملىك ، بىز ئۈچۈن داۋاملىق يېنىپ تۇرۋاتقان يالقۇنلۇق يۈرىكىڭىزنىڭ داۋاملىق يالغۇنجاپ تۇرشىنى ئاتا قىلغاي. پەرزەنتلىرىڭىزمۇ سىزگە ئوخشاش نەتجىلىك بولىشىنى تىلەيمەن. سىزنىڭ تېمىللىرىڭىزنى داۋاملىق سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن. ھەم باشقىلارغا سىزنى ئۈلگە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋاتىمەن. ئەركىنكا مەن سىزدىن بەكمۇ رازى . ياشاپ كېتىڭ !

bagdax, desertstorm

(53)سىزگە ئالىي ئېھتىراملار بولسۇن!!!خەلقىمىز ئۈچۈن قىلىۋاتقان بارلىق ئىشلىرىڭىزغا ئۇلۇغ ئاللا ئىككى دۇنيالىق ئەجىر بەرسۇن!

bagdax, suriyya0427

## ئامېرىكىدىكى يېڭى ئىگىلىك پىلانى مۇسابىقىسى

(54)ئايال دوكتۇرلارمۇ خېلى جىقلاپ قاپتۇ جۇما، ئاياللار مائارىپىغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك دەپ بەكلا كۆڭۈل بۆلۈۋەتتۇقمۇ، ھازىر يۇرتىمىزدا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقانلارنىڭ كۆپ قىسمى قىزلار، بۇنداق كېتىۋەرسە قىزلارنىڭ ھەممىسى دوكتۇر بولاپ، ئوغۇللار ئىشلەمچى بولسا ياراتماي باشقا مىللەتلەرگىمۇ تېگىپ، ئوغۇللار ئۆزىمىز پەشتامان تارتىپ يۈرەرمىزمۇ ئەمدى ئوغۇللار مائارىپىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىدىغان يەرگە كەلدى ئەمدى، ئوقۇۋاتقانلارمۇ غىچ قىزلار، كارخانىچىلار ئارىسىدىمۇ قىز-ئاياللار كۆپكەن شۇڭا شۇنداق ئويلاپ قالدىم.

bagdax, kanjebatur

(55)مانا ماندىاق ئېسىل ماقالە يازىمىز. بىلىمخۇمار ئاكىمىزنىڭ مۇشۇنداق ئېسىل ماقالىلىرى ھېلىقى قۇرۇق، كىتاپ يۈزى نىشان يۈۋۈ مەخسەت دىگەندىك تەرجىمە ئەسەرلەردىن مىڭ ياخشىكەن.

bagdax, qassapbiz

(56)رەھمەت سىلەرگە!بۇمۇ ئۆز خەلقى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بىرىشنىڭ بىر يولى.خەلقى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بىرىشنىڭ چوڭ -كىچىكى بولمايدۇ.بۇ مۇنبەردەمن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

bagdax, apandim111

(57)بەك ياخشى ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، بۇ پائالىيەتلەردىن بەك سۆيۈندۈم! بۇنى بىزگە سۇنغان قوللىرىڭىزغا دەرت كەلمىسۇن!
ئاندىن ئاۋۇ لوگونى كىم لاھىيەلىگەن بولسا بەك ياخشى لاھىيەلەپتۇ!ئاددى،چۈشىنىشلىك رەڭلىرى كۆركەم راھەت تۇيغۇ بېرىدىكەن. بولۇپمۇ ئاۋۇ 3-رەسىمدىكى لوگو بەك پەچەت لاھىيەلىنىپتۇ،ھەقىقەتەن خەلقارا سەۋىيە دىگۇدەك لاھىيەكەن. ئۇ رەسىم كىشىگە ھەقىقى بىر دۇنياۋى كاتتا يىغىلىشنىڭ تەسىرىنى بېرىدىكەن. بۇ يىغىلىشقا خىلى ئەجىر سىڭگەنلىكى مۇشۇ رەسىملەردىنلا چىقىپ تۇرىدۇ. ئىشلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغىنىڭلارغا ئاپىرىن!
bagdax, kokdingiz

## ئامېرىكىدىكى «ئوقۇغۇچى خىزمەتچى» دەپ ئاتىلىدىغان خىزمەت ئورۇنلىرى ھەققىدە

(58)بىلىمخۇمار ئاكا، ھەر ھەپتىلىك مۇشۇ كۈندىكى نادىر تېمىلىرىڭىزغا تەشەككۈر.
ئۇيغۇر كارخانىلىرى ئەسلى مۇشۇنداق ئىشلاردا سەزگۈر بولسا، كارخانىنىڭ ھەرجەھەھەتتىكى تەرەققىياتىغا ئىنتايىن پايدىلىق ئىكەن. ھازىر نېمىشقىكىن بىلمىدىم ئۇيغۇر كارخانىلىرى پۇل تېپىش كويىدىمۇ ياكى راستىنلا شۇنداق ئوقۇغۇچىلارنى بايقىمىدىمۇ ۋەياكى باشقا سەۋەبمۇ بىلمىدىم بۇنداق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ بولالمايدىكەن.
bagdax, mouse

(59)باشقىلارنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى جەزىملەشتۈرۈشىمىز ياخشى ئەھۋال ھەمدە ئوزىمىزگە پايدىلىق تەرەپلىرىنى چوقۇم قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. ئەمما بىزنىڭ ئۇيغۇر كارخانىلىرىمىزنىڭ قانچىلىك قۇرۇلۇش تارىخى بار، قانچىلىك تەرەققىي قىلدى ۋە شۇنداق پۇرسەتلەر بولدى دېگەن مەسىلىلەرنى ئويلاشماي تۇرۇپلا ئەمدى ئايىغى چىققان بالىنى ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان قۇشلار بىلەن سېلىشتۇرساق ئادىللىق بولمايدۇ. ئىنشائاللاھ، ئۆز كارخانىلىرىمىزمۇ 5 يىل ئاۋالقىدىن سانى كۆپىيىپ، ھەم يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۈپەت جەھەتتىمۇ بارا-بارا تاۋلىنىپ چىققۇسى.
bagdax, Ayesha-Nur

(60)بىلىمخۇمار ئاكا:
سىزگە كۆپ رەخمەت!
سىز تېمىدا ئوتتۇرىغا قويغان «مەسىلەن، مەن بىلىدىغان 30 – 40 ياشلار ئارىلىقىدىكى، پەقەت باكلاۋۇر ئۇنۋانىلا بار بىر ئۇكىمىز بار. ئۇ كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرقى يىللىق مائاشى 120 مىڭ دوللاردىن ئاشىدۇ. جۇڭگودا ئالغان باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانى بىلەن ئەنە شۇنداق مائاش ئېلىپ ئىشلەيدىغانلارمۇ بار.»
دېگەن قۇرلاردىن ئۇ ئىنىمىزنىڭ كىملىكىنى بىلگەندەك قىلىۋاتىمەن. بۇ مېنىڭ بىر دوستۇمنىڭ ئىنىسى توغرۇلۇق دېگەنلىرى بىلەن ئوخشاش چىقىپ قالدى. بەلكىم شۇدۇر، ياكى ئەمەستۇر. لېكىن ئۇ ئىنىمىزغا ھەر ۋاقىت بەرىكەت تىلەيمەن.
ناۋادا يۇرتىمىزغا كېلىش پۇرسىتىڭىز بولسا مەن سىزنى ئوغلاق سۇيۇپ، گۆشىدە كاۋاپ ھەم شورپا قىلىپ كۈتۈۋالىمەن.
bagdax, hasritim

(61)هازىرقى ئۇيغۇر شىركەتلىرى ئىشلەي دەپ بارغان باللارنىمۇ قەدىرلىمەي مال بىسىشقا، ئامبارغا قاراشقا سىلىپ ھەممىسى يىنىپ چىقىپ بولدى. ئۇيغۇرشىركەتلىرى ئىختىساد ئىگىللىرىنىڭ قەدرىگە يەتمەيۋاتىدۇ. چۈنكى نۇرغۇن شىركەتلەردە يۇقىرى تىخنىكىلىق ئىشلارمۇ يوق،يىڭىلىق يارىتىش تىپىدىكى كارخانىلار ئاز.بۇئىشلار ئاستا ئاستا ياخشىلىنىشى مۇمكىن،چۈنكى نۇرغۇن كاركانىلار ئەنئەنىۋى سودىنى ئاساس قىلىدۇ .بۇنىڭغا ئۇنچە كۆپ بىلىم كەتمىسە كىرەك.ئازراق ساۋادى بار ئادەم قىلىۋىرىدۇ،لىكىن ئۇيغۇر كارخانىللىرى ئىش ئۇنۇمىنى ياخشى ئويلاپ بىقىشى كىرەك.
ئۇيغۇرلاردىكى ئىشسىزلىق ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتتىمىكى دەيمەن. بىرئادەم ئالدىغان مەمۇرى ئورۇنغا 600-500،دىن 80-70گىچە ئادەم تىزىمغا ئالدۇرۇۋاتىدۇ،باشقا ئىمتىھانلارمۇشۇنداق بولۇۋاتىدۇ،نىمىش قىلساق بولىدىكى،،،10نەچچە يىل ئۇقۇپتۇق كەلسەك ئۆچرەت تۇرۇپ ئىمتان بىرىشbagdax, tarimoghli1 .

## ستۇن خاۋكىڭغا ياردەم قىلىۋاتقان يىڭى تېخنىكىلار

(62)ئاۋۇ بالىنىڭ خېتىدە دىيىلگەنىدەك ئالىي مەكتەپلىرىمىزدىكى ئايرىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەستە ئېرىشكەن ئوقۇش پۇرستىنى قەدىرلىمەسلىكى، ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى قانداقتا مائارىپقا ئارتىپ ئۆزىگە ئەخمىقانە تەسەللى بېرىشى، ھەتتا ياخشى ئوقۇيدىغان، تىرىشچان ئوقۇغۇچىلارنى كەمسىتىشى ئۇچچىغان چىققان ھاماقەتلىك، نادانلىق، ئاڭقاۋلىق. ئالىي مەكتەپتە ياخشى ئوقۇماي، كەلگۈسى ئىستىقبال ھەققىدە ھېچقانداق ئويلانماي غايە-نىشانسىز يۈرۈۋاتقان، ياشلىقى، ۋاقتى، زېھنىنى قانداقتۇ «ئويۇن» لارغا ئىسراپ قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاتا- ئاناڭلارنىڭ قان- تەر بەدىلىگە تېپىپ سىلەرگە ئەۋەتىۋاتقان پۇللىرى ھامان بىر كۈنى گېلىڭلارنى تېشىپ چىقىدۇ! بۇ جاھان شۇنداق ئادىلكى، مەكتەپتىن ئايرىلىپ جەمئىيەتتىكى چىققاندىن كېيىن جەمئىيەت سىلەرنى ساپاسىز، بىلىمسىز، نادانلار قاتارىدا ھامان شاللاپ تاشلايدۇ! ياخشى ئوقۇيدىغان ئېنى- سىڭىللار ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئاراڭلاردىكى ھاماقەت ئوقۇغۇچىلار ھامىنى ئاز ساندا، ئۇلار ئالىي مەكتەپتىن ئىبارەت ئۆگىنىش، تىرىشىش، ئىزدىنىش تۇپرىقىدا ئۈنگەن شۇم بۇيا. ھەممىڭلار بىر نىيەتكە كېلىپ شۇ نەچچە تال شۇم بۇينى يۇلۇپ تاشلاڭلار!

(63)جۇڭگو مائارىپىدا ئاز بولمىغان مەسىلىلەر مەۋجۇت ، بولۇپمۇ قوش تىل ئوقۇتۇش شەكلىدە. ئەمما پۈتكۈل مەسىلىنىڭ ھەممىسى شۇنىڭدىلىمۇ ؟ ناتايىن ، ئەمەلىيەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى ناھايىتى بوشاڭ ، كىچىكىدىن باشلاپ جاپا تارتىپ باقمىغان بۇ ››ئالتۇن ‹‹لار يەۋاتقان نېنىنىڭ قەيەردىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ ھەم بىلىشنى خالىمايدۇ . ئەمىلىيەتتە ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش پىسخىكىسىغا مەكتەپتىن باشقا ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتكۈچى ئامىل دەل ئائىلە ، بولۇپمۇ ئائىلىنىڭ مۇقىملىقى ، ئائىلىدىكى بەخت كۆرسەتكۈچى ۋە ئاتا-ئانا بولغۇچىنىڭ مەكتەپ بىلەن بولغان زىچ ھەمكارلىقى دەپ قارايمەن . بۇلاردىن چاتاق چىقسا ئوقۇغۇچىنىڭ روھى پۈتۈن بولمايدۇ ، بۇنداق روھى پۇچەكلەنگەن بىچارىنى خارۋارتتا چوڭ قىلسىڭىزمۇ ياخشى ئوقۇيالارمۇ ؟

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، مەن بالىڭىزنىڭ سىنىپ مەسئولى ، بالىڭىز ...
- ھە ... ، بالامنىڭ پۇت-قولى ساقتۇ ؟ مەكتەپتە باردۇ ؟
- مەكتەپتە بار ... ، ب...
- ھە بولۇپتۇ ئەمسە ، خوش !
- توختاڭ ... ، ۋەي ... ۋەي ... ؟

... ...

( كەچۈرۈڭ ، سىز ئۈرغان تېلېفۇن ئۈلانمىدى ، سەل تۇرۇپ قايتا ئۇرۇڭ ! )
مانا ، ماۋۇ دىئالوگنى كۆرگەنسىز ؟ ئۆز دادىسىنىڭ سىنىپ مەسئولىغا تېلېفۇن سۆزى ، بۇ راست بولغان ئىشلار . ھەمىشە مەكتەپتىن ، ئوقۇتقۇچىلاردىن ئاغرىنماي بارلىق دوسلارنىڭ ئوبدان ئويلىنىپ كۆرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن . تېمىدا سىتىۋېن خاۋكىڭ ، ئىنتىل شىركىتى ۋە ناسا JPL تىلغا ئېلىنىپتۇ ، مېنىڭچە بارچە ئۇرتاق تىرىشساق بەلكىم بۇ يەرلەردە تېخىمۇ كۆپ ››بىز ‹‹لەر بولالىشىمىز ، ھەتتا قۇرالىشىمىز مۇمكىن . بۇنداق ئورۇنلار ھەرگىزمۇ بىر كېچىدىلا قۇرۇلۇپ قالغان ئەمەس ھەم بۇ ئورۇنلارنىڭ يادروسى بولمىش تېخنىك كىشلىرىمۇ بىر كېچىدىلا پەيدا بولۇپ قالغان ئەمەس . ھەممىگە ئۆزۈن مەزگىل ئورتاق تىرىشچانلىق ۋە ھەمكارلىق لازىم . ھەممىمىز ئورتاق قول تۇتىشايلى ، ئورتاق ھەمكارلىشايلى ، زىچ جىپسىلىشايلى ، خۇددى شىۋتسارىيە سائىتىنىڭ چىشلىق چاقلىرىدەك ، شۇندىلا مىللىتىمىزنىڭ ›› ئىستىرىلكىسى ‹‹ھەرىكەتكە كېلىدۇ. bagdax, Pishamshan

(64)بۇرۇن ماڭا خىزمەتداش بولۇپ ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى يېڭى پۈتتۈرگەن بىرسى كەلدى. ئۇ خىمىيە كەسپىدە ئوقۇغان ئىكەن. بىر كۈنى بىرنەچچە خىزمەتداشلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، مەن ئۇنىڭدىن مۇنداقلا سوراپ قويدۇم:
-نېفىت ئورگانىك ماددىمۇ ياكى ئانائورگانىك ماددىمۇ؟
ھېلىقى خىزمەتدىشىمىز بىردەم تۇرۇپ كېتىپ، شۇنداق جاۋاپ بەردى:
-مەن سىزنىڭ بۇ سوئالىڭىزنى پەقەتلا چۈشەنمىدىم،چۈنكى بىزگە ئۆتكەن دەرسلەردە بۇنداق گەپ مەۋجۇت ئەمەس. بۇنى نېفىت كەسپىدە ئوقۇغانلاردىن سورىسا بولىدىكەن. مەن بولسام ئانالىز خىمىيە كەسپىدە ئوقۇغان. بىزگە ئۆتكەن دەرسلەر نېفىت بىلەن مۇناسىۋەتسىز!
مەن دىدىم:
-ئۇنداق بولسا بۇ سوئال مېنىڭ ئوقۇغان كەسپىم بىلەن يېقىن ئوخشايدۇ،چۈنكى مەن تۇنجى قېتىم گۈزەل-سەنئەت كەسپىدە ئوقۇغان!

بىلگەنلىرىمنىڭ ئىنتايىن چولتا ئىكەنلىگىگە باقماي نېفىت ھەققىدە كىچىككىنە بىلگىنىمنى سۆزلەپ قويay:
نېفىتنىڭ ئورگانىك ياكى ئانائورگانىك ماددا ئىكەنلىكىنى ئالىملار تېخىچە ئايرىيالماپتۇ. ئەگەر نېفىت ئورگانىك ماددا بولسا، ئۇ قەدىمقى جانلىقلار چىرىندىلىرىنىڭ يەر پوستىغا چۆكىشىدىن ھاسىل بولغان بولىدىكەن، دىمەك ئۇنىڭ زاپىسى چەكلىك دىگەن گەپ. ئەگەر ئانائورگانىك ماددا بولسا، ئۇنىڭ زاپاس مىقتارى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ قېزىشىغا يېتىپ ئاشىدۇ دىگەن گەپ بولىدىكەن. bagdax, Nayip

(65)بۇ يىل 6-ئاينىڭ 2-كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئۆيگە كېيىۋېتىپ پويىزدا بىر بالىنىڭ بىر كىتاپنىڭ مەلۇم بېتىنى پەقەت ئۆرۈمەي كۆرۈۋاتقانلىقى كۆزۈمگە چېلىقىپ قالدى ، قىزىقىپ قېلىپ بېرىپ قارىسام بىر مۇنچە سىزىۋالغان يېرى باركەن ، يادلاۋاتقاندەك كۆرۈندى ، باشتىكى ئىككى قۇرنى ئوقۇپ باقسام كېمبىرىي دەۋرىنىڭ زامان دائىرىسى ۋە ئۇ دەۋردىكى ئاساسلىق ۋە مۇھىمراق تۈرلەرنىڭ قىسقىچە چۈشەندۈرۈلۈشى ئىكەن ، ئۇ ئېنىقكى گېئولوگىيە توغرىسىدىكى كىتاپ ئىدى ، ئەگەر شۇنداقلا مەزمۇن بولسا مەن ئاشكارا ھايات ئىئونىنىڭ تۆتىنچى دەۋرگىچە بولغان 12 دەۋردىكى شۇ توغرىلىق مەزمۇنلارنى شۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگۈچىلىكىم بار ئىدى ، گېئولوگىيە توغرىسىدا پاراڭلىشىپ باقاي دەپ گەپ باشلىسام ئۇ رەت قىلىش پوزىتسىيىسىنى بىلدۈردى ، مەن ئۆمرۈمدە گېئولوگىيە توغرىلىق كىتاپ كۆرۈپ باقمىغان ، ئەمما قىزىقىپ قېلىپ ئۆزۈم توردىن ئىزدەپ يۇرۇپ بىلىۋالغان ، ئۇ بالىنىڭ يادلاۋاتقىنى ئەمەلىيەتتە گېئولوگىيەدىكى ئەڭ ئاددىي ۋە ئەڭ ئاساسىي ئۇقۇم ئىدى ، گېئولوگىيە ئوقۇيدىغان بىر ئوقۇغۇچى ئالتىنچى ئايغا كەلگەندە مۇشۇ ئاددىي ئۇقۇملارنى يادلاپ

يۇرسە ، باشقا ئارتۇق گەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس ، ئەگەر ئۇ گېئولوگىيە ئوقۇماي فىزىكا ئوقۇغان بولسا ، ئوخشو ، تەسەۋۋۇر قىلىش تەس جۇمۇ ! مانا بۇ بەزى ئوقۇغۇچىلاردىكى ئەمەلىيەت ! bagdax, Algol1991

(66)مىنىڭچە باللار سەۋىيەلىك،تەجرىبلىك ،مەسئۇلىيەتچان ئۇستازلارنىڭ تەربىيەسىدە تەربىيەلەنسە ئۇنۇمى ئالاھىدە پەرىقلىق بۇلىدىكەن،باللىرىمنىڭ ئۇقۇشىغا قاراپ شۇنداق ھېس قىلدىم، bagdax, zar2

(67)يەنىلا ياشلاردا ئويغۇنۇش ۋە ئىزدىنىش زور بولماقتىكەن. قېرىلاردىن ھازىرچە ئۇمۇد كۈتمىدىم. ياشلارغا توغرا يول كۆرسىتىپ بېرىش مەسئۇلىيتى قېرىلاردا بولىشى مۇمكىن ئەگەر شۇنداق قابىلىيەت بولسا. ئۇنداق قابىلىيەت بولمىسا قېرىلارنىڭ ياشلارنىڭ كاللىسىنى پىقىرتىدىغانغا ھەققى يوق. ۋەتەندىن كەلگەن شۇ خەتتىن ۋەتەندىكىلەرنىڭ ھەقىقەتنى ۋەتەن مۇھىتىدا ئىزدەش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىشدىن ئىبارەت. چەتئەلچىلىك ئاستا ئاستا ۋاقتى ئۆتكەن نەرسىگە ئايلىنىدۇ. كەلگۈسى ھامان ئۆزىنىڭ روھىنى يوقاتمىغان كىشلەرگە مەنسۇپ.
bagdax, qurbanbek

## تېز كىتاب ئوقۇش ماھارىتى ھەققىدە

(68)ياخشى تېمىكەن. رەھمەت!
ھازىرقى بىلىم پارتلاش ھالىتىدە كۆپىيىۋاتقان بىر دەۋردە بىز ئۆزلىكسىز ئۆگىنىش ،ئۆمۈرۋايەت ئۆگىنىش مەسلىسىگە دۇچ كەلدۇق.كىتاپلار،ئۆگىنىدىغان ماتىرياللار بىزنىڭ ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىمىزدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن .قانداق قىلىش كېرەك؟بۇنىڭدا تېز ئوقۇش بىر تۈرلىك ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر.
بۇ تېما بەك پايدىلىق تېمىكەن.يەنە بىر قېتىم رەھمەت.bagdax, 15kun

(69)مىنىڭچە كىتابنى تېز ئوقۇپ كۆپ كىتاب ئوقۇغانغا قارىغاندا ،كىتابنى ئۈنۈملۈك ئوقۇش تېخىمۇ مۇھىم ،كىتاب ئۇقۇشتىكى مەقسەت كىتابتىن ئۆزىگە كېرەكلىك بىلىم ،ئۇچۇرغا ئېرىشىش ئۇچۇنلا ئەمەس بەلكى يەنە شۇ كىتابتىكى سۆز پاساھىتىدىن ھۇزۇرلىنىش ،سۆز پاساھىتىنى ئۆگىنىش،ئۇنى كۈندىلىك تۇرمۇش ،ئىشلەپچىقىرىش،نۇتۇق،يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا قوللىنىش ئۇچۇنمۇ ئۇقۇيمىز، مۇشۇ مەنىدىن ئىلىپ ئېيتقاندا كىتابنى بەك تېز ئۇقۇۋەتسەك بىز كىتابتىكى سۆز پاساھىتىدىن زوق ئالالماسلىقىمىز تۇرغانلا گەپyaramlik .

(70)ئاۋۋال، ئەركىنكامنىڭ پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە يەنە بىر ئەھمىيەتلىك تېما يوللىغانلىقىغا تەشەككۇر ئېيتىمەن. ئەمدى ئۆزەمنىڭ ئاددىي كۆز قارىشىنى بايان قىلاي: كىتاب ئوقۇشتا ئەڭ مۇھىمى چۈشىنىپ ئوقۇشتۇر، ئوقۇش سۈرئىتىنى قەستەن تېزلىتىشنىڭ زۆرۈرىيتى يوق، ۋاقت تېجەش ئۈچۈن؟ ئادەتتە ئۆزىمىز ئىسراپ قىلىۋەتكەن «ھەددى ھېساپسىز» ۋاقت بىلىن ھېساپلاشماي كىتاب كۆرىدىغان ۋاقتىنى تېجەيمىز دېسەك سەل ئەخمىقانىلىقمۇ قانداق، مېنىڭچە تېز ياكى ئاستا ئوقۇشنى ھەر بىر ئادەم ئۆزى تاللىۋالسۇن. bagdax, Wahyu

(71)مۇنبەردىشىمىز Wahyu نىڭ پىكرىنى مەنمۇ قوللايمەن.
كىتاب ئوقۇشتا ، كىتاب ئوقۇش سۈرئىتىمىزگە قارىغاندا ، ئىچىدىكى مەزمۇنلارنى ئالدىرىماي ھەزىم قىلىپ ، چۈشىنىپ

ئوقۇشىمىز ۋە زوروريەت تېپىلغاندا ، كىتابتىكى مەزمۇنلار بىلەن ئۆزىمىزنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىمىزنى بىرلەشتۇرۇپ ، ئويلىيالىشىمىزغا سەل قارساق تېخىمۇ بولـمايدۇ . ئۇلار ئۇچۇن ، بىزنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىمىز ھەم ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىمىزنىڭ يۇقۇرى بولۇشى ، بەكمۇ مۇھىمدۇر . bagdax, Yillarsiri

## ئالىي مەكتەپ تاللاشتا كەسىپ مۇھىممۇ ياكى مەكتەپمۇ؟

(72)پۇلغا قاراپ كېيىنكى مائاشىغا قاراپ كەسىپ تالىلماسلىق كېرەك،ئەڭ مۇھىمى يۈرەكنى تۇتۇپ بېقىش كېرەك ،بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمدا نىمىش قىسام ئۆزەمدىن رازى بولىمەن دەپ ،،،،، ئۆزى خالىغان قىززىققان كەسىپنى ئوقۇۋېلىشىمۇ ئىنتايىن چوڭ بەختلىك بىر ئىش. ئۆزى قىلامىغان ئىشقا ئېسىۋالغۇچى  قىلالايدىغان ئىشنى تېخىمۇ ياخشى قىلىش مىڭ ئەۋزەل ئىش  bagdax, yuksalbeg    .

(73)  مەن ئىچكىردىكى 211 قۇرلۇشدىكى نوقتۇلۇق ئۇۋېرستىنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرۋاتىمەن.
شۇڭا مەنمۇ ئازىراق ئۆزەمنىڭ نەچچە يىللىق ئوقۇش ۋە خىزمەتكە چىقىش ئالدىدا كەسىپ تالىلاش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىمغا بىرلەشتۇرۇپ سۆزلەپ باقاي:
ئەڭ ئاۋۋال تۇلۇق ئوتتۇردا ياخشى ئوقۇپ،211 قۇرلۇشدىكى نوقتۇلۇق ئۇنۋېرستىلارغا ئۇتۇشنى ئۇمىد قىلىمەن.
مىنىڭچە،مەكتەپلەر ئاساسەن ئوخشاش، بۇلۇپ خىزمەت تاپقان چاغدا ھېچكىم سىزنىڭ قايسى مەكتەپتە ئوقۇغىنىڭىزغا قارىمايدۇ،ئەكسىچە،سىزنىڭ قايسى كەسىپتە ئوقۇغانلىقىڭىزغا قارايدۇ.
مەمۇرلۇق ئىمتىھان ۋە باشقا خىزمەت ئىمتىھانلاردىمۇ ھەم شۇنداق. سىز ھەر قانچە ئىسىل ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بىلەن،كەسپىڭىز نۆۋەتتىكى خىزمەتچى ئېلىش كەسىپ دائىرىسىدە بولمىسا ئىمتىھانغا قاتنىشالمايسىز دىگەن گەپ.
كەسىپ تالىلغاندا،ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزى ياقتۇردىغان كەسىپنى تالىلغان ياخشى دەپ ئويلايمەن ،ئەگەر كەسىپكە قىزىقمىسىڭىز، كەسىپى دەرسلارنى ئۆگىنىش خوشياقمايدۇ، كىيىن كەسىپ ئۆزگەرتىشمۇ يوق گەپ، بۇلۇپمۇ ئىچكىردىكى ئالىي مەكتەپلەردە .  ھازىرقى بازارلىق كەسپلەر مىنىڭچە ئىقتىسادقا ئائىت كەسپلەر،قانۇنغا ئائىت كەسپلەر .... بۇلۇپمۇ مالىيە بوغالتىلىق دىگەندەك. bagdax, turantikin

# ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە ئوقۇش ۋە خىزمەت تارىخى

- 1958: ئاقسۇدا تۇغۇلغان
- 1965-1971: ئاقسۇ شەھەرلىك 4-باشلانغۇچتا ئوقۇغان
- 1971-1976: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان
- 1976-1978: ئونسۇ ناھىيىسىدە «قايتا تەربىيە» ئالغان
- 1978-1983: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا باكلاۋۇرلۇقتا ئوقۇغان
- 1983-1984: شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان
- 1984-1985: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان
- 1985-1988: ياپونىيەدە ئوقۇپ، تەتقىقات ئېلىپ بارغان
- 1988-1990: ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان
- 1990-1995: كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (Davis) تە دوكتورلۇقتا ئوقۇغان
- 1995-1997: كالىفورنىيەدىكى «ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسى» دا دوكتور-ئاشتى بولغان
- 1997-2004: كالىفورنىيە كىرىمنىي جىلغىسىدىكى ئۈچ شىركەتتە ئىشلىگەن
- 2004-ھازىرغىچە: كالىفورنىيە لوس ئانژېلىس رايونىدىكى NASA مەركىزى JPL دە ئىشلەۋاتىدۇ